# ئوسمانلى سۇلتانلىرى

«ئوغۇزلار» ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات...



ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! رادىيومىزدا ئالدىمىزدىكى بىر يىل بويىچە ئاڭلىتىلىدىغان 1299-1922- يىللىرى ئارىسىدىكى «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» نى مەزمۇن قىلىدىغان «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە «ئوغۇزلار» ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئوغۇزلار

پىروگراممىزنىڭ تېمىسىنى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن دۇنيانىڭ ئەڭ بۈيۈك ئۈچ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ بىرى دەپ قوبۇل قىلىنغان ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنى ئىدارە قىلغان سۇلتانلار تەشكىل قىلىدۇ. قەدىمكى دەۋر مەنبەلىرىدە “بىتىنيا” دەپ ئاتالغان ئانادولۇنىڭ غەربىي ساھىللىرىدا مەرمەرە دېڭىزى بىلەن ساكاريا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رايوندا 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىچىككە بىر بەگلىك ئىكەن، تەخمىنەن بىر يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان بۇ كىشىلەر كىملەر ئىدى؟ نېمىگە ئېتىقاد قىلاتتى؟ قانداق بىر ئىدارە قىلىش تۈزۈمىگە ئىگە ئىدى؟ پىروگراممىزنىڭ بۇ بۆلۈمىدە مەزكۇر سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىمىز.

ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ تۈرك ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. لېكىن تۈرك سۆزى ناھايىتى كەڭ كەتكەن بىر رايوندىكى كۆپلىگەن تۈرك قەۋمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي نامدۇر. تۈرك ئوقۇمى دائىرىسىگە مىلادىدىن ئىلگىرى دۆلەت قۇرغان ھونلار ۋە مىلادىدىن كېيىنكى ئاۋارلار، بۇلغارلار، پەچەنەكلەر، قۇمانلار، ئۇزلار، سەلجۇقلار ۋە ئوسمانلىلار كىرىدۇ. گوياكى دەۋرىمىزدە قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تۈركمەن، ئەزەرى ۋە ئانادولۇ تۈركلىرىنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش تارىختىمۇ بۇ تۈركىي قەۋملىرىنىڭ قۇرغان دۆلەتلىرى ئالدىمىزغا چىقىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تۈركلىرى ئۇيغۇر دۆلىتىنى، بۇلغارلار بۇلغار دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان. ئوتتۇرا شەرق، ئانادولۇ ۋە بالقان رايونلىرىدا بۈيۈك سەلجۇقلار، ئانادولۇ سەلجۇقلىرى ۋە ئوسمانلى دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان تۈركلەر بولسا، تارىختا ئومۇمەن ئوغۇز دەپ ئاتالغان ياكى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تۈركمەن دەپ ئاتالغان تۈركلەردۇر. لېكىن ‹كۈچ - قۇۋۋەت› دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان تۈرك نامى بېرىلگەن تۇنجى دۆلەتنىڭ كۆكتۈرك دۆلىتى ئىكەنلىكىنى ۋە تۈرك نامىنىڭ تۈركىي قەۋملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تەكىتلەش لازىم.

كۆكتۈركلەرنىڭ شەرق قانىتى غەزنەلىكلەر، خارەزىمشاھلار ۋە ھىندىستان تۈرك دۆلىتىنى قۇرغان بولسا،

غەرب قانىتى بولغان  ئوغۇزلار بۈيۈك سەلچۇقلار ئىمپېراتورلۇقى، ئانادولۇ سەلچۇقلىرى، ئارتۇقئوغۇللىرى، قارا قويۇنلۇقلار، ئاق قويۇنلۇقلار ، دۇل قادىر ئوغۇللىرى، ئانادولۇ بەگلىكلىرى، ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىغا ئوخشاش تۈرك دۆلەتلىرىنى قورۇپ چىققان.

ئوسمانلى دۆلتىنىمۇ قورۇپ چىققان ئوغۇزلارنى تارىخ سەھنىسىدە تۇنجى بولۇپ كۆكتۈرك ئابىدىلىرىدە ئۇچرىتىمىز. تۈرك تارىخىنىڭ تۇنجى يازما ھۆججەتلىرى بولغان بۇ ئابىدىلەردە كۆكتۈرك دۆلتىنى قۇرغان ئاساسلىق تەرەپلەرنىڭ بىرى بولغان ئوغۇزلارغا ئورۇن بېرىلىدۇ. بىز، تۇنجى قېتىم سەككىزىنچى ئەسىردە نامى بىلەن تونۇشقان ئوغۇزلار، ھازىرقى كۈندىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى تۈركمەنىستان، ئىران، ئەزەربەيجان ۋە تۈركىيەدە كۈچلۈك شەكىلدە داۋاملاشتۇرماقتا. بۇنىڭدىن باشقا ئافغانىستان ۋە ئىراققا ئوخشاش دۆلەتلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئوغۇز سۆزى «ئوق» ۋە «ئۇز» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئوق بىر سىياسىي ئورگانغا قاراشلىق قەبىلە دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قەدىمكى تۈركچىدىكى كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ز» ئوق سۆزى بىلەن بىرلىشىپ «قەبىلىلەر» مەنىسىدىكى «ئوقۇز» سۆزىنى ياسايدۇ. بۇ سۆز ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوغۇزغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئوغۇزلارنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىن 8 - ئەسىردە ماۋەرائۇننەھر (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ ۋە سىر دەريالىرى ئوتتۇرىسىدىكى رايون) گە كەلگەنلىكى مەلۇم. ھەتتا بىر قانىتى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى بالقان رايونىنىڭ تونا قەبىلىلىرىگىچە بېرىپ تاقىلىدۇ. لېكىن بالقان ئوغۇزلىرى مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ. ئوغۇز تۈركلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تىلشۇناسلىققا ئائىت تەتقىقاتلاردا، ئىشلىتىلگەن تۈركچىنىڭ شەرق تۈركچىسىدىن پەرقلىق غەرب تۈركچىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئوغۇزلار سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئوغۇز - يابغۇ دۆلتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئوغۇز - يابغۇ دۆلتى ئۆزىگە قاراشلىق ئوغۇز تۈركلىرىنى ئۇچوك ۋە بوزوكتىن ئىبارەت قەدىمكى تۈرك تەشكىلاتلىنىش قائىدىسىگە مۇۋاپىق شەكىلدە تەشكىللەيدۇ. بۇ دۆلەت كېيىنكى مەزگىللەردە بۈيۈك سەلچۇقلار دۆلتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

..........................................................................

ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ئوغۇزلار تۈركمەن نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىشقا باشلايدۇ. تۈركىيە سەلچۇقلىرى دۆلىتىدە ۋە كېيىنكى تۈرك دۆلەتلىرىدە ھەم تۈرك ھەم تۈركمەن نامى ئىشلىتىلىدۇ. دۆلەت تەشكىلاتى ئىچىدە ئورۇن ئالغان ۋە ئولتۇراق ھاياتقا ئۆتكەنلەر تۈرك، كۆچمەن ھالەتتە ياشايدىغانلار تۈركمەن دېيىلىشكە باشلايدۇ. بۇ چۈشەنچە ئوسمانلى دەۋرىدىمۇ داۋاملىشىدۇ. ئوسمانلى قانۇنناملىرىدە تۈرك ۋە شەھەرلىك دېگەن سۆزلەر مەنىداش شەكىلدە ئىستىمال قىلىنسا، تۈركمەن كۆچمەن ھاياتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ.

ئوغۇزلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان ئىككى ئاساسلىق مەنبە بار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى مەھمۇد كاشغەرى تەرىپىدىن ئەرەبلەرگە تۈركچە ئۆگىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان ئىزاھاتلىق تۈركچە - ئەرەبچە لۇغەت «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسەردۇر. ئىككىنچىسى رەشىدۇددىنىنىڭ «ئوغۇزنامە» ناملىق ئەسىرىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردىكى ئوغۇزنامىلەرمۇ بار. يۇقىرىقى مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئوغۇز ئەنئەنىسىگە كۆرە ئوغۇزخاننىڭ ئۈچ چوڭ ئوغلى بولغان گۈن، ئاي ۋە يۇلتۇز خان ئوغۇزلارنىڭ بوزوك قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. باشقا ئۈچ ئوغلى ئاسمان، تاغ ۋە دېڭىزخان بولۇپ، بۇلار ئوغۇزلارنىڭ ئۈچوك قانىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ جەمئىي ئالتە ئوغلى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تۆتتىن ئوغلى بولغان، شۇنىڭ بىلەن، 24 ئوغۇز شەكىللەنگەن. ئوغۇزلارنىڭ ئەنئەنىسىگە كۆرە، ئەڭ چوڭ ئوغۇلنىڭ ئەۋلادى ھاكىمىيەتنى داۋاملاشتۇرىدىغان باشقۇرغۇچى بولۇشى كېرەك. ئوغۇزخاننىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلى گۈنخان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى قايى، بايات، ئالقائەۋلى ۋە قارائەۋلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاكىمىيەت قايى قەبىلىسىدىن كەلگەن بىرىنىڭ قولىدا بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەسلىدە ئىدارە قىلىش ئىشلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىككىگە ئايرىلىدىغان ئوغۇزلارنىڭ بۇ بوزوك قانىتىغا ئائىت ئىدى. بۇلار بولسا، ئاي خاننىڭ نەسلىدىن بولغان يازىر، دۆگەر، دودۇرغا ۋە ياپارلى ئوغۇزلىرى بىلەن يىلدىز خاننىڭ

نەسلىدىن كەلگەن ئاۋشار، قىزىق، بەيدىللى ۋە قارگىن قەبىلىسىدىندۇر. بۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئوغۇزلارنىڭ ئىككىنچى قانىتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاۋجۇقلار ئارىسىدىمۇ ھۆكۈمدارلار چىقىدۇ. گۆكخاننىڭ نەسلىدىن بولغان بايىندىر، بەچەنە، چاۋۇلدۇر ۋە چەپنى قەبىلىلىرىنىڭ ئىزىدىن داغ خاننىڭ نەسلىدىن كەلگەن سالۇر، ئەيمۇر، ئالايۇنتلۇ ۋە يۈرەگىر قەبىلىلىرى كېلىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ كىچىك ئوغلى دېڭىزخاندىن بولسا يىغدىر، بۈگدۈز، يىۋا ۋە قىنىق قەبىلىرى كېلىدۇ.

ئوغۇزلارنىڭ ئاۋجۇق قانىتىدىن كەلگەن قەبىلىلەردىن يىۋا قەبىلىسى قارا قويۇنلۇ دۆلىتىنى، قىنىق قەبىلىسى بۈيۈك سەلچۇقلار دۆلىتىنى، يۈرەگىر قەبىلىسى رامىزان ئوغۇللىرى بەگلىكىنى، بايىندىر قەبىلىسى ئاققويۇنلۇ دۆلىتىنى قۇرىدۇ. بوزوك قانىدىن كەلگەن ئاۋشار قەبىلىسى گەرمىيان ئوغۇللىرى ۋە قارامان ئوغۇللىرى، قايىلار بولسا، ئوسمانلى دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

...........................................................................

بۇ يەردە تەكىتلىنىشى كېرەك بولغان نۇقتا، ئوسمانلىلارنىڭ ئۆزلىرىنى قايىلارغا باغلاش ئىستىكىدۇر. چۈنكى سۇلتان ئىككىنچى مۇرات مەزگىلىدە، بولۇپمۇ 14- ۋە 15- ئەسىرلەر بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئىسلامىيەتنى يېڭى قوبۇل قىلغان كۆپلىگەن تۈركمەنلەر ئىران - خۇراسان يولى ئارقىلىق ئانادولۇغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كونا ئېتىقادلىرىنى ساقلاپ قالغانلارمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى ئوغۇز ئەنئەنىلىرى كۈچلۈك شەكىلدە داۋاملىشىدۇ. ئوسمانلىلارمۇ بۇ كىشىلەر ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئوغلى قايىنىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكلىرىگە دائىر شەجەرىلىرىنى يازىجىزادەگە ئوخشاش تارىخچىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھازىرقى كۈندە مەزكۇر شەجەرە بىر قىسىم تارىخچىلار تەرىپىدىن ئۇيدۇرما دەپ قارالسىمۇ، مۇھىم بولغىنى ئوسمانلىلارنىڭ

ئوغۇز ئەنئەنىسى ۋە ئادەتلىرىنى ئالدىنقى پىلانغا چىقىرىش ئارقىلىق ئوغۇزخانغا ئوخشاش تۈركمەنلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىم.

ئوسمانلىلار گەرچە ئوغۇز ئەنئەنىلىرىدىن پايدىلىنىپ تۈرۈپ تۈركمەنلەر ئۈستىدىكى ھۆكۈمدارلىقنى قانۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، قەبىلىۋازلىق قىلىشتەك ئەرزىمەس سىياسەتلەرنى يولغا قويمىغانىدى. باشقا ئوغۇز قەبىلىلىرىنى باغرىغا قانداق باسقان بولسا، قۇرغان دۆلىتىدە تۈركىي قەۋملەرگىمۇ ئورۇن بېرىدۇ. ھەتتا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان، ھەق دىنغا ئىمان كەلتۈرگەن بارلىق كىشىلەرگە قۇرۇلغان ئىمپېراتورلۇق ئىچىدىن ئورۇن بېرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قىسقا مۇددەت ئىچىدە كېڭەيگەن ئوسمانلىلار كۆچمەن ھاياتتىن ئولتۇراق ھاياتقا ئۆتۈش يولىنى تاللايدۇ. چۈنكى كۆچمەنلىك تەشكىلاتلىنىش، دۆلەتلىشىش سۈرئىتىنى قانچىلىك ئاشۇرسا، ئەينى شەكىلدە بۇ قورۇلمىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا دۆلەتنىڭ يىمىرىلىشى سۈرئىتىنىمۇ شۇنچىلىك ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوسمانلىلار بەگلىكتىن دۆلەتكە ئۆتۈش مۇساپىسىدە كۆچمەن ئوغۇز قەبىلىلىرىنى ئولتۇراقلىشىش تۈزۈمى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئولتۇراق ھاياتقا ئۆتۈشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق نوپۇسنى تىزىمغا ئېلىش بىلەن بىرگە، باج كىرىمنى تېخىمۇ مۇھىم ھالغا كەلتۈرىدۇ. بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە دۆلەت سۈرئەت بىلەن كېڭىيىپ ئىمپېراتورلۇققا ئايلىنىدۇ. ئوسمانلىلار ئۈچۈن قايى قەبىلىسىدىن بولۇش، تۈركمەنلەر ئىچىدە ئوغۇز ئەنئەنىسىدىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەت تەلەپ قىلىدىغانلارغا قارشى كۈچلۈك بىر كوزىر ئىدى. لېكىن ئوسمانلى دەۋرىدىمۇ، زامانىمىزدىمۇ ئوغۇزلارنىڭ 24 قەبىلىسىدىن كەلگەن يەر – جاي ناملىرى، كىشى ئىسىملىرىنى ئانادولۇنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا ئىزچىل ھالدا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بىرىنچى قىسمى بولغان «ئوغۇزلار» تېمىسى ئاستىدىكى مەخسۇس پىروگراممىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى - 02

## ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر پەرقلىق قاراشلار

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمدە «ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر قاراشلار» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز.

«ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر قاراشلار»

ئومۇمەن 1299 - يىلى مەرمەرە دېڭىزى بىلەن ساكاريا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رايوندا قۇرۇلغان ئوسمانلى بەگلىكىنىڭ تەخمىنەن بىر يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، قانداق بولۇپ دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ دۆلەتگە ئايلانغانلىقىغا دائىر سوئال ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىلىم ئەھلى تەرىپىدىن تەتقىق ۋە بەس - مۇنازىرە قىلىنماقتا. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تارىخچىلارنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى قاراشلىرىغا ئورۇن ئاجرىتىشتىن ئىلگىرى 13 - ۋە 14 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، ئانادولۇ ۋە بالقان رايونىدىكى سىياسىي قۇرۇلما بىلەن تونۇشۇپ چىقىشنى پايدىلىق بولىدۇ دېگەن قاراشتىمىز.

13 - ئەسىردە ئانادولۇ سەلچۇقىيلار ھاكىمىيىتى يىمىرىلىدۇ، دائىرىسى كىچىكلەپ كەتكەن سەلچۇقىيلار دۆلىتى ۋە ئوتتۇرىغا چىققان ئانادولۇ بەگلىكلىرى موڭغۇللار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىران ئىلخانىلار دۆلىتىنىڭ ئەگەشكۈچىسىگە ئايلىنىدۇ. ئوسمانلىلار، ۋىزانتىيەگە قوشنا كىچىك بىر بەگلىكتۇر. ۋىزانتىيەمۇ 1204 - يىلىدىكى 4 - ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن بۇرۇنقى كۈچىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئىستانبۇل ۋە ئەتراپى بىلەن چەكلىنىدىغان كىچىك بىر دۆلەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بالقان رايونىدا بۇلغارلار ۋە سىرپلارنىڭ چارلىقلىرى رايوننىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلىرى بولىدۇ. ئوتتۇرا شەرقتە بولسا، مىسىر، ئۇردۇن (ئىئوردانىيە) ۋە سۇرىيەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەملۇكىيلار بار ئىدى. بۇ سىياسىي مۇۋازىنەتنىڭ 14 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئىككى ئاساسلىق مەسىلە مەيدانغا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى، ئوسمانلىلارنىڭ 1354 - يىلى گەلىبولۇنى قولغا كىرگۈزۈپ سۈرئەت بىلەن بالقان رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلىشى، يەنە بىرى بولسا 1370 ۋە 1404 - يىللار ئارىسىدا شەرقتە جۇڭگو چېگرىسىغا، غەربتە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا ۋە ئوتتۇرا دېڭىزغا، شىمالدا قازاق بوزقىرلىرىغا، جەنۇبتا ئىندۇس دەرياسىغا قەدەر سوزۇلىدىغان رايوندا بىر ئىمپېراتورلۇق قۇرۇپ چىققان تىمۇرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر. ئوسمانلىلارنىڭ بەگلىكتىن ئىمپېراتورلۇققا ئۆتۈش مۇساپىسى بۇ دۆلەتلەر بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشنىڭ نەتىجىسىدە مۇئەييەنلىشىدۇ.

بۇ كۈرەشتە، كىچىك بىر بەگلىكتىن دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر ئىمپېراتورلۇقنىڭ قانداق ئوتتۇرىغا چىققانلىقى مەسىلىسى زامانىمىزدىمۇ كۈچكە ئىگە بولغان ۋە تەتقىق قىلىنىۋاتقان بىر مەسىلە. تارىخىي نۇقتىدىن بۇ سوئالغا تۇنجى جاۋاب بەرگەن تەتقىقاتچى مەشھۇر تارىخچى خامېردۇر. 1827 - يىلى خامېر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە كېيىنچە مەسىلىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان تارىخچىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان قاراشقا ئاساسلانغاندا، دۆلەتنىڭ تۇنجى ھۆكۈمدارى ئوسمان غازى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سىياسىي تەشكىلاتلىنىشنىڭ نامى ئوسمانلى دەپ ئاتىلىدۇ. خامېر تەكىتلىگەن يەنە بىر ئامىل

بولسا ، بەگلىكنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئېتىبارەن ئالەمشۇمۇل بىر ئىمپېراتورلۇققا ئېلىپ بارىدىغان پىرىنسىپلار ئۇستىگە قۇرۇلغان بولۇشىدۇر. خامىېرغا كۆرە ئوسمانلىلار ، بەگلىكتىن دۆلەتكە ئۆتۈش مۇساپىسىدە تۈنجى دۆلەت تەشكىلاتىنى قۇرغان چاغدا ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئانادولۇدا بىر ئىمپېراتورلۇق قۇرغان سەلچۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ مۇئەسسەسەلىرىنى ئەينەن يولغا قويىدۇ. لېكىن دۆلەتتىن ئىمپېراتورلۇققا ئۆتۈش مۇساپىسىدە سەلچۇقىيلارنىڭ مۇئەسسەسەلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ ، ئاباسىيلار دۆلتى ۋە قەدىمكى ئىران ئىمپېراتورلۇقلىرىنى ئۈلگە قىلىدۇ. خامىېرنىڭ قارىشىچە يەنە ، فاتىھ مەزگىلىدە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ تەسىرىگىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ئۇچرايدۇ.

.......................................................................

خامىېردىن تەخمىنەن بىر ئەسىر كېيىن ، 1916 - يىلى «ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قۇرۇلۇشى» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغان ئامېرىكىلىق مۇخبىر خ.ئا گىببونس ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش مەسىلىسى ئۇستىدە يەنە بىر قېتىم توختىلىدۇ. گىببونسنىڭ قارىشىچە ، ئوسمانلى دۆلىتىنى قۇرغان 400 چېدىرلىق تۈركمەن ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ ، يېڭى بىر دىنىي غەيرەت ئىچىدە ۋىزانتىيەنىڭ ئۇچ رايونىغا ئىسلامىيەتنى تارقىتىش ئۈچۈن غازاتقا ئاتلىنىدۇ. بۇ سىياسەتنىڭ نەتىجىسىدە ئىسلاملىشىش يالغۇز تۈركمەن گۇرۇپپىلار ئارىسىدىلا ئەمەس ، رايوندىكى مەۋجۇت تۈرك بولمىغان قەۋملەر ئارىسىدىمۇ ئىشقا ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسمى ئوسمانلى دەپ ئاتالغان بۇ يېڭى مىللەت ، بىر جاھان ئىمپېراتورلۇقى بولغان ئوسمانلىنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشىغا ئالاقىدار قاراشلاردىن پەرقلىق يېڭى پىكىرلەر ، 1935 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى زامانىۋىي تارىخچىلىقىنىڭ ئاساسچىسى دەپ قارىلىدىغان ۋە ئوسمانلى سەدرىئەزەم ئائىلىسىنىڭ مەنسۇبى بولغان فۇئات كۆپرۈلۈ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كۆپرۈلۈنىڭ قارىشىچە

ئوسمانلى بەگلىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى 13 - ئەسىر سەلچۇقىيلار تۈركىيەسىدىكى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي هادىسىلەرنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ ئەسىردە ئۈچ رايونغا خوراسان يولىنى بويلاپ ئانادولۇغا كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق كۆچىلگەن تۈركمەن يەرلىشىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئانادولۇدىكى كۆچىلگەن جايلار يېڭىدىن پەتهى قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت مەهەللىي بىر مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان سەلچۇقىيلار تۈركىيەسىنىڭ ئالىي ئىلىم مەركەزلىرىدىن كەلگەن دىنىي ئالىملار ۋە شەهەرلىك كەسىپ ئەهلىلىرى دۆلەتنىڭ تەشكىلاتلىنىشىدا ئۆز ئالدىغا رول ئوينايدۇ. خامىر ۋە گىببونسىنىڭ ئەكسىچە كۆپرۈلۈ، ئوسمانلىلارنىڭ ۋىزانتىيە مۇئەسسەسەلىرىنى ئەينەن ئىجرا قىلمىغانلىقىنى ۋە سەلچۇقىيلار ئارقىلىق قەدىمكى تۈرك - ئىسلام دۇنياسىدىن كەلگەن كۆچىلگەن ئورگاندىن ئېلىنغانلىقىنى ۋە ئوسمانلى دۆلىتىنى ئوغۇز قايى قەبىلىسىنىڭ قۇرۇپ چىققانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

1937 - يىلى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان يەنە بىر تارىخچى بولسا، ئاۋۇستىرالىيەلىك مەشهۇر تەتقىقاتچى پائۇل ۋىتتېك بولدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئوسمانلى دۆلىتى شەكىللەندۈرگەن ئاساسلىق ئامىل ئۈچ رايوندا هاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋە ئۈچ مەدەنىيىتى دەپ ئاتالغان هايات شارائىتىدۇر. ئوسمانلىلار، غازات پىكرىنى جانلاندۇرۇش ئارقىلىق بەگلىكلىرىنى قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە بۇ ئەنئەنىسىنى 14 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بالقان رايونىغا كېڭەيتىدۇ. دۆلەتنىڭ تەشكىلاتلىنىشى يۇقىرى تەلىم - تەربىيە ئالغان ۋە سەلچۇقىيلار تۈركىيەسىنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىملار تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئۇلار سەلچۇقىيلار دۆلىتىدىن ئىگىلىگەن پىكىرلىرىنى بۇ يېڭى دۆلەتتە ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كۆپرۈلۈ ۋە ۋىتتېكىنىڭ قاراشلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋىتتېكنىڭ غازات پىكرىنى ئالدىنقى پىلانغا چىقىرىشىدۇر.

.....................................................................

ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان باشقا تارىخچىلار يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان بەش تەتقىقاتچىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان ياكى ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ باشتا مەشھۇر تۈرك تارىخچىسى خالىل ئىنالجىكنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئىنالجىك 1980 - يىلى يازغان بىر پارچە ماقالىسىدە بۇ مەسىلە ھەققىدە كۆپرۈلۈ ۋە ۋىتتېكنىڭ نەزەرىيەلىرىنى رەت قىلمىغان ئاساستا، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر نۇقتىنى ئالدىنقى پىلانغا چىقاردى. ئۇنىڭ قارىشىچە بولۇپمۇ 13 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئانادولۇدا كۆرۈلگەن كۈچلۈك نوپۇس ھەرىكەتلىرى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغان. ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى دەسلەپتە بىتىنىيا، ئارقىدىن رۇم ئەلى (بالقان رايونى) دە مەزكۇر ھەرىكەتچان ئىنسان كۈچىگە تايانغان ھالدا بىر ھەربىي سىياسەتنى يولغا قويغان ۋە قەدەممۇ قەدەم بىر يېرىم ئەسىر ئىچىدە جاھان ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرۇپ چىققان.

1983 - يىلى ئامېرىكىلىق تارىخچى ۋە ئانتروپولوگ رۇدى پائۇل لىندنېر بولسا، 13 ۋە 14 - ئەسىر ئانادولۇسىدىكى تۈرك قەبىلە ئالدىنقى پىلانغا چىقارغان قاراشلىرى بىلەن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىزاھلاشقا تىرىشىدۇ. بۇ دەۋردە بىتىنيادىكى تۈرك قەبىلە قورۇلمىسىنىڭ قان ۋە نەسەپنى چىقىش قىلىدىغان، لېكىن باشقىلارنى چەتكە قاقمايدىغان، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان روھنى تەكىتلەيدۇ. بۇ قەبىلە چۈشەنچىسىنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانلىقىنى، دۆلەتلىشىش مۇساپىسىگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن بولسا، ئوسمانلىلارنىڭ بۇ ئاساستىن يىراقلاشقانلىقى، كېلىپ چىقىش مەنبەسىدىن ياتلاشقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەلۋەتتە يۇقىرىقى تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قاراشلىرىنىڭ نىسبەتەن بولسىمۇ توغرا تەرەپلىرى بار. لېكىن پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئېشىپ بېرىۋاتقان ئوسمانلىغا ئالاقىدار تەتقىقاتلار، ئوسمانلىلارنىڭ تۈرك خاراكتېرى، ساراي ۋە ئىدارە قىلغۇچىلار ئارىسىدا ئىستىمال قىلىنىدىغان تۈرك تىلىنى شۈبھىسىز شەكىلدە

تەكىتلەيدۇ. لېكىن ئوسمانلىلارنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى رىم، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقلىرىغا ئوخشاش كۆپ دىنلىق، كۆپ مىللەتلىك ۋە كۆپ ئېتىقادلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. ئوسمانلىلارنىڭ ئاقىلانە دەپ قارىغان پىكىر ۋە سىياسەتلەرنى بۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىسلام دۇنياسى، رىم ياكى ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقلىرىغا ئائىت بولۇشىغا قارىماي پايدىلانغانلىقى ۋە ھۆكۈمدارلىقى ئاستىدىكى بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاق قىممەت ـ قاراشلارنى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشقانلىقىنى تەكىتلىشىدۇ. تەتقىقاتچىلار، بۇ چۈشەنچىنىڭمۇ ئوسمانلىنى بەگلىكتىن ئىمپېراتورلۇققا ئايلاندۇرغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پروگراممىمىزنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە «ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر قاراشلار» ناملىق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى - 03

### «ئەرتۇغرۇل غازى» نىڭ قىسقىچە ھاياتى ۋە ئوسمانلىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات...

ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە «ئەرتۇغرۇل غازى (ۋاپاتى 1282 - يىلى)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز.

«ئەرتۇغرۇل غازى (ۋاپاتى 1282 - يىلى)»

تۈركىيە ئاۋازى رادىئوسى: ئەرتۇغرۇل غازى ئوسمانلى دۆلىتىگە نامى بېرىلگەن ۋە بىرىنچى ئوسمانلى سۇلتانى دەپ قوبۇل قىلىنىدىغان ئوسمان بەگنىڭ ئاتىسىدۇر. بۇ يەردىكى «غازى» سۆزى ئۇنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئەرتۇغرۇلنىڭ سۈپىتىدىنمۇ چىقىپ تۇرغىنىدەك ھاياتى ئۇرۇشلار بىلەن ئۆتكەن، ھۆكۈمدارى بولغان قايى قەبىلىسىگە مەنسۇپ بىر قىسىم تۈركمەنلەرگە ئانادولۇدىن ماكان ئىزدىگەن بىر داھىيدۇر. بىر قاراشتا ئەرتۇغرۇل غازىنىڭ ھاياتى ئوسمانلىلارنىڭ ئانادولۇغا قانداق كەلگەنلىكى، سەلچۇق سۇلتانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ۋە ۋىزانتىيە چېگراسىدا بىر ئۇچبەگلىكى قۇرۇشىنىڭمۇ تارىخىي دېمەكتۇر.

ئۆز دەۋرىنىڭ ئەسلى مەنبەلىرىدە ئەرتۇغرۇل غازىغا ئائىت ناھايىتى ئاز مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭ توغرىسىدىكى بۇ ئاز مەلۇماتمۇ كۆپىنچە داستان، رىۋايەت شەكلىدىكى مەلۇماتلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئەرتۇغرۇل غازى 1190 - يىللاردا دۇنياغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بەزى مەنبەلەردە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى سۇلەيمان شاھ دەپ بېرىلگەن بولسىمۇ، باشقا مەنبەلەر گۈندۈز ئالپنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يېقىنقى زاماندا تېپىلغان ئوسمان بەگكە ئائىت بىر كۈمۈش مېتال پۇلدا «ئوسمان بىن ئەرتۇغرۇل بىن گۈندۈز ئالپ» يەنى گۈندۈز ئالپنىڭ ئوغلى ئەرتۇغرۇلنىڭ ئوغلى ئوسمان دېگەن ئىبارە بار. بۇ پۇل ئەرتۇغرۇلنىڭ ئاتىسىنىڭ دەل ئۆزىگە ئوخشاشلا ئىسمى تۈركچە بولغان ۋە ئوغۇزنامىلەردىكى شەجەرىلەردىمۇ قەيت قىلىنغان گۈندۈز ئالپ ئىكەنلىكىدە شۈبھە قالمايدۇ.

قايى قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئەرتۇغرۇل غازىنىڭ ئەجدادلىرى ئانادولۇنىڭ تۇنجى پەتھى قىلىنىشى ئەسناسىدا بۈيۈك سەلچۇق سۇلتانى تۇغرۇل بەگ ۋە ئالپ ئارسلاننىڭ قوماندانلىرى قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ دەسلەپتە ھازىرقى تۈركىيەنىڭ شەرقىي ئانادولۇ رايونىدىكى بىتلىس ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئاھلات رايونىغا كېلىدۇ ۋە بۇ يەردە ئانادولۇغا قارىتىلغان غازات ۋە پەتھى قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. 13 - ئەسىرنىڭ

باشلىرىدا ئاھالات رايونىنىڭ موڭغۇللارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن شەرقىي ئانادولۇدا بىر دۆلەت قۇرغان ۋە ئوسمانلىلارغا ئوخشاشلا قايى قەبىلىسىگە قاراشلىق ئارتۇق ئوغۇللىرىنىڭ ھۆكۈمدارلىقى ئاستىدىكى ماردىنغا كېلىدۇ. ئەرتۇغرۇل غازىنىڭ ئاتىسى گۈندۇز ئالپىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى بۇ تۈركمەنلەر موڭغۇللارنىڭ بېسىمى بىلەن غەرب تەرەپكە يۈرۈشۈپ، دەسلەپتە ئەرزۇرۇمغا قاراشلىق پاسىنلار يايلىقىغا ئورۇنلىشىدۇ. بۇ جەرياندا گۈندۇز ئالپ كېسەل بولۇپ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ ۋە ئورنىغا ئەرتۇغرۇل غازى ئولتۇرىدۇ.

موڭغۇللارنىڭ بېسىمى پاسىنلار يايلىقىدىمۇ ھېس قىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئەرتۇغرۇلغا قاراشلىق تۈركمەنلەر يېڭى بىر ماكان ئىزدەشكە باشلايدۇ. ئەرتۇغرۇل غازىنىڭ ئاكىلىرى سۇنگۇر تەكىن ۋە گۈندۇغدۇلار ئاخلاتقا قايتقان بولۇشىغا قارىماي ئەرتۇغرۇل غازى بىر تۇغقىنى دۈندار بەگ بىلەن بىرلىكتە غەربكە قاراپ ھەرىكەت قىلىپ، سۆۋاس ئەتراپىغا كېلىدۇ. بۇ ئەسنادا ئوسمانلىلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. ئەرتۇغرۇل غازى سۆۋاس ئەتراپىدا تۇرىۋاتقاندا، سەلجۇق قوشۇنى بىلەن كۆپ ساندىكى موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇشقا كىرگەنلىكى، سەلجۇقلارنىڭ يېڭىلىشكە يۈز تۇتقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇرۇشقا ئىشتىراك قىلغان ئەرتۇغرۇل غازىنىڭ ئوسمانلىلارغا ياردەم قىلىشى بىلەن ئۇرۇشنىڭ سەيرى ئۆزگىرىدۇ ۋە ئۇرۇشتا سەلجۇق قوشۇنى غەلىبە قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ، 1230-يىلىدا سەلجۇق سۇلتانى بىرىنچى ئالائۇددىن كەيكۇبات بىلەن خارەزىمشاھلار ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن ياسسىچىمەن ئۇرۇشى ئىكەنلىكىنى تارىخىي مەنبەلەردىكى ئۇچۇرلاردىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

...........................................................................

سەلجۇق سۇلتانى بىرىنچى ئالائۇددىن كەيكۇبات ئەرتۇغرۇل غازىنىڭ بۇ ئۇرۇشتا قىلغان ياردىمىنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە ئەنقەرەگە يېقىن قاراجا تاغ ۋە ئەتراپىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. ئوسمانلىلار بىر مەزگىل بۇ

يەردە تۇرىدۇ. ئارقىدىن ئەرتۇغرۇل غازى ئوغلى ساۋجى بەگنى سۇلتان ئالائىددىن كەيكۇباتقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ماكانلىشىش ئۈچۈن يېڭى بىر يەر بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. كېرەكلىك رۇخسەتلەرنى ئالغاندىن كېيىن غەربكە قاراپ ھەرىكەت قىلىپ ۋىزانتىيە چېگرىسىغىچە كېلىدۇ ۋە تۆۋەن ساكاريا ھاۋزىسىدىكى سۆگۈت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا ئورۇنلىشىدۇ. بۇ يەرلەر كېيىنچە ئوسمانلى دۆلتى قۇرۇلىدىغان جاي بولۇپ قالىدۇ. 1231 - يىلى ۋىزانتىيەگە قارشى يۈرۈش قىلغان سەلچۇق سۇلتانى سۇلتان ئۆيۈن (ھازىرقى ئەسكىشەھىر) گە كەلگەندە ئەرتۇغرۇل بەگمۇ ئادەملىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ قوشۇنغا قېتىلىدۇ. ئىزنىك، رىم ئىمپېراتورى تېئودوروس لاسكارىسنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سەلچۇق قوشۇنى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئەرتۇغرۇل غازىنىڭ ئادەملىرىنىڭ تۆھپىسى بىلەن قولغا كىرگۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەلچۇق سۇلتانى ئەرتۇغرۇل غازىگە ئەسكىشەھىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى بېرىدۇ. 1232 - يىلى ئەرتۇغرۇل غازى قاراھىسار (قاراجا ھىسار) نى قورشاپ قولغا كىرگۈزىدۇ. شەھەرنىڭ رىم ھۆكۈمدارىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى بىلەن بىرلىكتە سۇلتان ئالائىددىن كەيكۇباتقا يوللايدۇ. غەنىمەتنىڭ ئېشىپ قالغىنىنى غازىلارغا بۆلۈپ بېرىدۇ. بۇ غەلىبىسىدىن كېيىن ئەرتۇغرۇل غازى سۆگۈتكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەرنى قولغا كىرگۈزىدۇ. سەلچۇق سۇلتانىنىڭ بۇ يەرنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىشى بىلەن بىرلىكتە بەگلىكىنىڭ مەركىزىنى سۆگۈتكە يۆتكەيدۇ.

ئەرتۇغرۇل غازى سۆگۈتكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۆزگىچە بىر سىياسەتنى يولغا قويىدۇ. ئۇ، مەركىزى ئىزنىك ۋە ئىستانبۇلغا جايلاشقان ۋىزانتىيە دۆلىتىگە قارشى يۈرۈش قىلىشنى باشلاش بىلەن بىرگە، رايوندىكى مەھەللىي رىم بەگلىكلىرى (تەكفۇرلىرى) بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. بۇ يەردە ئۆزىگە ئوخشاشلا ئۈچ بېگى بولغان باشقا تۈركمەن بەگلىكلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ھاكىمىيەت مۇجادىلىسىنىڭ تەسىرى بار بولۇشى مۇمكىن. ئەرتۇغرۇل غازى ئۆزىگە ئوخشاش قايى قەبىلىسىدىن كەلگەن ۋە سەلچۇقلارنىڭ كاستامونۇ ئۈچ بېگى بولغان ھۇسامەددىن چوباننىڭ ئوغۇللىرى بىلەنمۇ ياخشى مۇناسىۋەت

ئورنىتىدۇ. ئەرتۇغرۇل غازى يىبرىم كۆچمەن ھالەتتىكى بىر خىل ھايات شەكلىدە ياشايدۇ، قىشنى سۆگۈتتە، يازلىرىنى دومانىچ يايلىقىدا ئۆتكۈزىدۇ. ۋىزانتىيە ۋە باشقا ئۈچ بەگلىكلىرىگە قارشى كۈرەشتە ئاكچاكوجا، سامسا چاۋۇش، قارا تەكىن، ئايقۇت ئالپ ۋە قونۇر ئالپقا ئوخشاش تەجرىبىلىك ئۈچ بەگلىكلىرىنىمۇ ئەتراپىغا توپلايدۇ. بۇ بىرلىك ئوسمانلىنى كۈنسىرى كۈچلەندۈرۈپ، رايوننىڭ مۇھىم سىياسىي كۈچلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردۇ.

..................................................................................

ئەرتۇغرۇل غازى غەربىي ئانادولۇدا سەلچۇقلارغا قاراشلىق بىر ئۈچ بېگى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 1279- يىلىغا قەدەر پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇردۇ. مەنبەلەردە، ئۇ زامانلاردا ئەرتۇغرۇل غازىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە ھۆكۈمدارلىقنى ئوغلى ئوسمانغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ ۋە ئەرتۇغرۇل غازى 90 ياشتىن ئاشقان بولۇپ، 1282- يىلى ئۆلۈپ كەتكەن دەپ قارىلىدۇ.

ئەرتۇغرۇل غازى ھايات ۋاقتىدا سۆگۈت مەركىزىدە ئۆز نامىدا بىر جامە سالدۇردۇ. بۇ جامە ئەرتۇغرۇل غازى دەۋرىدە سېلىنغان بىردىن بىر بىناكارلىق ئەسىرى دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ جامە تۈنجى ھالىتىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بىر شەكىلدە ئىنشا قىلىنىدۇ ۋە ئەسلى ھالىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. 1956- يىلى يېڭىدىن سېلىنغان ئەرتۇغرۇل غازى جامەسى رېمونت قىلىنىدۇ.

ئەرتۇغرۇل غازى ۋاپات بولغاندىن كېيىن سۆگۈتتە دەپنە قىلىنىدۇ. كېيىنچە ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى بولىدىغان نەۋرىسى ئورھان بەگ تەرىپىدىن سۆگۈتتە بىر مەقبەرە ئىنشا قىلىنىدۇ. ئوسمانلىلار پايتەختلىرىنى بۇرسا، ئەدىرنە ۋە ئاخىرىدا ئىستانبۇلغا يۆتكىگەن ۋە ئۆز دەۋرىدە دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرغان بولسىمۇ، ئانا ۋەتىنى ۋە ئەجدادلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئورھان تەرىپىدىن ئىنشا قىلىنغان بۇ مەقبەرەنى 1757- يىلى ئۈچىنچى مۇستافا، 1882- يىلى ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد رېمونت

قىلدۇرىدۇ ۋە بىر قىسىم يەرلىرىگە ئىلاۋە قۇرۇلۇش قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مەقبەرەنىڭ سۇلتان ئابدۇلھەمىد تەرىپىدىنمۇ رېمونت قىلدۇرۇلغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ مەقبەرەدە يالغۇز ئەرتۇغرۇل غازىلا ئەمەس، ئۇنىڭ رەپىقىسى ھەلىمە خاتۇن، بىر تۇغقىنى دۈندار بەگ ۋە ئوغلى ساۋجى بەگ قاتارلىقلارنىڭ قەبرىلىرىمۇ بار. يەنە 1326- يىلى بۇرسا پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ۋەسىيىتىگە ئاساسەن جەستى بۇرساغا يۆتكەلگەن ئوسمان غازىنىڭ قەبرىسىمۇ بۇ يەردىدۇر. ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد پەقەت ئەرتۇغرۇل غازىنىڭ قەبرىسىنى رېمونت قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، قايى قەبىلىسىدىن كەلگەن قارا كەچىلى دەپ ئاتىلىدىغان تۈركمەنلەرنى مۇھاپىزەت قىسمى قىلىپ تەيىنلەپ سارايدا ۋەزىپە بېرىدۇ. ئوسمانلىنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى ئانادولۇدىكى يىلتىزلىرىنى جانلاندۇرۇش ئارزۇسىنى چىقىش قىلىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتى ۋۇجۇدقا چىققان بۇ زېمىنلارغا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، 1970- يىللاردا ئەرتۇغرۇل غازى مەقبەرىسىنىڭ ئالدىدىكى ساھەگە تارىختىكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ ھەيكەللىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئارقىلىق زامانىمىزدىكىلەر ئەرتۇغرۇل غازىغا بولغان مۇھەببىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا، ھەر يىلى سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ كەلمەكتە. مەھەللىي كېيىملەرنى كىيگەن ھالدا ئاتلىرىغا مىنىپ، قوللىرىدا بايراق «دۇئا ئورنى» دېگەن ئېگىز بىر تۈزلەڭلىكتىن سۆگۈتكە كىرىدۇ ۋە ئەرتۇغرۇل غازىنىڭ قەبرىسىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئاندىن قۇربانلىقلار كېسىلمەكتە، بۆلارنىڭ گۆشلىرى بىلەن پىشۇرۇلغان پولو جامائەت بولۇپ يېيىلگەندىن كېيىن، قۇرئان ۋە مەۋلۇت ئوقۇلۇپ، چېلىشىش، نەيزىۋازلىق دېگەندەك مىللىي ئويۇنلار ئوينىلىپ كەلمەكتە. دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابلىرى ھەر يىلى بۇ خىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشماقتا. قىسقىسى يۇقىرىقى پائالىيەتلەر غەيرى رەسمىي سالاھىيەتكە ئىگە بولماقتا.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى»ناملىق پىروگراممىمىز بويىچە «ئەرتۇغرۇل غازى (ۋاپاتى 1282-يىلى)» ناملىق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


FahamettinBaşar, “Ertuğrul Gazi”, TDVİA, c. 11.

M. Baha Tanman, “Ertuğrul Gazi  Cami ve Türbesi”, TDVİA, c. 11.

M. H. Yınanç, Ertuğrul Gazi”, İslam Ansiklopedisi, c. IV


## ئوسمانلى سۇلتانلىرى - 04

«ئەرتۇغرۇل غازى» نىڭ قىسقىچە ھاياتى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ تۆتىنچى بۆلۈمىدە «ئوسمان غازى (1299-1324)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز.

ئۈچ قىتئەدە ئالتە ئەسىر بويىچە ھۆكۈم سۈرگەن بىر دۆلەتكە نامى بېرىلگەن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قوبۇل قىلىنىدىغان ئوسمان بەگنىڭ ھاياتىغا دائىر ئۈچۈرلار يېرىم داستان، يېرىم رېئال ئۈچۈرلار شەكلىدە زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئوسمان بەگ، ئەرتۇغرۇل غازىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1258- يىللىرى ئەتراپىدا ھازىرقى بۇرسا شەھىرىگە يېقىن بىر يەرگە جايلاشقان بىلەجىككە قاراشلىق سۆگۈتتە دۇنياغا كېلىدۇ. ئوسماننىڭ نامى پەقەت دۆلەتكىلا ئەمەس، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەرگىمۇ بېرىلىشكە سەۋەب بولىدۇ ۋە خەلقى ئوسمانلى دەپ ئاتىلىدۇ. ئوسماننىڭ ئانىسى ھايمە خاتۇندۇر. بىر تۇغقانلىرى، ئاتىسى، تاغىسى ۋە ئوغلىنىڭ ئەرتۇغرۇل، دۈندار، گۈندۈز، ساۋجى، سارۇ ياتى ۋە ئورھان دېگەن ئىسىملىرىغا قارىغان ھالدا، ئوسماننىڭ تۈركچە ئىسىم بولغان ئاتامان ياكى ئوتمان دېگەن ئىسىمدىن كەلگەنلىكى ۋە بۇنىڭ ئىسلامىي ئەنئەنىگە كۆرە ئوسمانغا ئۆزگەرگەنلىكى، غەرب تىللىرىدا بولسا ئوسمانلىلارنىڭ "ئوتتومان" شەكلىدە ساقلىنىپ قالغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. لېكىن يېقىنقى يىللاردا تېپىلغان ۋە ئورھان غازى دەۋرىگە ئائىت بىر ئوسمانلى تەڭگىسىدە "ئوسمان بىن ئەرتۇغرۇل" ۋە بىر ئىزنەكتە "ئورھان بىن ئوسمان" ئىبارىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئوسمان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئوسماننىڭ ئەرتۇغرۇلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇشىغا قارىماي مەنبەلەر، ئۇنى ئۇرۇش ۋە تۇتۇشتا، تۇرۇش ۋە ئولتۇرۇشتا ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىپ، گەرچە قېرىنداشلىرىنىڭ كىچىكى بولسىمۇ قىلىچۋازلىق ۋە ئەقلى بىلەن ھەممىسىنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئوغۇز داستانىدىكى ئۇسۇلغا ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىلدە بايان قىلىدۇ. ئوسمان بەگنىڭ ھاياتىدا تەكىتلىنىشى كېرەك بولغان ئىككى مۇھىم

ئىش بار. بۇلارنىڭ بىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئانادولۇغا كېلىشتىن ئىلگىرى دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچ رايوندىكى سۆگۈتتە توغۇلغان بولۇشى، يەنە بىرى بولسا، كىچىك بولۇشىغا قارىماي ھاكىمىيەت كۈرىشىگە ئاتلىنىپ، تاغىسى دۈندارنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولۇش ئارقىلىق بەگلىكنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىشىدۇر. بۇ ئىككى ۋەقە ئوسمانلىلاردا، نەسەبنىڭ كۆپىنچە كىچىك ئوغۇلدىن باشلىنىشى ۋە تەخت يولىغا باش قويۇشى ئەنئەنىسىنىڭ ئوسماننى چىقىش قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئوسمان غازىنىڭ بىلىنىدىغان ئىككى ئايالى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى مەشھۇر شەيخ ئەدەبالىنىڭ قىزى بالا خاتۇن، يەنە بىرى بولسا، ئۆمەر بەگنىڭ قىزى مالا خاتۇندۇر. بالا خاتۇن ئورھان بەگ مەزگىلىدە بەگلەر بېگى بولغان ئالائەددىن ئەلى بەگنىڭ ئانىسى، مالا خاتۇن ئورھان بەگنىڭ ئانىسىدۇر. ئوسمان بەگ بۇ ئىككىسىدىن باشقا يەنە ئىككى ئايال بىلەن ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئۇلاردىن مەلىك، چوبان، ھامىت، پازارلۇ ۋە فاتىمە ئىسىملىك بەش پەرزەنتى دۇنياغا كېلىدۇ، لېكىن بۇلار ھەققىدە يېتەرلىك دەرىجىدە مەلۇمات يوق. شەيخ ئەدەبالى، شۇ دەۋردە ئانادولۇدا كەڭ ئومۇملاشقان ئاھىلىك ئورگىنىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئاھىلىك، تىجارەتچىلەرنى مۇئەييەن پىرىنسىپلار ئەتراپىغا توپلايدۇ، تىنچلىق مەزگىلىدە خەلققە سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلىشنى، سودىگەرنىڭ دۇرۇس ۋە ئەخلاقلىق بولۇشى ئۈچۈن ھەم كەسپى ھەم دىنىي جەھەتتىن تەلىم ـ تەربىيە بېرىدۇ. ھەر بىرى كەسىپ ئەھلى بولغان بۇ ئاھىلەر، نۆۋىتى كەلگەندە قوراللىق مۇنتىزىم بىر قوشۇنغا ئايلىنالايدۇ. ئوسمان بەگنىڭ مانا بۇ ئاھى تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى بولغان شەيخ ئەدەبالىنىڭ قىزى بالا خاتۇن بىلەن ئۆيلىنىشى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىلار ئارىسىدا ھەم ماددىي ھەم مەنىۋى مەرتىۋە بېغىشلايدۇ. ئوسمان غازى، كېيىنكى يىللاردا ئۆزى بىلەن بىرلىكتە مۇجادىلە قىلغان كىشىلىرىنىڭ ئىچىگە ئاھىلاردىن ناھايىتى كۆپ كىشىنى كىرگۈزىدۇ.

.........................................................................

ئوسمان بەگ، دەسلەپتە ئانادولۇ سەلچۇق سۇلتانىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئۈچ رايوندا قوشنا ۋىزانتىيەگە قاراشلىق ۋىلايەتلەرنىڭ رۇم ئەمەلدارلىرى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشىدۇ. بۇ تىرىشچانلىقنى ئاتىسىنىڭ ياشىنىپ قېلىشى سەۋەبىدىن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا مەركەزلەشكەن 1281 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئىزچىل شەكىلدە داۋاملاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ بىلەجىك ھاكىمى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. ئوسمان بەگ يازدا يايلاققا چىقىدىغان چاغلاردا ماللىرىنى بىلەجىك ھاكىمىغا ئامانەت قويىدۇ ۋە قايتقان چېغىدا بۇ ماللارغا قول تەگمىگەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر مىقدارىنى بىلەجىك ھاكىمىغا قالدۇرۇپ قويىدۇ ۋە بۇ ئىشنى ھەر يىلى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئوسمان بەگ ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتقان كىشىلەرنىڭ يەنە بىرى يارھىسار ھاكىمى ئىدى. ئۇنىڭ قىزى ھولوفەرا (نىلۇفەر خاتون) نى ئوغلى ئورھانغا ئېلىپ بېرىدۇ.

ئوسمان غازى 1299 - يىلى ئارىسىدا يېقىن مۇناسىۋەت بار بولغان ھارمانقايا ھاكىمى كۆسە مىخائىلنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئىنەگۆل ھاكىمى رەھبەرلىكىدە ئۆزىگە قارشى ئىجرا قىلىنىشى پىلانلانغان بىر قىلتاقتىن خەۋەردار بولىدۇ. تروۋا ئۇرۇشلىرىدىكى "ياغاچ ئات ئەپسانىسى" نى ئەسلىتىدىغان بىر ۋەقە ئارقىلىق ئۆزىگە تەۋە ئادەملىرىنى بىلەجىك قەلئەسىگە كىرگۈزۈپ، بۇ يەرنى قولغا كىرگۈزىدۇ. بىلەجىكنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن يارھىسار ۋە ئىنەگۆلنى قولغا كىرگۈزىدۇ. بۇ ئەسنادا ئىلخانلى ھۆكۈمدارى غازاخان قوشۇنى تەرىپىدىن سۇلتان ئۈچىنچى ئالائەتتىن كەيكۇبات قولغا ئېلىنىپ ئىرانغا ئەۋەتىلىدۇ. ھاكىمىيەت سېپىدىكى بۇ بوشلۇقتىن پايدىلانغان ئوسمانلىلار مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان دەپ قارىلىدۇ.

يېپەكچىلىك ۋە تۆمۈرچىلىك مەركىزى بولغان بىلەجىكنىڭ قولغا كىرگۈزۈلۈشى ئوسمانلىلارنىڭ يولىنى راۋانلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى شەھەر تەرەپكە جەلپ قىلىدۇ. 1301 - يىلى ئىزنىكنىڭ يېنىغىلا تۈركمەن نوپۇسى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن يەنىشەھىر بىنا قىلىنىدۇ. بۇ شەھەرگە سەلجۇقىيلاردىن قاچقان

كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلىمۇ كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئوسمان بەگ نامىغا تۇنجى خۇتبە يەنىشەھىردە 1301-يىلى ئوقۇلىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ھەققىي قۇرۇلۇش يىلى دەپ قوبۇل قىلىنىدىغان 1302-يىلى 27-ئىيۇلدا ئىزمىتنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان قەدىمكى بىر قەلئە بولغان قويۇنھىساردا مەيدانغا كەلگەن ئۇرۇشتا ئورھان غازى، بىر ۋىزانتىيە قىسمىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدىكى بۇرسا، كەستەل ۋە كىتە ھاكىملىرىنى مەغلۇب قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇش تارىختا ‹قويۇنھىسار› ياكى ‹بابھېئون› ئۇرۇشى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەسنادا ئوسمان غازىنىڭ ئەتراپىدا سامسا چاۋۇش، ئاقچا كوجا، قونۇرئالىپ، قارا بالابان، ھەسەن ئەلى، ئايدوغدۇغا ئوخشاش جەڭچىلىك بىلەن شۆھرەت قازانغان كىشىلەر ئورۇن ئالىدۇ. قويۇنھىسار ئۇرۇشىدا ئوسمان غازىنىڭ قېرىندىشى گۈندۈز بەگنىڭ ئوغلى بولغان جىيەنى ئايدوغدۇ شېھىت بولىدۇ. ئوسمان، قولغا كىرگۈزگەن كەڭ كەتكەن زېمىنلارنى ئوغۇزلارنىڭ ئەنئەنىسىگە كۆرە ئائىلىسى ۋە ئۆزىگە قاراشلىق قوماندانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. قېرىندىشى گۈندۈز بەگكە ئەسكىشەھىرنى، ئوغلى ئورھانغا قاراجا ھىسارنى، ھەسەن ئالپقا يارھىسارنى، تۇرگۇت ئالپقا ئىنەگۆلنى بېرىدۇ.

.............................................................................

1308-يىلى ئىزمىت-ئىزنىك يولىدىكى قارا ھىسار قەلئەسى ئېلىنىدۇ. 1313-يىلى ئوسمان بەگنىڭ دوستى ھارمانقايا ھاكىمى كۆسە مىخائىل مۇسۇلمان بولىدۇ. ئوسمانلىلار، شىمالغا ۋە شەرققە يۈزلىنىپ ساكاريا ۋادىسى بويىچە لەفكە (ئوسمانلى)، مەكەجە، ئاق ھىسار، گەيۋە ۋە گۆلپازار (لەبلەبەجى) ئېلىنىدۇ ۋە بۇرسانى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا تىرىشىدۇ.

ئوسمان بەگنىڭ 1320-يىلىدىن كېيىنكى ۋەقەلەردە نامى دېگەندەك ئۇچراپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ داملا ياكى گۇت، نىكرىس دەپ ئاتىلىدىغان بىر كېسەللىككە مۇپتىلا بولغانلىقى مەلۇم. بۇ، كېيىنكى ئوسمانلى خانىدانىغا مەنسۇپ باشقا سۇلتانلار ئارىسىدىمۇ كۆپلەپ ئۇچرايدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ قالىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت ھاكىمىيەت ئۈچۈن نەسەبنىڭ كىچىك بالىدىن باشلىنىشمۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسماندىن قالغان مىراسلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئوسمان بەگنىڭ 1324- يىلى بەگلىكنى ئوغلى ئورھانغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ۋە 1327- يىلى تەقدىرىدە يۈتۈلگەن بىر كۈندە ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم. ئوسمان بەگنىڭ مۇھاسىرە قىلىۋاتقان بۇرسانى قولغا كىرگۈزۈشكە كۆزى يەتمەيدۇ. ئۆلۈمدىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بۇرسا قەلئەسىدىكى گۈمۈشلۈ گۈمبىزگە دەپنە قىلىنىشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ. ۋاپات بولغاندا سۆغۈتتە دەپنە قىلىنىدۇ. 1326- يىلى بۇرسا قولغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ۋەسىيىتىگە ئاساسەن بۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ نامىدا بۇ يەردە بىر گۈمبەز سېلىنىدۇ. ئوسمان بەگ 69 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى ۋە 27 يىل ھۆكۈم سۈرگەن دەپ قارىلىدۇ. ئوسمان بەگنىڭ مىراسىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئائىت بىر نەرسە چىقمايدۇ. پەقەت ئادەتتىكى كۈندىلىك كىيىم ـ كېچەك ۋە قىلىچقا ئوخشىغان شەخسى قوراللىرى چىقىدۇ. ئۇ، دۆلەت خەزىنىسىدىن چىقىم قىلماي، ئۆزىنىڭ شەخسى مۈلكى بولغان ئۈچ توپ قويىنى سېتىپ قولغا كەلتۈرگەن كىرىمنى ھاياتى بويىچە خەجلەيدۇ.

ئوسمانلى دۆلىتىگە نامى بېرىلگەن ۋە 624- يىل داۋاملاشقان ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قوبۇل قىلىنغان ئوسمان بەگنى تارىخىي مەنبەلەر ئوتتۇرا بويلۇق، كۆكسى كەڭ، يۈزى يۇملاق، چىرايى قارامتۇل، قوڭۇر كۆزلۈك، قاڭشارلىق ۋە شالاڭ ساقاللىق كىشى ئىدى دەپ تەرىپلەيدۇ. ئوسمان بەگنىڭ نامىغا ئاتاپ سۆغۈت ۋە بۇرسادا كۆپلىگەن ئەسەرلەر ئىنشا قىلىنغان ۋە ئانىسى ھايما خاتۇن ئۈچۈنمۇ دومانىچقا قاراشلىق چارشەنبە يېزىسىدا ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد تەرىپىدىن بىر قەبرە ياسىتىلغان.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ تۆتىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


Necdet Sakaoğluö, Bir Mülkün Sultanları, İstanbul 2000.

M.T. Gökbilgin, “Osman 1”, İslam Ansiklopedisi, c.9.

C.İmber, “Osman 1”, Encyclopedia of İslam, c.VIII.


## ئوسمانلى سۇلتانلىرى - 05

«ئورهان غازى» نىڭ هاياتى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بەشىنچى بۆلۈمىدە «ئورهان غازى (1324-1361)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز.

«ئورهان غازى (1324-1361)»

ئورهان غازى، ئوسمانلى بەگلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمان غازىنىڭ ۋە تۈركمەن بېگى ئۆمەر بەگنىڭ قىزى مال خاتوندىن بولغان ئوغلىدۇر. ئۇنىڭ 1280 - يىللىرى دۇنياغا كەلگەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا. ئوسمانلى مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، قېرىندىشى ئالائۇددىن ئۇنىڭ ئۈچۈن تەختنى بوشىتىپ بەرگەن. ئورهاننىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى ھەققىدە ناھايىتى ئاز مەلۇمات بار. ئوسمانلى دۆلىتىگە ئائىت تېپىلغان

تۇنجى پۇل ئورهان بەگ دەۋرىگە ئائىت بولۇپ، 1324- يىلى بېسىلغان. بۇ ۋاقىت، ئاتىسى ئوسماننىڭ هايات چېغىدا ئورهاننىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتى دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئورهان بەگ ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان بىرىنچى قول ۋىزانتىيە مەنبەلىرىمۇ بار. تەخمىنەن بىر ئەسىر كېيىن يېزىلغان ئوسمانلى مەنبەلىرىمۇ ئورهان ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

بۇ مەنبەلەردىن ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن 1299- يىلى ئورهان يارھىسارنىڭ ۋىزانتىيەلىك ئەمەلدارىنىڭ قىزى نىلۇفەر (هولوفىرا) بىلەن ئۆيلەنگەن. نىلۇفەر مۇسۇلمان بولغان. نىلۇفەر، هازىرقى كۇندىمۇ بۇرسانى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر ئۆستەڭگە نامىنى بېرىدۇ ۋە بۇرسادىكى ناهايىتى كۆپ خەير - ساخاۋەت بىناسىنىڭ ئىنشا قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئورهان بىلەن نىلۇفەرنىڭ ئۆيلىنىشىدىن رۇمئەلىنىڭ تۇنجى ئوسمانلى فاتىهى بولغان سۇلەيمان پاشا بىلەن ئورهاننىڭ ئورنىغا ئوسمانلى تەختىگە ئولتۇرىدىغان بىرىنچى مۇرات دۇنياغا كېلىدۇ.

ئورهان ئاتىسى هاياتتا چېغىدىلا يەنىشەهىر ۋە سۆغۈت رايونىدا كۆپلىگەن هەربىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىدۇ. 1326- يىلى ئوسمانلىلىنىڭ بۇ يۈرۈشلىرى ئىستانبۇلنىڭ قارشىسىدىكى ساھىللارغا قەدەر سوزۇلىدۇ ۋە بىتھىنيا رايونىدىكى كۆپلىگەن شەھەر ئوسمانلىلار تەرىپىدىن مۇھاسىرە ئاستىغا ئېلىنىدۇ. 1326- يىلى بۇرسا پەتھى قىلىنىدۇ. شۇ يىلى ۋاپات بولغان ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمان غازىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن بۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ. ئورهان بەگ، بۇرسانى پايتەخت قىلىپ يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە ۋىزانتىيەگە قارشى هەربىي يۈرۈشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئوسمانلى بەگلىكىنى بۇ رايوندىن قوغلاپ چىقارغىلى بولمايدىغان بىر كۈچكە ئايلاندۇرغان ئورۇش، 1329- يىلى ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئۈچىنچى ئاندرونىكوس پالېئولوگوس بىلەن ئورهان قوماندانلىقىدىكى ئوسمانلى قىسىملىرى ئارىسىدا پېلېكانون (ئۈسكۈدار دارىجا / ئەسكىھىسار) دا مەيدانغا

كېلدۇ. پېلېكانون ئۇرۇشدا ئوسمانلى قىسملىرى ۋىزانتىيە قىسملىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇ ۋە ئىمپېراتور ئاندرونىكوس ياردار ھالەتتە ئاران قېچىپ قۇتۇلدۇ.

ئوسمانلىنىڭ ئىلگىرىلىشى سۈرئەت بىلەن داۋاملىشىدۇ. 1331- يىلى ئىزنىك مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ قولغا كىرگۈزۈلىدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىزنىك ئوسمانلى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ ۋە ئوسمانلى تارىخىدا ئالدىمىزغا ئۇچرايدىغان تۇنجى مەدرەسەلەر بۇ يەردە قۇرۇلىدۇ. ئوسمانلىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئالدىدا 1333- يىلى ۋىزانتىيەلىكلەر ئوسمانلىلارغا ھەر يىلى 12 مىڭ ئالتۇن تۆلەش بەدىلىگە تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ. لېكىن بۇ كېلىشىم 1337- يىلى بوزۇلىدۇ ۋە ئورھان ئىزمىتنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئوسمانلى تەۋەلىكىگە قوشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوسمانلى دۆلىتى قۇرۇلغان رايوندىكى ئۈچ مۇھىم ۋىزانتىيە شەھىرى يەنى بۇرسا، ئىزنىك ۋە ئىزمىت ئورھان دەۋرىدە ئوسمانلى تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ.

.........................................................................

1330- يىللاردا ئانادولۇدىكى تۈركمەن بەگلىكلىرىنى زىيارەت قىلغان ماراكەشلىك سەيياھ ئىبنى بەتتۇتانىڭ ۋە مىسىرلىق يازغۇچى ئەلئۆمەرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدىكى بەگلىكلەر ئارىسىدا ئەڭ ئابرويلۇقلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئورھان ھۆكۈمدارلىقى ئاستىدىكى ئوسمانلى بەگلىگى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ تەرىپلىشىگە كۆرە ئورھان، بۇ شۆھرىتىنى ئەقىدىسىز خىرىستىيانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان جىھادلىرىدىن ئالغان. ئورھان، 1341- 1347 يىللىرى ئارىسىدا ۋىزانتىيە دۇچ كەلگەن ئىچكى ئۇرۇشقا مۇداخىلە قىلىپ، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇق خاندانى بولغان پالېئولوگوسلارغا قارشى كانتاكۇزېنوس ۋە ئائىلىسىنى قوللايدۇ. كانتاكۇزېنوسنىڭ يېنىدا ئورھانغا قاراشلىق تۈرك ئەسكەرلىرى تراكيادا سېرپلار ۋە پالېئولوگوس تەرەپدارلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. كانتاكۇزېنوس

ئورهان بىلەن تۈزگەن بۇ ئىتتىپاقنى قىزى تېئودورانى ئۇنىڭغا كېلىن قىلىپ بېرىش ئارقىلىق تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ. ئوسمانلى تۈركلىرى كانتاكۇزېنوسنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە تراكىيا ۋە ماكېدونىيە يۇرۇشلىرى ئەسناسىدا بۇ جايلارنىڭ يەر شەكلى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار بۇ مەلۇماتلىرىنى كېيىنچە بۇ يەرنى پەتھى قىلغاندا ئىشقا سالىدۇ.

1346 - يىلى ئورهان دىققىتىنى ۋىزانتىيەدىن ھازىرقى بالىكەسىر ۋە ئەتراپىغا ھۆكۈمدارلىق قىلىۋاتقان تۈركمەن قارەسى بەگلىكىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. قارەسى بەگلىكى ئىچىدىكى تەخت تالىشىش كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، بۇ بەگلىكنى ئوسمانلى تەۋەلىكىگە كىرگۈزىۋالىدۇ. ئەگە ساھىللىرىدا زېمىنغا ۋە دېڭىزچىلىق تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان قارەسى بەگلىكىنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىگە تەۋە قىلىنىشى ئوسمانلىلارنىڭ دېڭىزچىلىققا ئەھمىيەت بېرىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. دەسلەپكى باسقۇچتا قارەسىدە قولغا چۈشۈرۈلگەن 36 كېمە ئوسمانلى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. 1351 - يىلى جەنەۋىز بىلەن ۋەنەدىك ئارىسىدا چىققان ئۇرۇشتا ئورهان بەگ جەنەۋىزنى قوللاپ، دەسلەپتە ئارقا سەپ تەمىناتى بېرىدۇ، ئارقىدىن توققۇز كېمىدىن تەشكىل تاپقان دېڭىز قىسمىنى جەنەۋىزلىكلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن يوللايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 1352 - يىلى تۇنجى ئوسمانلى - جەنەۋىز سودا كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ. بۇ كېلىشىم ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ۋىزانتىيەدىن كېيىن بىر غەرب دۆلىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىشى دېگەنلىك بولاتتى.

1352 - يىلى ئوسمانلىلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن بىر ۋەقە مەيدانغا كېلىدۇ. ئورهان بەگنىڭ ئوغلى سۇلەيمان پاشا قوماندانلىقىدىكى تۈرك قوشۇنى چاناققەلئە بوغۇزىنىڭ رۇمېلى تەرىپىگە جايلاشقان چىمپى قەلئەسىنى قولغا كىرگۈزۈپ، بۇ يەرگە ئورۇنلىشىدۇ. چىمپى بالقان رايونىدىكى ئوسمانلىلار قولغا كىرگۈزگەن تۇنجى تورالغۇ مەركىزى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن 1354 - يىلى مەيدانغا كەلگەن بىر قېتىملىق يەر تەۋرەش نەتىجىسىدە قەلئە تاملىرى يېقىلىپ چۈشكەن گەلىبولۇ قولغا كىرگۈزىلىدۇ. گەلىبولۇ

بۇ رايوننىڭ ئەڭ كۈچلۈك قەلئەسى بولۇپ، ئوسمانلىلار بۇ يەرگە ئىككىنچى قولدىن بېرىپ قويسا بولمايدىغان يەر دەپ قارايدۇ. شۇ يىلى ئوسمانلىلار شەرق تەرەپكە يۈرۈش قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە ئاناتولۇدىكى گەرەدە بىلەن ئەنقەرەنى ئوسمانلى دۆلىتىگە قارىتىدۇ.

.........................................................................

1354- يىلى گەلىبولۇنىڭ ئوسمانلىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشى بىلەن باشلانغان بالقاننى پەتھى قىلىش ئۇرۇشلىرى سۈرئەت بىلەن داۋاملىشىدۇ. 1357- يىلىغا قەدەر بولايىر، تەكىرداغ، چورلۇ، مالقارا ئوسمانلى دۆلىتى تەۋەلىكىگە كىرگۈزىلىدۇ. لېكىن ئوسمانلىنىڭ بۇ سۈرئەتلىك ئىلگىرىلىشىنى توختىتىپ قويغان ئىككى ۋەقە مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ۋەقەلەرنىڭ بىرى، 1357- يىلى رۇمئەلىنىڭ پەتھى قىلغۇچىسى دەپ تونۇلغان ئورھان غازىنىڭ ئوغلى سۇلەيمان پاشانىڭ چورلۇ ئەتراپىدا ئوۋ ئوۋلاش ئەسناسىدا ئېتىدىن يىقىلىپ كېتىپ ۋاپات بولۇشى؛ يەنە بىرى، ئورھاننىڭ تېئودورادىن بولغان ئوغلى خەلىلنىڭ 1357- يىلى ئىزمىت بوغۇزىدا قېيىق بىلەن كېتىۋاتقاندا، جەنەۋىزلىك دېڭىز قاراقچىلىرى تەرىپىدىن فوچادا ئەسىرگە ئېلىنىشىدۇر. ئورھان غازى ئوغلىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ۋىزانتىيەلىكلەر بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزىدۇ ۋە فىدىيە سۈپىتىدە ناھايىتى كۆپ پۇل تۆلەيدۇ. بالقان رايونى تەرەپتىكى پەتھى قىلىش ھەرىكەتلىرى 1361- يىلىغا قەدەر توختاپ قالىدۇ. 1361- يىلى ئوسمانلىلار بالقان رايونىدىكى پەتھى قىلىش ھەرىكەتلىرىنى دىمەتوكانى تەكرار قولغا كىرگۈزۈش بىلەن باشلايدۇ.

لېكىن 1362- يىلىنىڭ مارت ئېيىدا ئورھان غازى ۋاپات بولىدۇ. ئورنىغا سۇلتان بىرىنچى مۇرات تەختكە ئولتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بالقاننى پەتھى قىلىش ئۇرۇشلىرى ئۇ داۋاملاشتۇرىدۇ. ئورھان ئارقىسىدا باياشاتلىق ئىچىدىكى كۈچلۈك بىر دۆلەتنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، سۇلتان بىرىنچى مۇرات دادىسىدىن قالغان بەگلىكنى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشتا مۇۋەپپىقىيەت قازىنىدۇ.

ئوسمانلى بەگلىكىنىڭ زېمىنى ئەنقەرەدىن تەكىرداغقا قەدەر سوزۇلغان ئاسىيا – ياۋروپا زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىياسىي ۋە ھەربىي ساھەدە يېڭى سىياسەتلەر يولغا قويۇلىدۇ. ئورھان غازى، بەگلىككە قاراشلىق زېمىنلارنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئوغۇللىرى ۋە ھەربىي قوماندانلار ئارىسىدا مەركەزگە قاراشلىق بولۇش شەرتى ئاستىدا تەقسىملەپ بېرىدۇ. ھەربىي ساھەدە بولسا، پەقەت ئۇرۇش پەيتلىرىدىلا يىغىلىدىغان ئىنتىزامسىز ئەسكەرلەرگە ئىلاۋە ھالدا "مۇسەللەم" دەپ ئاتىلىدىغان مۇنتىزىم قىسىملار بىلەن بىرلىكتە "يايا" دەپ ئاتىلىدىغان پىيادىلەر قىسىملىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئورھان مەزگىلىدە جامەلەر، خەيىر – ساخاۋەت ئورۇنلىرى ۋە مەكتەپلەر سېلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ئاھالەرنىڭ رەھبەرلىكىدە دىنىي ھايات جانلىنىدۇ. لېكىن ئورھان، "غازى" سۈپىتىگە ئىگە بولۇشى ۋە ئۆمرىنى ۋىزانتىيەگە قارشى كۈرەش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولۇشىغا قارىماي، دىنىي سىياسەتلەرنى قارىغۇلارچە ئىجرا قىلمايدۇ. ئۇ، دىنداش ۋە ئىرقدېشى بولغان قارەسى بەگلىكىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىشتىن چېكىنمىگەندىن سىرت، خىرىستىيانلارغا قارشى كۈرەشلىرىنى توختاۋسىز شەكىلدە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئورھان غازىنىڭ بۇرسا ۋە باشقا ۋىزانتىيە شەھەرلىرىنىڭ پەتھى قىلىنىشى ئەسناسىدا خىرىستىيانلارنىڭ خاراج ۋە باشقا تۆلەشكە تېگىشلىك باجلىرىنى ئادا قىلىشى شەرتى ئاستىدا مەھەللىي خەلقنىڭ نورمال تۇرمۇشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەققىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى، بۇرۇنقى رىم ھۆكۈمدارلىرىنىڭ خالىغىنىدا شەھەردىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلىشى، تول قالغان رىم ئاياللىرىنىڭ ئوسمانلى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆيلىنىشىگە رىغبەتلەندۈرۈلۈشى ۋە ئۇلارنى قەلئە مۇھاپىزەتچىلىكىگە تەيىنلىنىشى قاتارلىقلارنى ئوسمانلىلارنىڭ دەسلەپكى سىياسەتلىرىگە ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئورھان غازى ئۆز نامىدا پۇل باستۇرغان تۇنجى ئوسمانلى سۇلتانى سۈپىتىدە دۆلەتنىڭ كىرىملىرىنىمۇ ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ، بۇ مەقسەتتە يېزا – ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق كىرىملىرىدىن باشقا پەتھى قىلىنغان يەرلەردىن قولغا كەلتۈرۈلگەن غەنىمەتلەر، خىرىستىيان دۆلەتلەردىن

ئېلىنىدىغان خاراجلار ۋە بولۇپمۇ ئىتالىيە شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن قىلىنغان سودىدىن ئېلىنغان تاموژنا باجلىرى ئارقىلىق ساغلام بىر دۆلەتنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈردى.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بەشىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


Necdet SakaoğJu, Bir Mülkün Sultanları, istanbul 2000·

M·T· Gökbilgin, "Orhan", İslam Ansiklopedisi, c· 9·

E· A· Zachariadou,"Orkhan", Encyclopaedia ofIslam,c· Vm·

Osmanlı İmparatorluğu Tarihi, yay· Röbet Mantran, çev·ServerTanilli, İstanbul 1992·


# ئوسمانلى سۇلتانلىرى - 06

«بىرىنچى مۇرات» ۋە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئالتىنچى بۆلۈمدە «بىرىنچى مۇرات خۇداۋەندىگار (1361-1389)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز.

«بىرىنچى مۇرات خۇداۋەندىگار (1361-1389)»

ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان ئۈچىنچى ھۆكۈمدارى بولغان بىرىنچى مۇرات، ئورھان بەگنىڭ نىلۇفەر خاتۇندىن بولغان ئوغلى بولۇپ، 1326- يىلى يەنى بۇرسا پەتھى قىلىنغان يىلى دۇنياغا كەلگەن دەپ قارىلىدۇ. سۇلتان مۇراتنىڭ ئىسمى غەرب مەنبەلىرىدە ئامۇراتىس ياكى ئامۇرات دەپ بايان قىلىنىدۇ. مۇرات بەگنىڭ سۈپەتلىرى ئارىسىدا غازى ھۈنكار ۋە خۇداۋەندىگار قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، كېيىنكى يىللاردا خۇداۋەندىگار سۆزى بۇرسانى مەركەز قىلغان بارلىق بىتىنيا رايونىنىڭ نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. دەسلەپكى ئىككى ئوسمانلى سۇلتانى ئوسمان بىلەن ئورھان "غازى" ۋە "بەگ" سۈپەتلىرىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، بىرىنچى مۇراتتىن باشلاپ ئوسمانلى پادىشاھلىرىنىڭ "سۇلتان" سۆزىنى ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقىنى، خۇداۋەندىگار سۈپىتىنىڭ ئوسمانلى تارىخ مەنبەلىرىدە پەقەت بىرىنچى مۇرات ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن بىر سۈپەت ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز.

بىرىنچى مۇرات ئاتىسى ئورھان بەگ زامانىدا ھازىرقى كۈندە ئەسكىشەھىر ۋىلايىتى چېگرىسى ئىچىدە قالغان ئىنۆنۈ ۋە كېيىنچە بۇرسا سانجاق بەگلىكلىرىدە تۇردى. ئاكىسى سۇلەيمان پاشا بىلەن بىرلىكتە رۇمېلىنى پەتھى قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. بىراق سۇلەيمان پاشانىڭ تويۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشى مۇراتنىڭ ھۆكۈمدار بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە 1362- يىلى مۇرات ئاتىسى ئورھاننىڭ ئورنىغا ئوسمانلى تەختىگە ئولتۇرىدۇ. بىرىنچى مۇرات بالقان رايونىدا پەتھى قىلىش ھەرىكەتلىرىگە ئاتلانغان تۇنجى ئوسمانلى سۇلتانى نامىنى ئالىدۇ. بۇ غەلىبىسى ئۇنىڭ "غازى" سۈپىتىگە ئىگە بولۇشىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بىرىنچى مۇرات ھۆكۈمدارلىق تەختىدە ئولتۇرغان 1389- يىلىغا قەدەر تەخمىنەن 27 يىل بويىچە ۋىزانتىيە، بۇلغار ۋە سېرىپلاردىن باشقا جانەۋىز ۋە ۋەنەدىكلىكلەرگە قارشى كۈرەشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ خىل سىياسىي شارائىتتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن سىياسىي تەرەپلەرنىڭ بەزىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ.

ئۆزگە قاراشلىق ھۆجۇمچى بەگلەر – ئەۋرەنوس بەگ، ھاجى ئىلبېگى ۋە بەگلەر بېگى لالە شاھىن قوماندانلىقى ئاستىدىكى قوشۇن سۈرئەت بىلەن بالقان رايونىغا يېيىلدۇ. 1368 – يىلى ئەدىرنە ئۆزۈل – كېسىل ھالدا ئوسمانلى تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈلدۇ. 1371 – يىلى ئوسمانلىلارنىڭ بالقان رايونىدىكى ئىلگىرىلىشىنى توختىتىشنى مەقسەت قىلغان سېرىپ، بوسنا ۋە ۋېنگىر ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان قۇشۇن گىرمەنگە يېقىن جايدىكى مەرىچ دەرياسى بويىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىلدۇ. ئوسمانلى ئەسكەرلىرى بۇلغارىيەدە بالقان تاغ تىزمىلىرىغا قەدەر يۈرۈش قىلدۇ. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى بەشىنچى لوئاننېس پالېئولوگوس ئوسمانلى ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلدۇ. ئوسمانلى قوشۇنى ماكېدونىيە تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ سەرەز، دراما ۋە كاۋالانى ئەۋرەنوس بەگنىڭ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق قولغا كىرگۈزىدۇ. لالا شاھىنمۇ شەرقىي بۇلغارىيە تەرەپكە ئىلگىرىلەپ ساموكوۋغا قەدەر بارىدۇ. ئوسمانلىلارنىڭ بۇ پەتھلىرى پەقەت ئەسكىرى ساھە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئۇلار ئانادولۇدىن ئېلىپ كەلگەن مۇسۇلمان تۈركلەرنى بالقان رايونلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ يەرنى ئۆزلىرىگە يۇرت قىلىشقا باشلايدۇ. 1371 – يىلدىن كېيىن سېرىپلار ۋە بۇلغارلارمۇ بىرىنچى مۇراتنىڭ سادىق بەگلىرىگە ئايلىنىدۇ. ئانادولۇدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋىزانتىيە زېمىنى ئالاشەھىرمۇ 1379 – يىلى ئوسمانلى تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ...

بالقان رايونىدا كۈچەيگەن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئانادولۇ بەگلىكلىرى ئۈستىدىكى نوپۇزىمۇ ئاشىدۇ. سۇلتان مۇرات، ئوغلى بىرىنچى بەيازىدنى گەرمىيان بېگىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەندۈرۈپ، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ. قىز تەرەپنىڭ تويلۇق ھەدىيەسى سۈپىتىدە مەركىزى كۈتاھىيا بولغان گەرمىيان بەگلىكى زېمىنلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئوسمانلى دۆلىتىگە بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئانادولۇنىڭ گۆللەر رايونىدا قۇرۇلغان ھامىتئوغلۇ بەگلىكىمۇ سېتىۋېلىنىپ، ئوسمانلى دۆلىتىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئوسمانلى دۆلىتى ئانادولۇ بەگلىكلىرى ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈك ھالغا كېلىپ، قارامان ئوغۇللىرى بىلەن رەقىپ ھالغا كېلىدۇ.

........................................................

1385 - يىلى ئوسمانلىلارنىڭ ياۋروپادىكى ئىلگىرىلىشى داۋاملىشىدۇ ۋە جاندارلى خەلىل پاشا قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ئەپىر ۋە ئالبانىيەگە قەدەر يېتىپ بارىدۇ. 1385 - يىلى سوفىيا، 1386 - يىلى نىش ئوسمانلى تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ. ئىتالىيە جۇمھۇرىيەتلىرى جەنەۋىز بىلەن ۋەنەدىك 1385 ۋە 1387 - يىللىرى بىرىنچى مۇرات بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. 1386 - يىلى بىرىنچى مۇرات بىلەن قارامانئوغلى ئالائۇددىن ئوتتۇرىسىدا كونيادا مەيدانغا كەلگەن ئۇرۇش ئوسمانلىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بالقانلاردىمۇ ھۇجۇمچى بېگى ئەۋرەنوس بەگ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن موراغا قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوسمانلى دۆلىتى مورادىكى ۋىزانتىيە ۋە لاتىن خانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇجادىلەدە ياردەم تەلەپ قىلىنىدىغان يۆكسەك بىر كۈچكە ئايلىنىدۇ.

لېكىن 1388 - يىلى كۈتۈلمىگەن بىر شەكىلدە ئوسمانلىنىڭ ھۇجۇمچى قىسىملىرى موراۋا دەرياسىغا قويۇلىدىغان توپلىچا دەرياسى بويىدىكى پلوچنىكتە سېرىپ ۋە بوسنا قوشۇنلىرى ئالدىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. پلوچنىك ۋەقەسى بالقان رايونىدا ئوسمانلى قوشۇنىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولالايدىغان كۈچلەرنىڭ ھېلىھەم بارلىقىنى كۆرسىتەتتى. ئوسمانلىلار بۇ مەغلۇبىيەتكە دەرھال جاۋاب بېرىپ، يەنە شۇمنۇ ۋە تىرنوۋاغا قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىرىنچى كوسوۋا ئۇرۇشى مەيدانغا كېلىدۇ. بىرىنچى مۇرات بىۋاستە ئۆز قوماندانلىقى ئاستىدىكى قوشۇنى بىلەن سېرپلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا قارشى ئاتلىنىدۇ. 1389 - يىلى 20 - ئىيۇندا يۈز بەرگەن بىرىنچى كوسوۋا ئۇرۇشى بالقان رايونىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى بەش ئەسىرلىك تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. گەرچە ئۇرۇش جەريانىدا بىرىنچى مۇرات شېھىت بولغان بولسىمۇ، سېرپلار ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، بالقان رايونىدا ئوسمانلى قوشۇنلىرىنى توختىتىپ قويالايدىغان بىر كۈچ قالمايدۇ.

ۋىزانتىيەلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سېرپلار، بۇلغارلار ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ساداقەتمەنلىرىگە ئايلىنىدۇ.

ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلگەن بىرىنچى مۇراتنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى ھازىرقى كۆندىمۇ كوسوۋادا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان مەقبەرەگە دەپنە قىلىنىدۇ. بۇ يەر كېيىنچە رايوندا ياشايدىغان مۇسۇلمان تۈركلەر ئۈچۈن ھەر دائىم زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغان بىر يەرگە ئايلىنىدۇ. بىرىنچى مۇراتنىڭ بەدىنى بولسا، بۇرساغا ئېلىپ كېلىنىپ چەكىرگە رايونىدا ئىنشا قىلىنغان خۇداۋەندىگار جامەسىگە دەپنە قىلىنىدۇ.

............................................................................

بىرىنچى مۇرات ئاتىسى ئورھان غازىدىن تاپشۇرۇپ ئالغان بىر بەگلىكنى كۈچلۈك بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىدە ئوسمانلى زېمىنىنى كونيادىن كوسوۋاغا قەدەر كېڭەيتىدۇ. رايوندىكى ۋىزانتىيە دۆلىتى بىلەن بىرلىكتە سىرپ ۋە بۇلغار چارلىقلىرى ئوسمانلى دۆلىتىگە بويسۇنىدۇ. ئوسمانلىلار، رايوندىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىدۇ. ئوسمانلىلارنىڭ بۇ كۈچكە ئېرىششىدە يولغا قويغان سىياسەتلىرىمۇ ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ھەربىي ساھەدە ئاتىسى ئورھان بەگ دەۋرىدە شەكىللەندۈرۈلگەن ۋە مۇسۇلمان تۈركمەنلەردىن تەشكىل تاپىدىغان پىيادە ۋە مۇسەللەم قىسىملارغا سۇلتان مۇرات دەۋرىدە "يېڭى ئەسكەر" مەنىسىدىكى يەنىچەرى قىسىملىرى ئىلاۋە قىلىنىدۇ. چۈنكى «كۆپلەپ يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئۇرۇشلار يېڭى ئەسكەر ئېھتىياجىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، پىيادە ۋە مۇسەللەم قىسىملىرى يېتەرسىز ھالغا كېلىپ قالىدۇ. بۇرسانىڭ قازىلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىگەن قارا خەلىلنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەسىرگە ئېلىنغان خىرىستىيان كۈچلەردىن يەنىچەرى نامىدا يېڭى بىر ھەربىي بىرلىك شەكىللەندۈرۈلىدۇ. گېرمان ئەسىرلەر ئانادولۇدىكى تۈرك ئائىلىلىرىنىڭ يانلىرىغا ئەۋەتىلىپ، تۈرك – ئىسلام ئادەتلىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن "ئاجەمى ئوجاغا" دەپ ئاتىلىدىغان گەلىبولۇدىكى قىسىمغا قوبۇل قىلىنىپ، تەربىيىلىنىدۇ. يەنىچەرىلەر 1826- يىلىغا قەدەر ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ھەربىي قىسىملىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

مالىيە ساھەسىدە يېڭىلىقلار يارىتىلدۇ. ئۆلىمالاردىن قارامانلىق قارا رۇستەم ۋە ۋەزىر جاندارلى ھەيرەتتىن پاشا مەزكۇر يېڭى مالىيە سىياسەتلىرىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئۇرۇش مەيدانلىرىدا قولغا چۈشۈرۈلگەن ئەسىرلەرنىڭ بەشتىن بىرىنىڭ خەزىنىگە ئائىت بولۇشى سىياستى يولغا قويۇلىدۇ. ئەسىر بېشىغا 125 ئاقچا دەپ بەلگىلەنگەن قىممەتنىڭ بەشتىن بىرى سۈپىتىدە 25 ئاقچا باج قويىلىدۇ. بۇ، بەشتىن بىر دېگەن مەنىدە "پەنجىك بېجى" دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنچە بۇ، غەيرى مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنىدىغان "ئىسپەنچە" بېجىغا ئۆزگىرىدۇ. لېكىن ئوسمانلى دۆلىتى پەقەت خىرىستىيانلاردىنلا ئەمەس، مۇسۇلمانلاردىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باج ئالىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتى "پەنجىك" نامى ئاستىدا خىرىستىيانلاردىن ئالغان بۇ باجنى مۇسۇلمانلاردىن "رائىيەت رۇسۇمى" نامى ئاستىدا 18 ئاقچىدىن ئالىدۇ. بۇ سىياسەت ئوسمانلى مالىيە سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ.

بىرىنچى مۇرات، بوۋىسى ۋە ئاتىسى ئىشلەتكەن "غازى" سۈپىتىدىن باشقا ئوسمانلى تارىخىدا "سۇلتان" نامىنى ئىشلەتكەن تۇنجى پادىشاھ ھېسابلىنىدۇ. بۇرسادا ھازىرقى كۈندىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان خۇداۋەندىگار جامەسىنى سالدۇرىدۇ. ئانىسى نىلۇفەر خاتۇن نامىدا بىلەجىك ۋە ئىزنىكتە ئىمارەتلەرنى سالدۇرىدۇ. بالقان رايونىدىكى ئەڭ چوڭ جامەلەردىن بىرى سەرەزدە بىرىنچى مۇراتنىڭ ۋەزىرى جاندارلى قارا خەلىل تەرىپىدىن ئىنشا قىلىنغان بولسا، بىرىنچى مۇرات تەرىپىدىنمۇ قىلىبەنىڭ ئەڭ چوڭ جامەسى بولغان جۇمە جامەسى ئىنشا قىلىنىدۇ. بىرىنچى مۇرات ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ئوسمانلى سۇلتانلىرى ۋە مۇسۇلمان تۈركلەر ئارىسىدا ئۆمرىنى ئۇرۇشلار ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ۋە مەيدان ئۇرۇشىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان بىر قەھرىمان سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ھېكايە قىلىنىپ كەلمەكتە.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئالتىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:

Necdet Sakaoğlu, Bir MülkünSultanları, İstanbul 2000· İ· H· Uzunçarşüı, "i Murat", İslam Ansiklopedisi, c· 8 C·

H· Kramers, "Murat I", Encyclopaedia of Islam, o VII·

Osmanlıİmparatorluğu Tarihi, yay· Robet Mantran, çev· Server Tanilli, İstanbul 1992·

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى - 07

«يىلدىرىم بەيازىد» ۋە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پروگراممىمىزنىڭ يەتتىنچى بۆلۈمىدە «يىلدىرىم بەيازىد (1389-1402)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«يىلدىرىم بەيازىد (1389-1402)»

ئوسمانلىلىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان تۆتىنچى ھۆكۈمدار، بىرىنچى بەيازىد دېگەن نام بىلەنمۇ تونۇلغان يىلدىرىم بەيازىدتۇر. يىلدىرىم بەيازىد ئوسمانلى سۇلتانى بىرىنچى مۇراتنىڭ گۈلچىچەك خاتوندىن بولغان ئەڭ چوڭ ئوغلىدۇر. گەرچە ئوسمانلى يىلنامىچىلىرى يىلدىرىم بەيازىدنىڭ دۇنياغا كېلىش ۋاقتى ھەققىدە

ھەر خىل قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرۈشىمۇ، ئۇنىڭ 1360 بىلەن 1362 - يىللار ئارىسىدىكى بىر ۋاقىتتا دۇنياغا كەلگەنلىكى قوبۇل قىلىنىدۇ.

يىلدىرىم بەيازىد، ئاتىسى سۇلتان بىرىنچى مۇراتنىڭ 1389 - يىلىدىكى كوسوۋا ئۇرۇشى ئەسناسىدا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇرۇش ساھەسىدىكى قارارگاھ چېدىرىدا ئوسمانلى سۇلتانى دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. بىر قىسىم مەنبەلەر "يىلدىرىم" لەقىمىنىڭ ئۇنىڭغا 1386 - يىلى قارامانئوغۇللىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن چۈەرلىكى ۋە قاراملىقى يۈزىسىدىن، يەنە بەزىلەر بولسا، بۇ لەقەمنىڭ بەيازىدنىڭ ئاچچىقى يامان ۋە ھاكاۋۇر تەبىئىتى بىلەن چاقماق (يىلدىرىم) قا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ لەقىمىنىڭ تۈركچە نامى بولۇش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تارىخچىلارمۇ بار.

ئوسمانلى مەنبەلىرى يىلدىرىم بەيازىد ھەققىدە تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ 1381 - يىلىدىكى گەرمىيانئوغۇللىرىنىڭ قىزى سۇلتان خاتۇن بىلەن ئۆيلەنگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن توختىلىدۇ. بۇ ئۆيلىنىش، بىرىنچى مۇراتنىڭ گەرمىيان زېمىنلىرىنى ئوسمانلى زىمىنلىرىغا قىز تەرەپنىڭ ئوغۇلغا بېرىدىغان تويلۇقى يولى بىلەن قوشۇۋېلىش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە ئىشقا ئاشىدۇ. نەتىجىدە گەرمىيان بەگلىكى، زېمىنلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئوسمانلىلارغا قىز تەرەپ تويلۇقى سۈپىتىدە بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەگرىگۆز، سىماۋ ۋە تاۋشانلى (توشقانلىق) يېزىلىرى بىلەن گەرمىيان ئوغۇللىرىنىڭ پايتەختى كۈتاھيا ئوسمانلى زېمىنىغا ئايلىنىدۇ.

گەرمىيانئوغۇللىرىدىن ئېلىنغان يەرلەرگە يىلدىرىم بەيازىد بەگ قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. بەيازىد، 1385 - يىلى بىرىنچى مۇراتقا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن قېرىندىشى ساۋجى بەگ ۋەقەسىدە ئاتىسى تەرەپتە تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ قەتلى قىلىنىشىدا رول ئوينايدۇ. 1386 - يىلىدىكى قارامان يۈرۈشىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىرىنچى

مۇرات، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ قىزلىرىدىن بىرىنى ئۆزى نىكاھىغا ئالدۇ، باشقا ئىككىسىنى ئوغۇللىرى بەيازىد بىلەن ياقۇبقا نىكاھلاپ قويىدۇ.

1389 - يىلى كوسوۋادا ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئوسمانلى سۇلتانى دەپ ئېلان قىلىنغان بەيازىد، دۈشمەنگە ئىز قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان قېرىندىشى ياقۇبنى دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن چاقىرتىپ كېلىپ، چېدىردا بوغۇپ ئۆلتۈرگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەيازىد ئوسمانلى تارىخىدا سەلتەنەت تالىشىدۇ دەپ، قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگەن تۇنجى پادىشاھ بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال، ياقۇبنىڭ بىر قىسىم تەرەپدارلىرى بىلەن ئوسمانلى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگەن ئاناdoلۇ بەگلىكلىرىنىڭ يىلدىرىم بەيازىدقا قارشى تۇرۇشلىرىغا سەۋەب بولىدۇ.

..........................................................................

يىلدىرىم بەيازىدنىڭ ئوسمانلى تەختىگە ئولتۇرۇشى بىلەن ئىلگىرىكىلەر دەۋرىدە قۇرۇلغان ئىمپېراتورلۇقنىڭ ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلىرى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. بەيازىد، قارامانئوغلۇ ئالائۇددىن بەگنى ئىنچىل شەكىلدە كۈزەتمەكتە ئىدى. دەرۋەقە تۇنجى خەۋپ ئۇنىڭدىن كېلىدۇ. ئالائۇددىن بەيازىدنىڭ ئۇ كۈنلەردە رۇمېلى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئالدىدا سىۋاستىكى قازى بۇرھانۇددىننى، سارۇخان، گەرمىيان، مەنتەشە ۋە ھامىد دەلى بەگلىرى قاتارلىق خېلى كۆپ ئاناdoلۇ بېگىنى ئەتراپىغا توپلايدۇ. نەتىجىدە بۇ بەگلەر بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ، ئوسمانلى دۆلىتىگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. گەرمىيان ئوغلى ياقۇب بەگ، 1387 - يىلى كىيئوغلى بەيازىدكە بەرگەن يەرلەرنى قايتۇرىۋالىدۇ. قازى بۇرھانۇددىن قىرشەھىرنى قولغا كىرگۈزىدۇ، قارامان ئوغلى ئالائۇددىن بەگ بەيشەھىرنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئەسكىشەھىرگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ

بەيازىد تەختكە چىقار ـ چىقمايلا ئانادولۇ بەگلىكلىرىنىڭ مەزكۇر ھۇجۇملىرىغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ ۋە بۇ قېتىم ئانادولۇغا قاراپ يېڭىدىن پەتھى قىلىش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىدۇ.

نەتىجىدە سۇلتان سارۇخان، ئايدىن، مەنتەشە، ھامدى دەلى ۋە گەرمىيان بەگلىكلىرى ئوسمانلى زېمىنلىرىغا قوشۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ غەربىي ئانادولۇ ئەتراپى، رودوس بەگلىرىنىڭ قولىدىكى ئىزمىردىن باشقا يەرلەر ئوسمانلىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا كىرىدۇ. 1390 - يىلىنىڭ ماي ئېيىدا بەيازىد، ئەفەس ۋە ملەت بەگلىكلىرىنىڭ ئىلگىرى ۋەنەدىكلىكلەرگە بەرگەن ئىمتىيازلىرىنى ماقۇللايدۇ. بۇ بەگلىكلەرگە تەۋە يەرلەر كېيىنچە خىرىستىيانلارنىڭ قولىدىكى ئاراللارغا قارشى ئوسمانلى يۈرۈشلىرىدە بىر بازا سۈپىتىدە ئىشلىتىلەتتى. 1390 - يىلى كۈز ئېيىدا يىلدىرىم بەيازىد قارامان ئوغلى ئالائۇددىن بەگنى ۋەيران قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ بەيشەھىرنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، كونياغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. نىگدە، ئاقشەھىر ۋە ئاقساراي قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوسمانلىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. لېكىن ئوسمانلىلارنىڭ بۇ خىل غەلىبىلىرىدىن بىئارام بولغان چاندارلى بېگى ئىككىنچى سۇلەيمان سېپىنى ئۆزگەرتىپ، سىۋاس ھاكىمى قازى ئالائۇددىن بىلەن بىرلەشكەن ھالدا ئوسمانلىلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كېلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەيازىد، قارامانلى ئالائۇددىن بەگ بىلەن كېلىشىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. كېلىشىمگە كۆرە، بەيازىد ئانادولۇغا قاراتقان بۇ قېتىملىق يۈرۈش ئەسناسىدا قولغا كىرگۈزگەن يەرلەرنى ساقلاپ قالىدۇ، ئالائۇددىن بولسا، چارشەنبەنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا ھاكىمىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

1390 - يىلىدىكى قارامان يۈرۈشى چاندارھ خەۋپىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ سەۋەبلىك 1391 - يىلىنىڭ باشلىرىدا يىلدىرىم بەيازىد كاستامونۇغا يۈرۈش قىلىدۇ. شۇ يىلى ئىيۇن ئېيىدا بۇ بەگلىكنى قولغا كىرگۈزۈپ، ھۆكۈمدارى بولغان ئىسپەندىيارئوغلۇ ئىككىنچى سۇلەيمانىنى ئۆلتۈرىدۇ. سۇلەيماننىڭ قېرىندىشىنىڭ قولىدا سىنوپتىن باشقا چاندارھ بەگلىكى ئوسمانلى زېمىن تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ. گەرچە، بەيازىد بۇ قېتىمقى يۈرۈش ئەسناسىدا مۇھىم غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ تاجۇددىن ئوغۇللىرى،

تاشائوغۇللىرى، ئاماسيا بېگى، بەفرا بېگگە ئوخشاش ئانادولۇ بەگلىرىنى يەڭگەن بولسىمۇ، قارامان ئوغلى ئالائۇددىن ۋە سىۋاس بېگى قازى بۇرھانۇددىن مەۋجۇتلۇقلىرىنى ساقلاپ قالدۇ ۋە ئوسمانلىلارغا قارشى كۈرەشلىرىنى داۋاملاشتۇردۇ. بەيازىدنىڭ بۇ قېتىملىق يۈرۈشىدە ئۇنىڭغا سېرىپ، بۇلغار ۋە ۋىزانتىيە كۈچلىرى ھەمراھ بولدۇ. ھەتتا ۋىزانتىيە ئەسكەرلىرىگە ئىمپېراتور مانۇئېل پالېئولوگوس قوماندانلىق قىلدۇ. چۈنكى بەيازىدنىڭ ۋىزانتىيە سىياستى ئۇنىڭ تەختكە چىقىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئامىل ئىدى. ۋىزانتىيە پەقەت بېقىندى بولۇش بىلەنلا قالمايدۇ، ئىستانبۇلدا تۈرك سودىگەرلىرىنىڭ بىر مەھەللە قۇرۇشى، ئۇ يەرگە بىر جامە سېلىپ قازى تەيىنلەشلىرىنى قوبۇل قىلدۇ.

........................................................................

بەيازىد ئانادولۇ بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان يىللاردا ئوسمانلىنىڭ رۇمېلىدىكى ئىلگىرىلىشى ئوسمانلى ئۇچبەگلىرىنىڭ سايىسىدا داۋاملىشدۇ. پاشا يىگىت ئۈسكۈپنى پەتھى قىلدۇ، فىرۇز بەگ بىلەن لالا شاھىن ئالبانىيەگە ھۇجۇم قىلىشنى داۋاملاشتۇردۇ. لېكىن رۇمېلى زېمىنلىرىدىمۇ بىر قىسىم مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقدۇ. 1393 - يىلدا ئەفلاك شاھزادىسى مىرچا، تۇنانىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئۆتۈپ سىلىسترەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دوبرۇجا رايوننى ئىشغال قىلدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ۋىنگىرلار ۋىدىننى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ كويىغا چۈشدۇ. 1393 - يىلى يىلدىرىم بەيازىد بۇلغارىيەنىڭ پايتەختى تىرنوۋانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بۇلغارىيەنىڭ تۇنا رايونى ئوسمانلى تەۋەلىكىگە ئۆتدۇ، چار شىشمانمۇ ئوسمانلىغا بېقىنىپ، نىگبولۇغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدۇ. ئارقىدىن بەيازىد مىرچانى ئىشغال قىلىۋالغان يەرلەردىن قوغلاپ چىقىردۇ. 1395 - يىلى رىۋىنا ئۇرۇشىدىن كېيىن بەيازىد ئەفلاكقا كىرىپ مىرچانى بويسۇندۇردۇ. ئاندىن نىگبولۇغا يۈرۈش قىلدۇ ۋە چار شىشماننى ئۆلتۈرگۈزدۇ. تۇنادىكى ئىستراتېگىيەلىك جايلار بىر - بىرلەپ ئوسمانلىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىردۇ. شۇنىڭ بىلەن، غەربتە ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىغا چېگراسى بار تۇنجى كاتولىك دۆلەت بولغان ۋىنگىرلار ئوتتۇرىسىدا

ھېچبىر تەڭپۇڭ دۆلەت قالمايدۇ. بۇ ئەھۋال ۋىنگىر پادىشاھى سىگىسموندنى ساراسىمىگە سالىدۇ ۋە نەتىجىدە پوپنىڭ ياردىمى بىلەن بارلىق ئورتودوكس ۋە كاتولىك دۆلەتلەرنى ئوسمانلىلارغا قارشى ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى باشلاشقا چاقىرىدۇ. ۋىنگىر پادىشاھىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىملىق يۈرۈش نەتىجىسىدە 1396 - يىلى 25 - سېنتەبىر كۈنى يۈز بەرگەن نىگبولۇ ئۇرۇشىدا ئەھلى سەلىپ قوشۇنى ئوسمانلىلار تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىلىدۇ. ئوسمانلىلارنىڭ نىگبولۇدىكى بۇ بۈيۈك زەپىرى ئۇلارنىڭ بالقان رايونىدىكى ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. نىگبولۇ ئۇرۇشىدىن قىسقا مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ۋىدىنمۇ ئوسمانلىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بولغارىيە زېمىنلىرى ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولىدۇ.

بۇ جەرياندا ئوسمانلىلارغا قارشى يېڭىدىن ھەرىكەتكە ئۆتكەن قارامانئوغلى ئالائۇددىن بەگ، ئەنقەرە ۋە بۇرساغا يۈرۈش قىلىدۇ. رۇمئەلىدىكى ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋالغان بەيازىد، بۇ قېتىم يەنە ئانادولۇغا يۈرۈش قىلىدۇ. 1397 - يىلى كونيالىقلارنىڭ ئالائۇددىن بەگنى بەيازىدقا تاپشۇرۇپ بېرىشى بىلەن قارامان بەگلىكىنىڭ زېمىنلىرىمۇ ئوسمانلىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پايتەخت سىۋاسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قازى بۇرھانۇددىننىڭ زېمىنلىرىمۇ ئوسمانلى دۆلىتى تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزىلىدۇ. بەيازىد دەۋرىنىڭ ئاخىرقى ۋە ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى تارىخى نۇقتىسىدىن بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھېسابلىنىدىغان مۇھىم ۋەقە 1402 - يىلى تىمۇرغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئەنقەرە ئۇرۇشى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئوسمانلى ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولىدۇ، بەيازىد بولسا ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان تىمۇر بەيازىدنىمۇ يېنىدا ئېلىۋالىدۇ. 1403 - يىلى 9 - مارتتا بىر رىۋايەتكە كۆرە زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلسىمۇ، يەنە بىر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا يىلدىرىم بەيازىد ئاقشەھىردە قېيىن ـ قىستاققا بەرداشلىق بىرەلمەي ۋاپات بولغان.

بەيازىد سەلتەنىتى جەريانىدا ۋىزانتىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئىستانبۇلنى تۆت قېتىم مۇھاسىرىگە ئالغان بولسىمۇ، بۇ مۇھاسىرىلەر ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىغا قارشى باش كۆتۈرگەن سىرتقى خەۋپلەر نەتىجىسىدە ئۈنۈمسىز ئاخىرلاشقان. باج سىستېمىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى بىلەن ئوسمانلى مەركىزى ئىدارىسى ھەقىقىي مەنىدە قۇرۇلغان. يىلدىرىم بەيازىد زامانىدا ئىستانبۇلنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە ئۇنى بېسىم ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۇچۇن ئانادولۇھىسارنى ئىنشا قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇرسا، كۈتاھيا، ئەدىرنە ۋە باشقا شەھەرلەردە خانىقا، مەدرەسە، ئىمارەت، كۆۋرۈك ۋە دارۇششىفاغا ئوخشاش بىنالار سېلىنغان. يىلدىرىم بەيازىد تەرىپىدىن ئىنشا قىلدۇرۇلغان بۇرسادىكى ئۇلۇ جامە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە ئوسمانلى بەگلىكىنىڭ  بىر ئىمپېراتورلۇققا ئايلانغانلىقىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بىر دەلىلىدۇر.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ يەتتىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:

Necdet Şakaoglu, Bir Mülkün Sultanları, İstanbul 2000· M· Halil Yınanç, "Bayezid I", İslam Ansiklopedisi, c· 2·

at/Kayapınar, II· Manuel Palaelogos'un Mektuplarının Tarihi Kaynak Olarak Değerlendirilmesi (1389-1402), (Ankara Üniversitesi Ifvirbllimler Enstitüsü Tarih Anabilimdalı Basılmamış Yüksek Lisans Tezi) Ankara 1993· çnl\ İmparatorluğu Tarihi, yay· Robet Mantran, çev· Server Tanüli, İstanbul 1992·

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى - 08

«ئوسمانلىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرى (1402-1413)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېما
ھۇزۇرۇڭلاردا...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ سەككىزىنچى بۆلۈمىدە «ئوسمانلىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرى (1402-1413)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئوسمانلىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرى (1402-1413)»

1336- يىلى سەمەرقەندنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان كەش شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن تىمۇر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دېموگرافىك ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ بىر جاھان ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ ئىمپېراتورلۇق ئاساسلىقى تۈرك، موڭغۇل ۋە ئىراننىڭ دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسىدىن پايدىلانغان ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئەڭ چوڭ دۆلىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، 15- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەبىئىي ھالدا ئوسمانلىلارغا رەقىپ بولىدۇ. ئۇ مەزگىلدە ئانادولۇ بەگلىكلىرىنى ئۆز بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ، مەركىزى دۆلەت قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان ئوسمانلى سۇلتانى يىلدىرىم بەيازىد بىلەن ئۆزىگە ئوخشاشلا تۈركچە سۆزلەيدىغان تىمۇرنىڭ 1402- يىلى 28- ئىيۇل كۈنى ئەنقەرەگە يېقىن چۇبۇق ۋادىسىدا ئېلىپ بارغان مەيدان ئۇرۇشى ئوسمانلىلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، 160 مىڭ كىشىلىك تىمۇر قوشۇنى 70 مىڭ كىشىلىك

ئوسمانلى قوشۇنىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. بەيازىد تىمۇر تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ تەخمىنەن بىر يىل كېيىن يەنى 1403 - يىلى 23 -ئىيۇلدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، 1402 - يىلى ئوسمانلى تارىخىنىڭ فىترەت دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ ۋە 1413 - يىلىغىچە داۋاملاشقان تەخمىنەن 10 يىللىق دەۋرنىڭ باشلانغۇچى دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

فىترەتنىڭ مەنىسى «بوشلۇق، ئۆتكۈنچى دەۋر» دېگەنلىك بولۇپ، ئوسمانلى دەۋرىدە بىرلا سۇلتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا توپلىنالماي، چېچىلىپ كەتكەن شاھزادىلەر ئارىسىدا ھۆكۈمدارلىقنىڭ پارچىلىنىشىغا بېرىلگەن ئومۇمىي نامدۇر. تىمۇر، بەيازىدنى يېڭىۋالغاندا ئوسمانلى دۆلىتىنى پارچىلىنىشقا ۋە ئۇنىڭ ئانادولۇدا تەكرار ھاكىمىيەت قۇرالمايدىغان قىلىۋېتىدىغان بىر خىل سىياسەتنى يولغا قويىدۇ. بۇ مەقسەتتە ئوسمانلى دۆلىتى ئۆزىگە قوشىۋالغان گەرمىيان، ئايدىن، سارۇھان، جاندار ئوغۇللىرى، ھامىد ئوغۇللىرى ۋە قارامان ئوغۇللىرىغا ئوخشاش بەگلىكلەرگە تەكرار مۇستەقىللىقلىرىنى بېرىپ، ئوسمانلى دۆلىتىگە قارشى سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشقا قىزىقتۇرسا، ئوسمانلى دۆلىتىنىمۇ بىرىنچى مۇرات ۋە يىلدىرىم بەيازىدنىڭ ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. لېكىن بىرىنچى مۇرات ۋە يىلدىرىم بەيازىد دەۋرىدە مەركىزى دۆلەت ئوقۇمىنى ئورگانلىرى بىلەن بىرلىكتە سىڭدۈرگەن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئىدارە تەشكىلاتى بىرلا كىشىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى تۈزۈمدىن باشقا تۈزۈمنى قوبۇل قىلمايدىغان ھالەتتە ئىدى. بۇمۇ تەبىئىي ھالدا شاھزادىلەر ئارىسىدا بىر ئىچكى مۇجادىلىنىڭ، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ چىقىشىنى تەقەززا قىلاتتى. بۇ يەردە تەكىتلىنىشى كېرەك بولغان نۇقتا، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ فىترەت مەزگىلىدە بىر ئىچكى ئۇرۇشنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالغان بولۇشىغا قارىماي، بىرلا كىشىگە مەركەزلەشكەن ھۆكۈمدارلىق تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ، قايتىدىن دۆلەتنىڭ پۇتۇنلۈكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، بالقان رايونى، ئانادولۇ ۋە ئوتتۇرا شەرقتە 40 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغان بولسىمۇ، تىمۇرنىڭ 1405 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىمپېراتورلۇقنىڭ بۆرۈنقى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق شەكىلدە خاندان

ئەزالىرى ئارىسىدا پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە سۇرئەت بىلەن دائىرىسى تارىيىپ تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈشىدۇر. ئوسمانلىلارنىڭ بۇ مەركىزى ۋە «بىرلا ئادەم ئىدارە قىلىش» پىكرىدە چىڭ تۇرۇشى ئۇلارنى باشقا تۈرك دۆلەتلىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ ۋە ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنى تۈركلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەڭ چوڭ دۆلەتكە ئايلاندۇرىدۇ. فىترەت مەزگىلىدە ئىگىلىگەن تەجرىبىلەر ئوسمانلى دۆلەت تەشكىلاتى، سەلتەنەت چۈشەنچىسى ۋە ۋارىسلىق ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ناھايىتى كۆپ مۇھىم ئىشلارنىڭمۇ تايانچ نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

........................................................................

ئەنقەرە ئۇرۇشى نەتىجىسىدە ئۆلگەن يىلدىرىم بەيازىدنىڭ سۇلايمان، ئىسا، مۇسا، مەھمەت، مۇستافا ۋە قاسىم ئىسىملىك ئوغۇللىرى باردۇر. بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان ئەمىر سۇلايمان ئەنقەرە ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىدىكى ۋەزىر ئەزەم جاندارلى، ئەلى پاشا سۇ بېشى، ئەينە بەگ ۋە يەنىچەرى بېگى ھەسەن بەگ بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان بۇرساغا كېلىدۇ. ئەمىر سۇلايمان بۇ يەردىن دۆلەت خەزىنىسى، ئارخىپلىرى، ئائىلىسى، كىچىك ئىنىسى شاھزادە قاسىم ۋە ھەمشىرىسى فاتىمە سۇلتاننى ئېلىپ گەملىكتىن بىر كېمە بىلەن ئاتىسى يىلدىرىم بەيازىد تەرىپىدىن ئىنشا قىلىنغان ئىستانبۇل بوغۇزىنىڭ ئانادولۇ تەرىپىدىكى گۈزەلجەھىسار (ئانادولۇ ھىسار) غا بارىدۇ. بۇ يەردە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى مانۇئېل بىلەن كېلىشىپ، ئوسمانلىنىڭ تىمۇر ئىستىلاسىغا مۇپتىلا بولمىغان بالقان رايونلىرىغا ھۆكۈمدار بولۇش ئۈچۈن گەلىبولۇغا بارىدۇ. 1403 - يىلى ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقى بىلەن گەلىبولۇ كېلىشىمىنى ئىمزالايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، قارتال، گەبزە، پەندىك بىلەن بىرلىكتە نەسەبىرگىچە بولغان قارا دېڭىز ساھىللىرى، رۇمېلىدە سەلانىك ۋە تەسەلىيانىڭ بەزى جايلىرى ۋىزانتىيەگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ۋىزانتىيەنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىگە ھەر يىلى تۆلەپ تۇرىدىغان يىللىق باجمۇ بىكار قىلىنىدۇ. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئىككىنچى مانۇئېل بىلەن ئىمزالانغان بۇ كېلىشىم بىلەن

ئوسمانلى تەكرار ۋىزانتىيەدىن خېلىلا كىچىك بىر دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئىككىنچى مانۇئېل پالېئولوگوسنىڭ ئەمىر سۇلايماننىڭ ئاتىسى يىلدىرىم بەيازىد سايىسىدا تەختكە ئولتۇرغانلىقى ۋە ئاتىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ساداقەتمەنلەردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئانادولۇ بەگلىكلىرىگە قارشى قىلىنغان يۈرۈشلەردە ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلغانلىقى نەزەرگە ئېلىنغىنىدا، ئوسمانلىنىڭ فىترەت مەزگىلىدە قانچىلىك كۆپ كۈچىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمىر سۇلايمان كىچىك ئىنىسى قاسىمنى ئىستانبۇلدا قويۇپ، كېلىشىمنىڭ روھىغا ئاساسەن ئەدىرنەگە بارىدۇ ۋە بۇ يەردە ھۆكۈمدارلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ۋەنەدىك ۋە جەنەۋىزلىكلەرگىمۇ بىر قىسىم سودا ـ تىجارەت ئىمتىيازلىرىنى بېرىپ، تىمۇرنىڭ بوغۇز ئارقىلىق رۇمئېلى تەرەپكە ئۆتۈشىگە توسالغۇلۇق قىلىدۇ.

ئوسمانلىنىڭ بالقان رايونىدىكى ھۆكۈمدارلىقىنى جاكارلىغان ئەمىر سۇلايمانغا قارشى ئانادولۇدىكى ئوسمانلى زېمىنلىرىدا سەلتەنەت قۇرۇش مەقسىتىدە يىلدىرىم بەيازىدنىڭ باشقا ئىككى ئوغلى ئىسا چەلەبى بىلەن مۇسا چەلەبى كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. ئەمىر سۇلايماننىڭ بالقان زېمىنلىرىغا كېتىشىدىن كېيىن ئىسا چەلەبى بۇرسانى قولغا كىرگۈزىدۇ. تىمۇر سەمەرقەندكە قايتىدىغان ۋاقىتتا ئۆز يېنىدىكى مۇسا چەلەبىنى قويۇپ بېرىپ، بۇرسانى ئېلىشى ئۈچۈن ئىسا چەلەبىگە قارشى يۈرۈش قىلىشقا يوللايدۇ. قېرىنداشلار ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇرۇش نەتىجىسىدە مۇسا چەلەبى ئىسا چەلەبىنى مەغلۇب قىلىدۇ ۋە بۇرسانى قولغا كىرگۈزىدۇ. بىراق تىمۇرنىڭ ئانادولۇدىن كېتىشىدىن پايدىلانغان ئىسا چەلەبى مۇسا چەلەبىگە قارشى يۈرۈش قىلىپ ئۇنى يېڭىدۇ ۋە بۇرسانى قايتىدىن قولغا كىرگۈزىدۇ. مۇسا چەلەبى ئالدىدا گەرمىيان ئوغۇللىرىنىڭ مەركىزى كۈتاھىياغا، ئارقىدىن قارامان ئوغلۇ مەھمەت بەگنىڭ يېنىغا كېتىدۇ.

..........................................................................

ئەنقەرە ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاماسىيا ۋە سىۋاس رايونىغا بېرىپ، ئۇ يەردە سەلتەنەت قۇرغان يىلدىرىم بەيازىدنىڭ يەنە بىر ئوغلى مەھمەت چەلەبى بولسا، بۇ ۋەقەلەرنى ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن كۈزەتمەكتە ئىدى. فىترەت دەۋرىدە يىلدىرىم بەيازىدنىڭ تۆت ئوغلىنىڭ بۇرۇنقى ئوسمانلى زېمىنلىرىدا ھاكىمىيەت قۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇلار ئەدىرنەدە سەلتەنەتنى ئېلان قىلغان سۇلايمان چەلەبى، بالىكەسىر ۋە بۇرساغا ھۆكۈمران بولغان ئىسا چەلەبى، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان بولسىمۇ ئىسا چەلەبىنى مەغلۇپ قىلىپ بۇرساغا ھۆكۈمدار بولغان مۇسا چەلەبى ۋە تىمۇرغا ئىتائەت قىلغان ھالدا ئاماسىيا ۋە توكاتتا ھاكىمىيەت قۇرغان مەھمەت چەلەبىدۇر. شاھزادىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نىشانى تۇنجى پايتەخت بولغان بۇرسانى قولغا كىرگۈزۈش ئىدى. بۇ مەقسەت بىلەن مەھمەت چەلەبى ئاكىسى ئىسا چەلەبىگە قارشى ئاتلىنىپ، ئۇنى ئۇلۇباتتا مەغلۇپ قىلدۇ ۋە 1404 - يىلى بۇرساغا ھۆكۈمدار بولىدۇ. ئىسا چەلەبى بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن ئەسكىشەھىر ئەتراپىدا تۇتىۋېلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. مەھمەت چەلەبىنىڭ بۇ غەلىبىسى ئالدىدا ئىسا بەگنى قوللىغان ئايدىنئوغلۇ، مەنتەشەئوغلۇ ۋە گەرمىيانئوغلۇ بەگلىكلىرى مەھمەت چەلەبىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

ئانادولۇنىڭ كۆپ قىسمىنى سەلتەنەتتى ئاستىغا كىرگۈزگەن مەھمەت چەلەبى، ئەدىرنەدىكى چوڭ ئاكىسى ئەمىر سۇلايمان بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. سۇلايمان چەلەبى ئانادولۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، بۇرسا ۋە ئەنقەرەنى قولغا كىرگۈزىدۇ. مەھمەت چەلەبى ئاماسىياغا چېكىنىدۇ. ئەسكىرى جەھەتتىن ئەمىر سۇلايماننىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولغان مەھمەت چەلەبى ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ قويۇش مەقسىتىدە قارامان ئوغلى مەھمەت بەگنىڭ قېشىدىكى يەنە بىر تۇغقىنى مۇسا چەلەبىنىڭ 1409 - يىلى رۇمىنىيە ئارقىلىق رۇمئەلگە (بالقان رايونى) ئۆتۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. مۇسا چەلەبى رۇمئەلدە سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۇلايمان چەلەبى ئانادولۇدىن ئەدىرنەگە قايتىدۇ. بىراق 1410 - يىلى سۇلايمان چەلەبى مۇسا چەلەبىنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن تۇتىۋېلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلمىغان مۇسا چەلەبى

ئانادولۇغا ئۆتتىدۇ ۋە بۇرسانى ئېلىپ، ھۆكۈمدارلىقنى جاكارلايدۇ، 1411 - يىلى نامىدا پۇل باستۇرىدۇ. ۋىزانتىيەلىكلەر ئۆزلىرىگە قارشى سىياسەت ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان مۇسا چەلەبىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مەھمەت چەلەبىنى قوللايدۇ. ئىلگىرى مۇسا بەگ بىلەن ئىشلىگەن ھۇجۇمچى بېگى ئەۋرەنوس بەگمۇ مەھمەت چەلەبىنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. 1413 - يىلى مەھمەت چەلەبىگە قاراشلىق ئەسكەرلەر سوفيانىڭ جەنۇبىدىكى ساماكوۋ يېزىسىغا يېقىن بىر جايدىكى چامۇرلۇقتا مۇسا چەلەبىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەھمەت چەلەبى تەخت مۇجادىسىلىدە ھايات قالغان بىردىن بىر شاھزادە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ يىگانە ھۆكۈمدارى سۈپىتىدە ئەدىرنەدە پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ئوسمانلىنىڭ فترەت دەۋرى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ سەككىزىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


Fehanıettin Başar, "Fettet Devn , TDVİA, c· ız

Y Yücel, Timur un Orla Anadolu Seferler, ve Sonuçlar, ('393-H02) An?

kara19SV Osmanl, imparatorluğu Tarih,, yay· Robe, Manirán, çev· Server Tandil, Isranbw 1992


## ئوسمانلى سۇلتانلىرى- 09

«بىرىنچى مەھمەت (1413-1421)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس ھۇزۇرۇڭلاردا...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ توققۇزىنچى بۆلۈمىدە «بىرىنچى مەھمەت (1421-1413)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«بىرىنچى مەھمەت (1421-1413)»

1402- يىلى يۈز بەرگەن ئەنقەرە ئۇرۇشىدىن كېيىن يىلدىرىم بەيازىدنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن تەخت تالىشىش كۈرىشى 11 يىلغا يېقىن داۋاملىشىدۇ ۋە تەخت بىرىنچى مەھمەتكە نېسىپ بولىدۇ. بىرىنچى مەھمەت بىر تۇغقانلىرى ئەمىر سۇلايمان، ئىسا ۋە مۇسانى بىتەرەپ قىلىپ، يېڭىدىن سۇلتان ئۇنۋانىنى ئىشلىتىشكە باشلايدۇ. گەرچە بىرىنچى مەھمەتنىڭ يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان قېرىنداشلىرى فېترەت دەۋرىدە قىسقا ۋاقىت تەختنى قولغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئوسمانلى تارىخلىرىدا بۇلارغا سۇلتان سۈپىتىدە ئورۇن بېرىلمەيدۇ ۋە بىرىنچى مەھمەت بەيازىددىن كېيىن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ بەشىنچى سۇلتانى دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. 1413- يىلىغىچە چەلەبى مەھمەت دەپ ئاتالغان بىرىنچى مەھمەت، ئۇ كۈندىن كېيىن سۇلتان بىرىنچى مەھمەت نامى ئاستىدا 1421- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىرىنچى مەھمەت ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى قۇرغۇچىسى دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان تەخت تالىشىش مۇجادىلىسى ئوسمانلى دۆلەت ئەنئەنىسگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ تەخت ۋارىسى بەلگىلەش مەسىلىسى كېيىنكى سىياسەتلىرىنىڭ نېگىزىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئوسمانلىلار باشقا تۈرك دۆلەتلىرىدىن پەرقلىق ھالدا، دۆلەت زېمىنلىرىنىڭ خانىدانلىق ئەزالىرىغا بۆلۈپ بېرىلمەسلىكى ۋە ھاكىمىيەتنىڭ بىرلا نۇقتىغا مەركەزلىشىشى مەسىلىسىدە ناھايىتى كۈچلۈك سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەردە، ئاق پىشماق، پىشانىسى كەڭ، قارا كۆزلۈك، ئۇلىما قاش، ساقىلى قويۇق، كۆكسى كەڭ، ئوتتۇرا بويلۇق دەپ تەسۋىرلىنىدىغان بىرىنچى مەھمەتنىڭ مۇلايىم، سىلىق سۆزلۈك، سەۋرچان ۋە خەير سۆيەر بىرى ئىكەنلىكىمۇ قەيت قىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىي ئۆزگىچىلىكلىرى، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ فېترەت دەۋرىدىن كېيىن قايتا بىرلىششىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان بولسا كېرەك، بىرىنچى مەھمەتنىڭ بۇرسا ۋە ئەدىرنە سارايلىرىدا ئۆتكەن شاھزادىلىك مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ ئاتىلىرى ئوسمانلى سۇلتانلىرىدىن پەرقلىق شەكىلدە ياخشى تەلىم -تەربىيە ئالغان ھالدا ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. شۇنداق قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوسمانلى سۇلتانى مودېلىنىڭ ئۇ ئارقىلىق ئىشقا ئاشقانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىزگە مەلۇم دەسلەپكى ئۇستازلىرى ئاماسيالىق سوفى بەيازىد بىلەن توكاتلىق بىجارئوغلۇ ھەمزە بەگدۇر.

بىرىنچى مەھمەت شاھزادىلىكى مەزگىلىدە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۇ يەرلىك بولۇشى سەۋەبىدىن تونۇشقان ئاماسيا ۋە توكات جايلاشقان ئوتتۇرا قارا دېڭىز ۋە ئىچكى ئانادولۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئاتىسى ھايات ۋاقتىدىلا چەلەبى مەھمەت ئانادولۇ سەپىرىدە ئاتىسىغا ھەمراھ بولىدۇ، سامسۇن ۋە ئاماسيانىڭ پەتھى قىلىنىشىدا پايدىسى يېتىدۇ. بۇ غەلىبىلىرى نەتىجىسىدە ئاماسيا سانجاق بەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇ، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ شەرقىي چېگراسىدا بىر ھۇجۇمچى بېگى سۈپىتىدە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئەنقەرە ئورۇشىدىن كېيىنمۇ ئاماسيا كېلىپ، ھۆكۈمدارلىقىنى جاكارلايدۇ ۋە بۇرسا، ئەدىرنە دېگەنگە ئوخشاش ئوسمانلى دۆلىتىگە پايتەخت بولغان شەھەرلەرنى قوللىرىدا تۇتۇپ تۇرغان قېرىنداشلىرىغا قارشى كۈرەشلىرىنى بۇ يەردە داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ كۈرەشلىرى ئەسناسىدا سەلجۇقىيلار بەگلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئانادولۇ مەدەنىيىتىنىڭ كۆپلىگەن مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئاماسيادا قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلىرىنى بىرىنچى مەھمەت ئوسمانلىنىڭ دۆلەت ئەنئەنىسىگە كىرگۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ، فېترەت دەۋرىدىن كېيىن تىمۇر ئىستىلاسىغا دۇچ كەلمىگەن ۋە دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى

داۋاملاشتۇرۇشغا سەۋەب بولغان ئوسمانلىنىڭ بالقان زېمىنلىرى بىلەن ئىستىلاغا دۇچ كەلگەن، ئىچكى ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە بۇ تەجرىبىسىنى دۆلەتنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان ئاناتولۇ زېمىنلىرىنىڭ قايتىدىن بىرلىششى تېخىمۇ كۈچلۈك بىر ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

.......................................................................................

بىرىنچى مەھمەت، 1413 - يىلى ئۆز ئالدىغا ئوسمانلى تەختىگە ئولتۇرغاندا، چوڭ دادىسى بىرىنچى مۇرات ۋە ئاتىسى يىلدىرىم بەيازىددىن پەرقلىق شەكىلدە ئاناتولۇ بەگلىكلىرى ۋە ۋىزانتىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر سىياسەتنىڭ ئورنىغا، تىنچلىقنى بەكرەك ياقلايدىغان بىر قەدەر يۇمشاق سىياسەت يۈرگۈزۈش يولىنى تاللايدۇ. بۇ سىياسەتنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، فېترەت مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا چىققان ھاكىمىيەت بوشلۇقىنىڭ ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقى تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلۇشىنىڭ تەلەپ قىلىنىشىدۇر. بىرىنچى مەھمەت قاچانكى ئىچكى ئىشلىرىنى تەرتىپ ـ ئىنتىزامغا سېلىپ، قايتىدىن كېڭىيىش سىياستىگە ئاتلانسا، دەرھال سىرتقى كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بىر ئىچكى مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەھمەت، ئىلگىرىكى مەزگىللەردە ئوسمانلى دۆلىتىگە بويسۇنغان ۋىزانتىيە، سېربىيە، ئەفلاك، مورا دېسپوتلىقى ۋە ئاتىنا خانلىقىغا ئوخشاش سىياسىي تەرەپلەر بىلەن تىنچلىق كېلىشىملىرىنى ئىمزالاپ، ئاساسلىق كۈچىنى ئىچكى قىسمىدا بىرلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. بۇ مەقسەتتە، فېترەت دەۋرىدە قېرىنداشلىرىنى قوللىغان ئايدىنئوغلۇ جۇنەيت بەگكە قارشى يۈرۈش قىلىدۇ ۋە 1414 - يىلى بۇ بەگلىكنى پۈتۈن غەربىي ئاناتولۇ رايونى بىلەن بىرلىكتە قولغا كىرگۈزىدۇ. مۇغلا ۋە ئەتراپىدا ھۆكۈمدارلىق قۇرغان مەنتەشە ئوغۇللىرىمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇلاردىن دىققىتىنى ئىچكى ئاناتولۇغا مەركەزلەشتۈرگەن بىرىنچى مەھمەت قارامان بەگلىكىگە قارشى كۈرەشنى باشلايدۇ. مىسىردا كۈچلۈك ئىمپېراتورلۇق قۇرغان مەملۇكىيلارنىڭ قارامان ئوغلى مەھمەت

بەگكە بېرىدىغان ياردىمنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن ، مەملۇكىيلار سۇلتانىغا قىممەت باھالىق ھەدىيەلەر بىلەن بىرلىكتە بىر ئەلچى يوللايدۇ. 1415 - يىلى قارامانلىقلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ ، كونيانى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تىنچلىق ئورنىتىشنى تەلەپ قىلغان قارامانئوغلۇ بۇنىڭ بەدىلگە بەيشەھىر ، سەيدىشەھىر ۋە ئاقشەھىرنى ئوسمانلىلارغا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئانادولۇدا قايتىدىن بەگلىكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ، سەلتەنەت قۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن تىمۇرنىڭ ئوغلى شاھرۇھ ۋە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقى بۇ ئەھۋالدىن بىئاراملىق ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ جەرياندا ئەزەربەيجان ۋە ئىراقتا بىر تۈرك بەگلىكى قۇرغان ۋە تىمۇرلەڭنىڭ رەقىبى بولغان ئاققويۇنلۇقلار بىلەن ئوسمانلىلارنىڭ ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشمۇ شاھرۇھنىڭ بىئاراملىقىغا بىئاراملىق قوشىدۇ. شاھرۇھ ، ئەنقەرە ئۇرۇشى ئەسناسىدا تىمۇر تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ سەمەرقەندكە يوللانغان بىرىنچى مۇراتنىڭ بىر تۇغقىنى مۇستاپانى ئوسمانلى بىلەن تەخت تالىشىشى ئۈچۈن قويۇپ بېرىدۇ.

..........................................................................

1415 - يىلى ترابزونغا يېتىپ كەلگەن بىرىنچى مەھمەتنىڭ بىر تۇغقىنى مۇستاپا ، ئالدى بىلەن ئوسمانلى دۆلىتى مۇجادىلە قىلىۋاتقان قارامانلى بەگلىكىنىڭ مەركىزى كونياغا ، ئارقىدىن چاندارئوغلۇ بەگلىكىنىڭ مەركىزى كاستامونۇغا بارىدۇ. بۇ يەردىن ئوسمانلىلارنىڭ بالقان رايونىدىكى رەقىبى ئەفلاك (رۇمېنىيە) ھۆكۈمدارى مىرچانىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ، دېڭىز يولى بىلەن رۇمەلى (بالقان رايونى) گە ئۆتۈپ ، ئۇ يەردە قايتىدىن بىر ئېچكى ئۇرۇش باشلايدۇ. مۇستاپا ئانادولۇ بەگلىكلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكىنىدەك ، ئەفلاك شاھزادىسى مىرچا ۋە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئىككىنچى مانۇئېلنىڭمۇ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. لېكىن بىرىنچى مەھمەتنىڭ قارشىلىقى ئالدىدا دەسلەپتە ئىستانبۇلغا ، ئارقىدىن سەلانىككە كېتىدۇ. سەرەزنى قولغا كىرگۈزگەن مۇستاپا بىرىنچى مەھمەتكە قارشى يۈرۈش قىلىدۇ، لېكىن بىرىنچى مەھمەت ئۇنى

سەلانىككە چېكىنىشكە مەجبۇرلايدۇ. ۋېنزانتىيە بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلىشقا بەل باغلىغان بىرىنچى مەھمەت، ۋېنزانتىيەلىكلەرنىڭ تىنچلىق ئورنىتىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ كېلىشىم ئىمزالايدۇ. كېلىشىمنىڭ روھىغا ئاساسەن، بىرىنچى مەھمەت ھاياتتىلا بولىدىكەن، ۋېنزانتىيە ئىمپېراتورى مۇستاپانى قاماقتا تۇتۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بەدىلىگە بىرىنچى مەھمەت 300 مىڭ ئاقچىنى ھەر يىلى ۋېنزانتىيە ئىمپېراتورلۇقىغا تاپشۇرىدۇ. مۇشۇنداق بىر قالايمىغان بىر پەيتتە، ۋەنەدىكلىكلەر 1416- يىلى 29- مايدا گەلىبولۇدىكى ئوسمانلى دېڭىز ئەسلىھەلىرىگە ئېغىر زىيان سالىدۇ.

مۇستاپا ئارقىلىق خالىغان نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ رەقىپ دۆلەتلىرى بۇ قېتىم شەيخ بەدرەتتىن ئىسىملىك بىر مولىلىغا دىنىي موتىفلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەسلىدە بىرىنچى مەھمەتنىڭ سەلتەنىتىگە قارشى ئىسيان چىقارغۇزىدۇ. مۇستاپا ۋەقەسىدىكىگە ئوخشاشلا، ئىزنىكتە مۇدەررىسلىك قىلىدىغان بەدرەتتىن دەسلەپتە جاندارئوغلۇ بەگلىكىگە بارىدۇ. ئۇ يەردىن دېڭىز يولى ئارقىلىق ئەفلاك شاھزادىسى مىرچانىڭ قېشىغا ئۆتىدۇ. دەلىئورماندا ئىسيان قوزغاپ، سىلىسترانى ئىشغال قىلىدۇ. لېكىن مەھمەت، شەيخ بەدرەتتىننى ئەسكى زاغرادا تۇتىۋالىدۇ ۋە 1416- يىلى دېكابىر ئېيىدا سەرەزدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ.

مۇستاپا ۋە شەيخ بەدرەتتىن ئىسيانلىرىنى باستۇرغان بىرىنچى مەھمەت،1417- يىلى ئۇلارغا ياردەم قىلغان جاندارئوغۇللىرى ۋە قارامان بەگلىكىگە قارشى يۈرۈش قىلىدۇ ۋە ھەر ئىككى دۆلەتنى ئوسمانلى دۆلىتىگە بويسۇندۇرىدۇ. 1421- يىلى ئاماسيادا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان شاھزادە مۇرات، جاندار ئوغۇللىرىنىڭ قولىدىكى سامسۇننى قولغا كىرگۈزىدۇ. ئىسياننى قوللىغان مىرچاغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، ئۇنىمۇ ئوسمانلى دۆلىتىگە بويسۇندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەھمەت ئۆزىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، قايتىدىن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ بىردىن بىر ھۆكۈمدارىغا ئايلىنىدۇ. بىرىنچى مەھمەتنىڭ ھۆكۈمدارلىقى جەريانىدىكى ئاساسلىق مەسىلە ئانادولۇ ۋە بالقان رايونلىرىدا تەكرار ئوسمانلى ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى،

ئوسمانلى خانىدانىنىڭ باشقا كۆچلەر ئالدىدىكى ئۈستۈنلۈكىنى قوبۇل قىلدۇرۇش بولدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئوسمانلى ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ زېمىنلاردا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدىغان ۋە ئىچىدە ھەربىيلەرمۇ بولغان قورۇقچىلىق سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى ۋە كەڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ توققۇزىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


Halil inalcrk, "Mehnret I", TDVIA, c· 28·

()snronlt imporatorluPu 7'arihi-yay· Robet Manlran· gev· Sener Tanilli· Istan?bul 1992

Necdet Sakaollu· Bir l\{iilktin Shhanlan,lstanbul 2000·


## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-10

«ئىككىنچى مۇرات (1421-1451)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس ھۇزۇرۇڭلاردا...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئونىنچى بۆلۈمىدە «ئىككىنچى مۇرات (1421-1451)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىككىنچى مۇرات (1421-1451)»

ئىككىنچى مۇرات 1421- يىلى تەختكە ئولتۇرغاندا ئۈچ ئوغۇل قېرىندىشى بار ئىدى. بۇلار سەككىز ياشتىكى يۇسۇپ، 7 ياشلىق مەھمۇت ۋە 12 ياشلىق مۇستاپالار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇستاپا ھامىد ئىلىنىڭ ھاكىملىقىنى قىلىۋاتقاندا، يۇسۇپ ۋە مەھمۇت بولسا، بىرىنچى مەھمەت ۋاپات بولغاندا دۈزمەچە مۇستاپا دەپ ئاتىلىدىغان قېرىندىشىنىڭ قايتىدىن ۋىزانتىيە تەرىپىدىن تەخت مۇجادىلىسىگە ئارىلاشتۇرۇلماسلىقى ئۈچۈن ئىككىنچى مانۇئېلغا بېرىلىش ئۈچۈن بەيازىد پاشاغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى مۇرات تەختكە ئولتۇرغاندا، قېرىنداشلىرىنىڭ ۋىزانتىيەلىكلەرگە بېرىلىشىگە قارشى چىقىدۇ. بۇ ئەسنادا ئاتىسى ئىككىنچى مانۇئېل بىلەن بىرلىكتە ئىمپېراتور دەپ ئېلان قىلىنغان ئۈچىنچى لوئاننېس پالېئولوگوس بۇ ئەھۋالنى رەقىبلەرچە بىر خىل پوزىتسىيە دەپ قاراپ، ئوسمانلىلارغا قارشى دۈشمەنلەرچە سىياسەت يۈرگۈزۈشكە باشلايدۇ. بۇ مەقسەتتە قوللىرىدا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ئىككىنچى مۇراتنىڭ تاغىسى مۇستاپانى قايتىدىن تەخت تالىشىش جىدىلىگە كىرگۈزىدۇ. مۇستاپاغا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئايدىنئوغلى جۇنەيتمۇ قوشۇلىدۇ.

ئانادولۇدا بولسا، ئىككىنچى مۇراتنىڭ قېرىندىشى مۇستاپانى گەرمىيانئوغلى ۋە قارامان ئوغۇللىرى قوللايدۇ، شۇنداقلا ئوسمانلى تەختىنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىشىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىككىنچى مۇرات تەختكە ئولتۇرغان 1421- يىلى گەرمىيان ئوغۇللىرى، ئايدىن ۋە سارۇھان بەگلىكلىرى، قارامانلىلار ۋە گەرمىيان ئوغۇللىرىنى، ئوسمانلى دۆلىتىنى پارچىلاپ، قايتىدىن مۇستەقىللىقلىرىگە ئېرىششلىرى ئۈچۈن قېرىنداشلار ئارىسىدا جىدەل پەيدا قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئىككىنچى مۇرات سەلتەنەتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ، يىلتىزى فېترەت دەۋرىگە قەدەر سوزۇلىدىغان بۇ قېرىنداشلار جىدىلى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. بارلىق كۈچىنى ئوسمانلى مەنبەلىرىدە دۈزمەجە ئوسمانلى دەپ زىكىر قىلىنىدىغان تاغىسىنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇشقا سەرپ قىلىدۇ. مۇستاپانىڭ ئىسيانىنى باستۇرالمىغان ۋەزىرى ئەزەم بەيازىد پاشا ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ ، ئورنىغا تېخىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن سىياسەت يۈرگۈزىدىغان جاندارھلى پاشا تەيىنلىنىدۇ. ئىككىنچى مۇرات ، تاغىسى مۇستاپانى يېڭىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىسيان قوزغىغان جۇنەيت بەگكە بۇرۇنقى زېمىنلىرى بولغان ئايدىنلى ۋە ئىزمىر بەگلىكىنى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ ، مۇستاپانى تاشلاپ كېتىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. رۇمئەلدە مىخائىل ئوغلى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ مۇستاپاغا قاراشلىق بەگلەرنى ئۆز سېپىگە تارتىشقا تىرىشىدۇ. مۇستاپانىمۇ ۋىزانتىيەگە سېتىلغان بىر كىشى سۈپىتىدە كۆرسىتىدىغان قويۇق تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرىدۇ. جەنەۋىزلىكلەر بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئورناتقان مۇرات ، بوغۇزلاردىن ھالقىپ رۇمئەلى زېمىنلىرىغا كىرىدۇ ۋە مۇستاپانى 1422 - يىلى قىشتا قولغا كىرگۈزۈپ ، ئەدىرنەدە ئۆلتۈرگۈزىدۇ. تاغىسى مۇستاپانى قوللىغان ۋىزانتىيەنى جازالاش ئۈچۈن ئىستانبۇلنى مۇساسىرىگە ئېلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋىزانتىيە ۋە ئوسمانلىغا قارشى ئانادولۇ بەگلىكلىرى مۇراتنىڭ ياش بىر تۇغقىنى مۇستاپانى سەھنىگە چىقىرىدۇ. مۇستاپا ، ئاكىسى ئىككىنچى مۇرات ئىستانبۇلنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋاتقان پەيتتە ئىزنىككە كېلىدۇ ۋە ئانادولۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. مۇرات ، بۇ ئەھۋالدىن كېيىن ئىستانبۇل مۇھاسىرىسىنى بوشىتىپ ، ئىزنىككە قايتىدۇ. ئىستانبۇلغا قاچقان مۇستاپا قايتىدىن ئانادولۇغا قايتىدۇ ۋە ئاكىسى مۇرات بىلەن باشلىغان كۈرەشنى 1423 - يىلى 20 - فېۋرالدا ھاياتىدىن ئايرىلىش ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بارلىق ئىسيانلارنى قوللىغان ئايدىن ئوغلى جۇنەيت بەگمۇ 1425 - يىلى ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ، ئىككىنچى مۇرات پادىشاھلىقىنىڭ دەسلەپكى تۆت يىلدا بارلىق ئىچكى

خەۋپلەرنى بىتەرەپ قىلىپ، ئەجدادلىرىنىڭ كېڭىيىش سىياسەتلىرىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق پۇرسەتنى قولغا كەلتۈردى.

..........................................................................

دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى بىتەرەپ قىلغان ئىككىنچى مۇرات دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ رۇمېلى زېمىنلىرىغا مەركەزلەشتۈردى. 1387 ـ يىلى ئوسمانلىلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىنغان ۋە 1403 ـ يىلى فېترەت مەزگىلىدە سۇلەيمان چەلەبى تەرىپىدىن ۋىزانتىيەلىكلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن سەلانىكنىڭ ئېلىنىشى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلدى. ۋىزانتىيەلىكلەر، سەلانىكنى قوغداپ قالالمايدىغانلىقلىرىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، 1423 ـ يىلى پۇل ـمال بەدىلىگە سەلانىكنى ۋەنەدىكلىكلەرگە ساتتى. بىراق سۇلتان مۇرات "ئاتا يۇرت"دەپ قارايدىغان سەلانىكنىڭ ۋەنەدىكلىكلەرگە سېتىلىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ھەر تۈرلۈك بېسىملارغا قارىماي قارارىنى ئۆزگەرتمەيدۇ ۋە سەلانىكنى 1430 ـ يىلغا قەدەر مۇھاسىرە قىلىپ تۇردى. نىھايەت 1430 ـ يىلى 29 ـ مارتتا سەلانىك پەتھى قىلىندى ۋە 1912 ـ يىلىدىكى بىرىنچى بالقان ئۇرۇشىغا قەدەر ئوسمانلى زېمىنى بولۇپ قالدى. سەلانىكتىن كېيىن ئەپىر رايونىنىڭ مەركىزى بولغان يانيامۇ شۇ يىلى پەتھى قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوسمانلى كۈچلىرى جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ ئۈچ ھۇجۇمچى بېگى تۇراخان بەگ قوماندىلىقى ئاستىدا مورا يېرىم ئارىلىنىڭ ئىچكى رايونلىرىغىچە يېتىپ باردى. ئاتىنادىكى لاتىن مۇستەبىتلىكى ئوسمانلى دۆلىتىگە بوي سۇنۇشنى قوبۇل قىلدى. ئەينى شەكىلدە مورادىكى ۋىزانتىيەنىڭ داۋامى بولغان مۇستەبىت ھۆكۈمدارلىقمۇ ئىككىنچى مۇراتقا يىللىق خاراج تۆلەشنى قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئىككىنچى مۇرات، ئوسمانلى دۆلىتىنى قايتىدىن بوۋىسى يىلدىرىم بەيازىدنىڭ 1402 ـ يىلى قالدۇرۇپ كەتكەن ھالىتىگە كەلتۈردى. 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئوسمانلى دۆلىتى پارچىلانغان، تەخت تالىشىش كۈرەشى

يۈزىسىدىن ئېچكى ئۆرۈشنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە ۋىزانتىيەگە ئىتائەت قىلىدىغان ھالدىن قۇتۇلۇپ، رايونىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سىياسىي سەلتەنىتىگە ئايلىنىدۇ.

بۇلاردىن كېيىن بالقان رايونىدا ئوسمانلىنىڭ ئالدىنى توسۇپ قالالايدىغان كۈچ قالمايدۇ. ئەمما بۇ قېتىم پاپا ۋە ۋەنەدىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئوتتۇرا ياۋروپادىكى ۋېنگىرىيە بىر كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ۋېنگىرىيە پادىشاھى سىگىزمۇند ۋە ئېردېل (ترانسىلۋانىيە) بېگى ھۇنيادى قوماندانلىقىدىكى قوشۇن 1443 –1444 يىللىرى ئوسمانلى قوشۇنلىرىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ۋېنگىر قوشۇنلىرىنىڭ ئوسمانلىلار تۇنجى قېتىم كۆرگەن مىلتىق ۋە توپقا ئوخشاش قوراللار بىلەن قوراللانغان بولۇشى ئىدى. تۇنجى قېتىم قارىمۇ قارشى ھالغا كەلگەن مەزكۇر قوراللىق قىسىملاردىن ئالغان تەجرىبىلىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوسمانلىلار ئۆز قىسىملىرى ئىچىدە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. پۇرسەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈش ئۈچۈن ئىككىنچى مۇرات بارلىق ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلىرى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالايدۇ ۋە تەختىنى ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن ئوغلى ئىككىنچى مەھمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مانىساغا قايتىدۇ

..........................................................

ئوسمانلى تارىخىدا، سالامەتلىكى ياخشى ھالدا ئىكەن تەختىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بىر سۇلتان بولۇپ، مىسالى تېپىلمايدىغان بۇنداق بىر ھادىسە ئالدىدا، رەقىبلىرى بالا پادىشاھنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن تىنچلىق كېلىشىملىرىنى بۇزۇشىدۇ. ئاساسلىقى ۋېنگىرلار تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان ئەھلى سەلىپ قوشۇنلىرى تۇنادىن ئۆتۈپ ۋارانغىچە ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن دۆلەت ئەركانى ئىككىنچى مۇراتنى قايتىدىن تەختكە چاقىرىدۇ. ئىككىنچى مۇرات يەنە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان شەكىلدە ھېچقانداق ئۇنۋانى بولماستىن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ،

چاناققەلئە بوغۇزىدىن ئۆتتىدۇ ۋە ئەھلى سەلىپ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. 1444 - يىلى 10 - دېكابىردىكى ۋارنا ئۇرۇشىدا ئەھلى سەلىپ قوشۇنى ئىنتايىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۇنانىڭ شىمالىدا قارشىلىق كۆرستەلەيدىغان كۈچ قالمايدۇ.

ئىككىنچى مۇرات دەۋرىدە بالقانلاردىكى ئاخىرقى قېتىملىق قارشىلىق كۆرستىش تىرىشچانلىقى يەنە ۋېنگىر ھۇنيادىنىڭ ئەفلاك قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بارغان يۈرۈشى بولىدۇ. ئوسمانلى قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغان سېربىي قوشۇنلىرى 1448 - يىلى 19 - ئۆكتەبىردە ئىككىنچى كوسوۋا ئۇرۇشىغا كىرىدۇ. نەتىجىدە ۋېنگىرلار ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، ئىككىنچى مۇرات ئۇچۇن ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەتنى جانلاندۇرۇش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇش دەۋرى باشلىنىدۇ.

ئانادولۇنى ئايلىنىش ئەسناسىدا ئىككىنچى مۇرات بىلەن ئۇچراشقان فىرانسۇز سەييياھ بېرتراندون ئۇنى پاكار ۋە دىقماق، بۇرنى چوڭ، كۆزلىرى كىچىك، قارامتۇل ۋە ياناقلىرى كەڭ دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى مۇراتنىڭ قەلبى يۇمشاق، خوشپېئىل، مەرتلىكىنى قەيت قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇشتىن تويۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە تىنچلىقسۆيەر بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنمۇ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىككىنچى مۇرات ھاياتىنى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزگەن بولۇشىغا قارىماي، قاچانكى كۈچلۈك ئورۇنغا ئۆتسە تىنچلىق كېلىشىملىرىنى ئىمزالىغان بولۇشىمۇ، سەيياھ بېراتراندوننىڭ قاراشلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئوسمانلى مەنبەلىرىمۇ 1451 - يىلى 47 يېشىدا ئەدىرنەدە ۋاپات بولغان ئىككىنچى مۇراتنىڭ قەلبىنىڭ يۇمشاقلىقى ۋە خەير سۆيەرلىكى ھەققىدە كۆپلەپ توختىلىدۇ. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپقا، ئىلىمغا ۋە سەنئەتكە ھېرىسمەن ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. ئىككىنچى مۇرات، ئوسمانلى تارىخىدا شېئىر يازغان تۇنجى پادىشاھ بولۇپ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئاتىسى بىرىنچى مەھمەتكە ئوخشاش ياخشى

تەربىيە ئالغانلىقى ۋە بىر كۈنى پادىشاھ بولىدۇ دەپ قارالغان شاھزادىلەرنى ياخشى تەربىيىلەشنىڭ ئوسمانلى سارىيىدا ئەنئەنىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىر ۋىزانتىيەلىك تارىخچىنىڭ ئىبارىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ دەۋرىدە گەلىبولۇ بوغۇزىدىن تۇناغىچە بولغان جايلاردىكى تۈركلەر، ئانادولۇدىكى ئوسمانلىغا قاراشلىق تۈركلەردىن كۆپتۇر. بۇ جۈملە ئىككىنچى مۇراتنىڭ رۇمئەلى زېمىنلىرىنى قانچىلىك تۈركلەشتۈرگەنلىكىنىڭمۇ ئىسپاتىدۇر. ئىككىنچى مۇرات، بۇرسادا مۇرادىيە كۈللىيەسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەدىرنەدە مەدرەسە ۋە ئۈچ گۈمبەزلىك جامە بىلەن بىرگە ئەدىرنە دەرياسىغا سېلىنغان 392 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 174 كۆزلۈك ھەشەمەتلىك كۆۋرۈكنىمۇ ئىنشا قىلدۇرۇپ، زامانىمىزغا قەدەر كېلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئونىنچى بۆلۈمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


H. İnalcık, "II. Murat", İA, c. VIII.

Osmanlı İmparatorluğu Tarihi, yay. Robet Mantran, çev. Server Tanıllı, istan? bul 1992. Necdet Sakmğlu, Bir Mülkün Sultanları, İstanbul 2000 . Levent Kayapınar, "Yunanistan'da Osmanlı Hakimiyetinin Kurulması (1361-1461) Türkler, c.IX. a. 18/7-195, Ankara 2002.


## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-11

## «ئىككىنچى مۇرات دەۋرىدە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېما ھۇزۇرۇڭلاردا...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئون بىرىنچىبۆلۈمىدە «ئىككىنچى مۇرات دەۋرىدە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىككىنچى مۇرات دەۋرىدە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى»

ئوسمانلى مەنبەلىرى ۋە تارىخىي ئىزلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىچە، ئىككىنچى مۇرات دەرۋى (1421-1451) ئوسمانلى دۆلىتى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە باياشاتلىق سەۋىيەسىگە ئېرىشىدۇ. ئىككىنچى مۇرات قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنى ئاسراش بىلەن بىرگە، خەلقىنىڭمۇ باي بولۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ ۋە بۇ يولدا ئۇلارغا ھەمدەم بولىدۇ. ئادىل تۈزۈمىنىڭ سايىسىدا خاتىرجەملىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئىككىنچى مۇرات، دۆلەت مىقياسىدا كەڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر نەتىجىسدە ئانادولۇ ۋە رۇمئەلى كۆپلىگەن جايلاردىن كۆچمەن جەلپ قىلىشقا باشلايدۇ. بۇرسادىكى 1426- يىلى ئىنشا قىلىنغان جامە ۋە ئىمارەت بۇ قۇرۇلۇشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى مۇرات، بۇ جامەنىڭ يېنىغا بىر مەدرەسە سېلىپ، جامە بىلەن مەدرەسەنىڭ ئارىسىغا بىر قەبرىنىڭ سېلىنىشىنى ۋە ئۆلگەندە بۇ يەرگە دەپنە قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. كېيىنچە بۇ يەر مۇرادىيە دەپ ئاتىلىدىغان جاينىڭ مەركىزىگە ئايلىنىدۇ. ئىككىنچى مۇرات دەۋرىدە بۇرسانى كەزگەن فىرانسۇز سەيياھ بېرترادون بۇ يەرنى ناھايىتى مۇھىم بىر مەركەز دەپ تەرىپلىگەندىن كېيىن، تۆت ئىمارەتنىڭ ھەممىسىدە كەمبەغەللەرگە تاماق تارقىتىلىدىغانلىقىنى، شەھەرنىڭ بازارلىرىدا ھەر خىل رەختلەرنىڭ سېتىلىدىغانلىقىنى، قىممەت باھالىق تاشلار ۋە مەرۋايىتلارنىڭ مۇۋاپىق باھادا بازارغا سېلىنغانلىقىنى،

شۇنداقلا جەنەۋىزلىك ۋە ۋەنەدىكلىك سودىگەرلەرنىڭ بۇ يەردە سودا پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئاتقانلىقىنى قەيت قىلىش ئارقىلىق، ئوسمانلى مەنبەلىرىدىكى بۇ دەۋرنىڭ باياشاتلىقىغا دائىر ئۇچۇرلارنى كۈچلەندۈردۇ. ئىككىنچى مۇرات دەۋرىدە سېلىنغان ۋە زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەن بىناكارلىق ئەسەرلىرى ئارىسىدا ئەدىرنەدە سالدۇرغان مۇرادىيە جامەسى، دارۇلھەدىس جامەسى ۋە مەدرەسەسى بىلەن ئۈچ گۈمبەزلىك جامەنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئەرگەنە دەرياسىغا سېلىنغان 174 كەمەرلىك كۆۋرۈك بارلىق سەنئەت تارىخچىلىرى تەرىپىدىن بىر ئاجايىبات دەپ تەرىپلەنمەكتە ۋە ئۇزۇن كۆۋرۈك دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئەسەر ئوخشاش نامغا ئىگە بولغان ناھىيەنىڭ جەۋھىرىنى شەكىللەندۈرمەكتە. ئۇنىڭ زامانىمىزغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن يەنە بىر ئەسىرى بولسا، بەي ھامامى دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇستىگە 1444 - يىل دەپ يېزىلغان سەلانىكتىكى ھامامدۇر. 1445 - يىلى مانىسا سارىيى ۋە ئەدىرنەدىكى يېڭى سارايمۇ ئۇنىڭ دەۋرىدە سېلىنىشقا باشلىغان.

ئوسمانلى سۇلتانى ئىككىنچى مۇرات مېھرىبانلىقى ۋە ياخشىلىق سۆيەرلىكى بىلەن تونۇلغان، تەسەۋۋۇپ، سەنئەت ۋە ئىلىمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋە شېئىر يازىدىغان تۇنجى ئوسمانلى پادىشاھىدۇر. سۇلتان ئىككىنچى مۇرات سەلتەنىتى دەۋرىدە، ئوسمانلى ئىلىم ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى باشلىغانلار موللا يەگان، خاتىبئوغلى ۋە خىزىر بەگ دېگەندەك زىيالىيلاردۇر. بۇنىڭدىن باشقا خوراسان، ئىران، قىرىم ۋە ئەرەبىستاندىن كەلگەن موللا گۈرانى، ئالائۇددىن تۇسى، شەرافەتتىن قىرىمى، قەخرۇددىن ئەجەمى ۋە ئەجەمى سىنانغا ئوخشاش زىيالىيلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلىم ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ھەسسە قوشقان كىشىلەردۇر.

سۇلتان ئىككىنچى مۇرات تىنچلىق مەزگىللىرىدە ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئالىم ۋە شائىرلارنى سارايغا چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشەتتى، ئۇتۇق قازانغانلارنى مۇكاپاتلايتتى. نەتىجىدە ناھايىتى كۆپ ئەسەر قەلەمگە ئېلىندى، ئەرەبچە ۋە پارسچە كۆپلىگەن ئەسەرلەر تۈركچىگە تەرجىمە قىلىندى. سۇلتان

ئىككىنچى مۇرات ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن سۆز ئىبارىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. يېزىلغان ئەسەرلەردە ساپ ۋە مەنىسى ئېنىق تۈركچە سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. 13 - ئەسىردە ئىككىنچى كەيكاۋۇسنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېزىلغان «دانىشمەننامە» نى توكات قەلئەسى كاتىپى ئارىپ ئەلىگە روشەن ۋە ساپ تىل ئىشلىتىپ تەكرار قەلەمگە ئالدۇرۇشى، ئۇنىڭ ئاڭلىق تىل چۈشەنچىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتىدۇر.

................................................................

ئىككىنچى مۇرات دەۋرىدە يېزىلغان ياكى تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تېمىلىرى ئېتىبارى بىلەن خىلمۇ خىل، تىل نۇقتىسىدىن بولسا ئىنتايىن باي ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇلاردىن دىنىي مەزمۇندىكى 1425 - يىلى دەۋلەتئوغلى يۈسۈپ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان فىقھى كىتابى «ۋىقايە»، 1226 - يىلى خاتىبئوغلى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان يۈز ھەدىس ۋە يۈز ھېكايىدىن تەشكىل تاپقان «فەرەھنامە» ناملىق ئەسەر، شەيخ ئەلۋانى شىرازى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان «گۈلشەنى راز» (سىرلارنىڭ گۈل باغچىسى) ناملىق مەسنەۋىي قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا 1427 - يىلى ئورۇچ غازى بىن شابان تاماملىغان، 10410 بېيىتتىن تەشكىل تاپىدىغان ئانسىكلوپېدىك ئەسەر «مۇرادنامە»، 1421 - 1427 يىللىرى ئارىسىدا پىر مۇھەممەد تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان «تەرىقەتنامە»، 1429 ۋە 1430 - يىللىرى ئارىسىدا ئابدى تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە دانىيال پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى جاماسىبنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ھېكايە قىلىدىغان «جاماسىبنامە»، شەيخىنىڭ «خۇسرەۋۋ شىرىن» ى، ئىزنىكلىق ھۇمامى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان «سىنامە»، ئارىپ ئىسىملىق بىر شائىرنىڭ «مۇرشىدۇل ئۇھبەداد» ناملىق ئەسىرى بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى بايان قىلىدىغان «نۇسخەئى ئالەم»، «مەۋلۇد»، «مىراجى نەبى» ۋە «ۋەفاتۇننەبى» ناملىق ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن مەسنەۋىيلەر ئىككىنچى مۇرات دەۋرىدە يېزىلغان ياكى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ زامانىسىدا يەنە

تارىخ ساھەسىدىمۇ ئىككى بۈيۈك ئەسەر روياپقا چىققان. بۇلارنىڭ بىرى يازىجىزادە ئەلى تەرىپىدىن 1436 - يىلى يېزىلغان «ئوغۇزنامە» ياكى «سەلچۇقنامەئىئ تارىخى ئەلى سەلچۇق» (سەلجۇقىيلار خانىدانىنىڭ تارىخى) بولۇپ، ئوسمانلىلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەر سوزۇلغان ھېكايىلىرىنى بايان قىلىدىغان تۇنجى تۈركچە ئەسەردۇر. يەنە بىرى بولسا، ئىككىنچى مۇراتنىڭ بالقان رايونلىرىدىكى ئۇرۇشلىرىنى ھېكايە قىلىدىغان «غەزەۋاتى سۇلتان مۇرات بىن مەھمەت خان» ناملىق ئەسەر بولۇپ، ھەر ئىككى ئەسەر تۈرك تارىخ ئەسەرلىرىنىڭ تۇنجى تۈركچە ئۈلگىلىرىدۇر.

سۇلتان ئىككىنچى مۇرات دەۋرىدە پەقەت شېئىرلا ئەمەس، ناھايىتى كۆپ نەسرى ئەسەرلەرمۇ قەلەمگە ئېلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە نەجمەتتىن دايە يېزىپ، سەلجۇقلار ھۆكۈمدارى ئالائىۇددىن كەيكۇباتقا تەقدىم قىلىنغان ئەخلاق، تەسەۋۋۇپ، دۆلەت ۋە خەلق ھاياتىنى مەزمۇن قىلىدىغان «مىرسادۇلئىباد مىنەل مەبدەئى ۋەلمەئال» ناملىق ئەسەر، قاسىم بىن مەھمۇد قاراھىسارى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «مۇرادنامە»، 1429 - يىلى مەھمۇد بىن قازىئى مانىياس تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان سەئدى «گۇلىستان» نىنىڭ ئانادولۇدا تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان تۇنجى نۇسخىسى بىلەن ئانسېكلوپېدىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەسرى «ئەجەبۇل ئاجائىب» ناملىق ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا مەھمۇد بىن مۇھەممەد شىرۋانىنىڭ قىممەتلىك تاشلار ۋە كۆچلەندۈرگۈچى دورىلار ۋە ئەتىرلەرنى چۈرىدىگەن ھالدا يېزىلغان «تۇھفەئى مۇرادى» سى بىلەن «تارىخىي ئىبنى كەسىر» نىڭ تەرجىمىسى، شەيخزادە ئەھمەد مىسرىنىڭ «مىلك بىر كېچە» مەسەللىرىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈپ يازغان «قىرىق ۋەزىر ھېكايىسى»، مۇھەممەد بىن ئۆمەر ئەلھەلەبىنىڭ «ئەلفەرەج بەئدەششىددە» نىڭ تەرجىمىسى، ئاھى چەلەبى يازغان «فائىدەئى ھاسات» دېگەندەك كۆپلىگەن نەسرى ئەسەرلەر ئىككىنچى مۇرات دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

.....................................................................

ئانادولۇ سەلجۇقىيلىرى، بەگلىكلەر دەۋرى ۋە ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدىغان بۇ دەۋردە تۈركچە، گىراماتىكا شەكىللىرى ۋە سۆز خەزىنىسى نۇقتىسىدىن ئىنتايىن ئاددى بىر خىل تىل قۇرۇلمىسىغا ئىگە ئىدى. بۇ دەۋردە يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ پەقەت كىرىش قىسىملىرى ئېغىر ۋە مۇرەككەپ تىلدا يېزىلغانىدى. 14- ۋە 15- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن شېئىرى ئەسەرلەرمۇ ئاددى ۋە بولۇپمۇ 15- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ چېگرالىرىنى كېڭىيىشى ۋە سىياسىي بىرلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تىل بىرلىكىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى يولىمۇ تاللىنىدۇ. تۈركچە بۇ ئەسىردە بىر ئىمپېراتورلۇقنىڭ دۆلەت، ئىلىم ۋە ئەدەبىيات تىلى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىدۇ. يەنە بۇ دەۋردە ئەدەبىيات ساھەسىدە تۈركچە يېزىلغان مۇھىم ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. ئىلگىرىكى مەزگىللەردە تۈرك سارايلىرى بار بولغان شەھەرلەر بىلەن 15- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقنىڭ پايتەختى بولغاندىن كېيىن ئىستانبۇلنىڭمۇ بۇلار بىلەن بىرلىكتە بىرەر مەدەنىيەت ھالىغا كېلىشى، سارايدا فارسچىغا، مەدرەسەلەردە بولسا ئەرەبچىگە ئورۇن بېرىلىشى ئەسەرلەرنىڭ مەزكۇر تىللارغا بولغان قىزىقىشىنىڭ كۆچىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە سارايدا چەت ئەل شائىرلىرىغا، خۇسۇسەن ئىران ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن قىزىقىش كۈچىيىدۇ. تۈرك شائىرلار بىر -بىرلىرى بىلەن ئىران ئەدەبىيات ئۆلگىلىرىنى مودېل قىلىپ، رىقابەتلەشكەن ھالدا ئەسەرلەرنى يېزىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىران ئەدەبىياتىدىكى بارلىق شېئىر تۈرلىرى تۈرك ئەدەبىياتىغا كىرگەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ تۈردە ئورۇن ئالغان پارسچە بارلىق سۆز ۋە ئاتالغۇلار تۈركچىگە كېرىدۇ ۋە تۈرك تىل قۇرۇلمىسىدا مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە كۆرۈلگەن ئاددىي ۋە روشەن مەنىلىك تۈركچىنىڭ ئورنىغا ئەدەبىي ۋە ئىلمى ئەسەرلەردە پارسچە ۋە ئەرەبچە سۆزلەر كۆپلەپ ئىشلىتىلگەن بىر خىل تۈركچە ئىستىمال قىلىنىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت تۈركچىنىڭ ئارزۇ قاپىيەسىگە ماسلاشماسلىقى سەۋەبىدىن، شائىرلار ئەرەبچە ۋە

پارسچە ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يېزىق تىلى ئېغىز تىلىدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىش باسقۇچىغا كىرىدۇ ۋە مۇئەييەن بىر قاتلام تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغان تىل ھالىغا كېلىدۇ. نەتىجىدە تىلشۇناسلار «ئوسمانلى تۈركچىسى» دەپ ئاتايدىغان ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركچە سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تىل ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئون بىرىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:

Mustafa Özkan, "Erken Dönem Osmanlı Türkçesi", Osmanlı, c. 9.

Ottoman Civilization, yay. H. İnalcık, Günsel Renda, Ankara 2002.

Mehmet Neşri, Kitab-ı Cihan-nüma, yay. F. R. Unat, M. A. Köymen, Ankara 1987.

H. İnalcık, "Bursa", TDVİA, c. 6.

S. Eyice, "Edirne", TDVİA, c. 10.

F. Emecen, "Manisa", TDVİA, c. 27.

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-12

«ئىككىنچى مەھمەت (1451-1481)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېما ھۇزۇرۇڭلاردا....

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىكبۆلۈمىدە «ئىككىنچى مەھمەت (1451-1481)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىككىنچى مەھمەت (1451-1481)»

ئىستانبۇلنى پەتھى قىلغانلىقى يۈزىسىدىن فاتىھ سۇلتان دەپ ئاتالغان ئىككىنچى مەھمەت ئۈچۈن مەشھۇر تۈرك تارىخچىسى خالىل ئىنالجىك «فاتىھنىڭ خاراكتېرىدە تۈرك، ئىران، ئىسلام ۋە رىم ھۆكۈمدارلىق ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئوسمانلى پادىشاھى ئاپىرىدە بولغان» دەيدۇ. ئەسلىدە بۇ سۆز فاتىھنى چۆرىدىگەن ھالدا ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ بىر دۇنيا ئىمپېراتورلۇقى قۇرغانلىقىنىڭمۇ ئىپادىسىدۇر. ئەلۋەتتە ئىككىنچى مەھمەت بۇ نۇقتىغا مۇئەييەن مۇساپىلەرنى باسقاندىن كېيىن يېتىپ كەلگەن.

يەرلىك ۋە چەت ئەللىك كۆپلىگەن يازغۇچىلارنىڭ ئىككىنچى مەھمەتنى تەسۋىرلەپ يازغان يازمىلىرى بار. ئىتالىيەلىك زورزو دولفىن، ئۇنى مەرت، ھۇشيار، ئاز كۈلىدىغان، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان، رىم تارىخى ۋە گىرېك تارىخلىرىدىن ھېرودوتوسنى ئوقۇپ چىققان ياكى ئوقۇتۇپ ئاڭلىغان ئىزدىنىش روھىغا ئىگە بىر كىشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. يەنە بىر ئىتالىيەلىك يازغۇچى لانگۇستومۇ ئۇنى بويى ئېگىز، يۈزى ئۇزۇنچاق، ئاز كۈلىدىغان، سالاپەتلىك، دۇنيا دۆلىتى قۇرۇشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلغان، بىر نەرسە ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بىر كىشى دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئوسمانلى تارىخچىلىرىدىن نەشرى، ئۇنى قەيەردە بىر ئىلىملىك كىشى بولسا، ئۇنى ئىستانبۇلغا ئەكەلدۈرۈپ مائاش توختىتىدىغان ئىلىم ئەھلى ۋە سەنئەتچىلەرنىڭ ھامىيسى دەپ تەرىپلەيدۇ. نەشرى، ئۇنىڭ پەقەت ئالىملارنىلا ئەمەس، يوقسۇللارغىمۇ ھامىيلىق قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مەرتلىكىدىن پايدىلانمىغان ئىستانبۇلدا ھېچبىر پېقىر-پۇقرانىڭ قالمىغانلىقىنى ئەسكەرتكەندىن كېيىن ، مەرت، ئادىل ۋە ئىلىملىك بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ تەكىتلەيدۇ. ئىككىنچى مەھمەت ئالىملار ۋە سەنئەتچىلەر بىلەن

سۆھبەتلىششىنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۆلىمالاردىن ئىگىلىگەن پىكىرلەردىن دۆلەت باشقۇرۇش ۋە ئۆز شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتتۈرەتتى.

ئىككىنچى مەھمەتنىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدە، ئاتىسىنىڭ 1444- يىلى 8- ئاۋغۇستتا تەختنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى ۋە 1446- يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسىتىدە كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە سەلتەنەتتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىشىنىڭ كۈچلۈك رولى بار. 14- 16 ياش چېغىدىلا ھۆكۈمدارلىق تەختىگە ئولتۇرغان ۋە تەجرىبىسىزلىكى تۈپەيلى قايتىدىن شاھزادىلىك مەركىزى بولغان مانىساغا چېكىنىشى ئۇنىڭدا دۆلەت ئەربابلىرى ئۈستىدە نوپۇز يارىتىش بوشلۇقى پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە، بۇنىڭ جاۋابكارى دەپ قارىغان چاندارلىق ۋەزىر ئائىلىسگە نىسبەتەنمۇ قەلبىدە ئاداۋەت ساقلاشقا سەۋەب بولىدۇ. ئوسمانلى تارىخىدا سەلتەنەتكە ئىككى قېتىم چىققان بىردىن بىر سۇلتان بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ئىككىنچى مەھمەتنىڭ مانىسا سارىيىدىكى شاھزادىلىكى ئەسناسىدا ئۆزىگە تەربىيىلىگۈچى قىلىپ تەيىنلەنگەن شەھابەتتىن پاشا ۋە زاغانوس پاشانىڭ تەلىماتلىرى ئارقىسىدا، پەقەت ئىستانبۇلنى پەتھى قىلغان تەقدىردە ھەقىقىي مەنىدە بىر سۇلتان سۈپىتىدە نوپۇز يارىتالايدىغانلىقى ئىشەنچىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بۇ پىكىردە چىڭ تۇرۇشىنىڭ ئىمان كەلتۈرگەن دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئىستانبۇلنى پەتھى قىلىدىغان قوماندانغا دائىر ھەدىس بىلەن بىرگە ئۇنىڭ مانىسادىكى شاھزادىلىكى مەزگىلىدە قېشىغا ئەكىلىۋالغان ئىتالىيەلىك ئىنسانپەرۋەر ئانكوناغا ئوخشاش چەت ئەللىك زىيالىيلارنىڭ سايىسىدا گرېك ۋە لاتىن مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشقانلىقى ۋە روما تارىخىنى ئۆگىنىشىمۇ ئۇنىڭدا پەقەت ئىستانبۇلنى پەتھى قىلىش ئارقىلىقلا بىر جاھان ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرۇپ چىققىلى بولىدىغانلىقى پىكرىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ پىكىرلەر بىلەن يېتىلگەن ئىككىنچى مەھمەت ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 1451- يىلى 19- فېۋرالدا ئەدىرنەگە كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم ئوسمانلى تەختىگە ئولتۇرىدۇ.

.....................................................................

ئىككىنچى مەھمەت تەختكە ئولتۇرا ـئولتۇرمايلا ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئانادولۇ ۋە رۇمېلىدىكى زېمىنلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ۋە بۇ ئىككى يېرىم ئارال ئارىسىدا ھەر دائىم بىر توسالغۇ بولۇپ كەلگەن ھازىرقى كۆندىكى ئىستانبۇل ۋە ئەتراپى بىلەن چەكلىنىدىغان ۋىزانتىيەنى پەتھى قىلىش تەييارلىقلىرىنى باشلىۋېتىدۇ. لېكىن بۇ ئۈنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئىككىنچى مەھمەتنىڭ ئەجدادلىرى بولغان ئوسمانلى پادىشاھلىرىمۇ ئىستانبۇلنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن ئالتە قېتىم ئورۇنۇپ كۆرگەن ۋە ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان سەۋەبلەردىن ئۇتتۇقسىز ئاخىرلاشقانىدى. ھالبۇكى، ئىككىنچى مەھمەت پۈتۈن سىياسىتىنى ئىستانبۇلنى پەتھى قىلىشقا قاراتقانىدى. مەغلۇب بولغان تەقدىردە دۆلەت ھاياتىدا نوپۇز يارىتىشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. بولغۇسى بىر مەغلۇبىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەربىي ھازىرلىقلارنى ھەم دېڭىز ھەم قۇرۇقلۇق بولۇپ ئىككى قانات بويىچە پىلانلىق شەكىلدە ئېلىپ بېرىش خىزمەتلىرى باشلىنىدۇ.

قۇرۇقلۇق قىسىملىرى ئۈچۈن مۇستەھكەملىكلىرى بىلەن تونۇلغان شەھەر سېپىللىرىنى يىقىپ تاشلىيالايدىغان ئۇرۇش قۇراللىرىنى ياساشقا كىرىشىدۇ. بۇ ئىشنى ئەدىرنەدە روياپقا چىقىرىشنى قارار قىلىدۇ. ناھايىتى چوڭ توپ ئوقلىرى تەييارلىنىدۇ. بۇ قۇراللارنى ياساشتا يەرلىك ۋە چەت ئەللىك ئۇستىلاردىن پايدىلىنىلىدۇ ۋە ئۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قۇراللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار قۇرال ئۈچ ئايلىق جاپالىق ئىشلەش نەتىجىسىدە ياسالغان 600 كىلو ئېغىرلىقتىكى تاشلارنى ئاتالايدىغان مەنچاناقلار ئىدى. دېڭىز قىسىملىرى ئۈچۈنمۇ گەلىبولۇ كېمەسازلىق ئورنىدا ئۇرۇش كېمىلىرى ياسىلىدۇ. لېكىن مەنبەلەر، قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنىڭ قوراللىرىنىڭ شۇ دەۋرگىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئىلغار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويسا، دېڭىز قۇشۇنلىرىغا ئائىت ئوسمانلى ئۇرۇش كېمىلىرىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەرسىز ۋە ئەسكەرلىرىنىڭمۇ تەجرىبىسىز ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشىدۇ. شەھەرنى

پەتھی قىلىشنىڭ يەنە بىر تەييارلىقى، 1457 - يىلى ئىستانبۇل بوغۇزىنىڭ ئەڭ تار بولغان نۇقتىسىدا رۇمەلى تەرىپىدە «بوغاز كەسەن ھىسار»دەيمۇ ئاتىلىدىغان رۇمەلى سېپىلىنى ئىنشا قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ سېپىل ئىلگىرى بوغۇزنىڭ ئانادولۇ تەرىپىدە يىلدىرىم بەيازىد ئىنشا قىلغان ئانادولۇ ھىسارى (سېپىلى) نىڭ قارشى تەرىپىگە سېلىنىدۇ. مەقسەت ئىستانبۇل بوغۇزىنى كونترول قىلىش ۋە مۇھاسىرە قىلىش ئەسناسىدا شەھەرگە دېڭىز ئارقىلىق قارا دېڭىز تەرىپىدىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان ياردەملەرنى كېسىپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىككىنچى مەھمەت قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرغان رۇمەلى سېپىلى ئۈچ ئايدەك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتىدۇ ۋە ئاۋغۇست ئېيىدا ئۇ يەرگە ئەسكەرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

ئەدىرنەدە تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزگەن ئوسمانلى قوشۇنى 1453 - يىلى فېۋرال ئېيىدا ئەدىرنەدىن قوزغىلىپ، ئىستانبۇل سېپىللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ ۋە ئاپرېل ئېيىغا قەدەر ئەسكەر توپلايدۇ. 6- ئاپرېل كۈنى توپ ئوقلىرىنى ئېتىشقا باشلايدۇ. 53 كۈن داۋاملاشقان مۇھاسىرىدىن كېيىن 1453- يىلى 29- مايدا شەرقىي روما پەتھى قىلىنىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرى 659- يىلدىكى قۇرۇلۇشىدىن ئېتىبارەن 30 قېتىم ئەرەبلەر، بۇلغارلار، سېربلار ۋە تۈركلەر تەرىپىدىن مۇھاسىرە قىلىنغان ۋىزانتىيەنىڭ پەتھى قىلىنىشى ئىككىنچى مەھمەت تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىككىنچى مەھمەت ئەمەس، فاتىھ سۇلتان مەھمەت ئىدى.

..........................................................................

فاتىھ سۇلتان مەھمەت شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئەدىرنەدىن ئىستانبۇلغا يۆتكەيدۇ. ئۇ ئىستانبۇلنى پەقەت ئىستانبۇللۇقلارنىڭلا ئەمەس، دۇنيانىڭمۇ مەركىزى بولۇشىنى خالايتتى. بۇ مەقسەتكە مۇۋاپىق ھالدا 1204- يىلدىكى تۆتىنچى قېتىملىق ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدىن بىرى كىچىكلەپ، نوپۇسى ئازىيىپ كەتكەن ئىستانبۇلنى كېڭەيتىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، شەھەرنى

يېڭىدىن ئىنشا قىلىپ چىقىدۇ. بۇ خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئىستانبۇلنىڭ نوپۇسى سۈرئەت بىلەن كۆپىيىدۇ ۋە دۇنيانىڭ بارلىق جايلىرىدىن ئالىملار ۋە سەنئەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلايدۇ.

ئىستانبۇلنى پەتھى قىلغان فاتىھ سۇلتان مەھمەت دىققىتىنى بالقان رايونى ۋە ئانادولۇغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلىدۇ. 1457 ۋە 1460 - يىللىرىدىكى مورا ئۇرۇشلىرى ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولغان مورا خانلىقىنى يىمىرىپ تاشلايدۇ ۋە بۇ يەرنى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ بىر بەگلىكى ھالىغا كەلتۈرىدۇ. 1461 - يىلى ترابزونمۇ ئوسمانلى دۆلىتىگە قارىتىلىدۇ. 1470 - يىلى ئەگرىبوز ئارىلى پەتھى قىلىنىدۇ. 1454 ۋە 1478 - يىللىرى ئارىسىدا بالقان رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارنىڭ كۆپ قىسمىغا فاتىھ سۇلتان مەھمەت بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ئالبانىيە، سېربىيە، ئەفلاك ۋە قىرىم قاتارلىقلارنى پەتھى قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى كىچىك-كىچىك دۆلەتلەر ھالىغا كەلتۈرىدۇ. بۇ يۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسىدە، ئوسمانلى ھۇجۇمچى قىسىملىرى ئىتالىيەدە ۋەنەدىك ۋە ۋېنگرىيەدە ئەردالارغىچە بارىدۇ.

شەرقتە بولسا، فاتىھ سۇلتان مەھمەتنى ئەڭ كۆپ ئاۋارە قىلغان مەسىلە قارامانلى بەگلىكىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېڭىيىۋاتقان ئوسمانلىلارغا ئېلىپ بارغان مۇجادىلىسى بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئەزەربەيجاندا كۈچلۈك بىر تۈرك دۆلىتى قۇرغان ئاققويۇنلۇقلار بار ئىدى. ئاققويۇنلۇقلارنىڭ باشلىقى ئۇزۇن ھەسەننىڭ ئوسمانلىلارغا قارشى قارامانلىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى نەتىجىسىدە ئوسمانلى قوشۇنى بىلەن ئاققويۇنلۇقلار قوشۇنى ئارىسىدا 473 - يىلى 11 - ئاۋغۇستتا ئوتلۇقبەلى ئۇرۇشى مەيدانغا كېلىدۇ ۋە بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە ئوسمانلىنىڭ تەسىرى شەرقىي ئانادولۇ رايونىغا قەدەر كېڭىيىدۇ.

فاتىھ سۇلتان مەھمەت ئىدارە ئىشلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەتنىڭ مەركەزلىششىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ مەقسەتتە دۆلەت كادىرى بولىدىغانلارنىڭ بىر مەركەزدە تەربىيىلىنىشىگە، مەنسەپلىرىنى ئۆستۈرۈشتىمۇ كونا تۈزۈمگە دۆلەتكە ساداقەت ۋە خىزمەت كۆرسىتىش

ئۆلچەملىرىنى كىرگۈزدى. فاتىھ دەۋرىدە قانۇن ساھەسىدىمۇ كۆپ ساندا قانۇنناملەر ئېلان قىلىندۇ، كەڭ كەتكەن رايونغا يېيىلغان ئوسمانلى دۆلىتىدە ئورتاق قانۇنلار بىر قاتار مەھەللىي پەرقلەر بىلەن بىرلىكتە ئىجرا قىلىندۇ. ئاخىرىدا، تارىخچىلارنىڭ ئىككىنچى مەھمەتنىڭ بىر دۆلەتنى ئىمپېراتورلۇققا ئايلاندۇرۇشتا ئۇتتۇققا ئېرىشكەن، تۈركچە، رىمچە، سلاۋچە، ئەرەبچە ۋە پارسچىغا ئوخشاش تىللارنى بىلىدىغان بىر زىيالىي بولۇش بىلەن بىرگە، ئەسكىرى جەھەتتىمۇ 21 ياش ۋاقتىدا ئىستانبۇلنى پەتھى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە كىشىنى ئىكەنلىكىنى يازغانلىقىنى سىلەر بىلەن ئورتاقلاشقاندىن كېيىن سۆزلىرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئون ئىككىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


H İnalcık· "Mehmed II", TDVTA, c· 28·

F· Emecen, "İstanbul'un Fethi", Türkler c· 9

Ö· Bayrr, "Çağ Açan Fetih için Yapılan Hazırlıklar Türkler C·9

Necdet Sakaoğlu, Bir Mülkün Sultanları, istanbul 2000·


## ئوسمانلى سۇلتانلىرى- 13

«ئىمپېراتورلۇقنىڭ يېڭى پايتەختى ئىستانبۇل» ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات....

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىكبۆلۈمىدە «ئىمپېراتورلۇقنىڭ يېڭى پايتەختى ئىستانبۇل» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىمپېراتورلۇقنىڭ يېڭى پايتەختى ئىستانبۇل»

فاتىھ سۇلتان مەھمەت تەرىپىدىن پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئىستانبۇل ئىنتايىن ھارغىن دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرىۋاتقان بولۇپ، جانسىز دېگۈدەكلا بىر شەھەر ئىدى. ئىستانبۇلنى جانلاندۇرۇش، ئىمپېراتورلۇقنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن فاتىھ بۇ يەردە قويۇق شەكىلدە قۇرۇلۇش ۋە يەرلەشتۈرۈش پائالىيەتلىرى ئېلىپ باردۇ. 1204- يىلى لاتىنلار تەرىپىدىن قولغا كىرگۈزۈلگەن ئىستانبۇل، قالاقلىشىش دەۋرىگە كىرىپ، بىر يېرىمغىلا ئوخشاپ قالدۇ، شەھەردىكى باغ ۋە تېرىقچىلىق يەرلىرى سېپىل ئىچىدە قالدۇ. ئوسمانلىلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئىستانبۇلنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپ دېگەندە 50 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا. 1454- يىلى پاترىك قىلىپ تەيىنلەنگەن شولارىئوسنىڭ قارىشىچە، ئىستانبۇل، كۆپ قىسمى بوش ۋە خەلقى يوقسۇللۇق دەردىدىن پەرىشان بولىۋاتقان خارابە بىر شەھەر ئىدى.

شەھەرنىڭ پۈتۈنلەي خارابىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن فاتىھ، ئىستانبۇلنى مۇھاسىرىگە ئالغان ئەسنادا ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىدىن شەھەرنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدۇ، بىراق مۇداپىئەدە تۇرىۋاتقان لاتىنلارنىڭ مۇداخىلە قىلىشلىرى يۈزىسىدىن شەھەر ئوسمانلىلارغا تىنچلىق يولى بىلەن ئۆتمەيدۇ. نەتىجىدە فاتىھ، ئىسلام قانۇنلىرىغا كۆرە ئۇرۇش يولى بىلەن پەتھى قىلىنغان ئىستانبۇلنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن غەنىمەت تۇپلىشىغا رۇخسەت قىلدۇ. فاتىھ سۇلتان مەھمەت، بىنالارنىڭ ۋەيران

قىلىنماسلىقى شەرتى بىلەن 3 كۈن بويىچە شەھەردىن غەنىمەت توپلاشقا رۇخسەت قىلىدۇ. بۇ جەريان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئوسمانلى سۇلتانى دەرھال شەھەرنىڭ مۇھاپىزەت قىلىش ۋە يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىشقا كىرىشىدۇ. فاتىھنىڭ سارىيىدا ياشىغان ۋىزانتىيەلىك تارىخچى كرىتوۋۇلوسنىڭ ئەسكەرتىشىچە، سۇلتاننىڭ مەقسىتى ئىستانبۇلنى پەتھى قىلىشتىن ئىلگىرىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئەمەس، ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە شەھەرنى مۇكەممەل ھالغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئەلۋەتتە، شەھەرگە يېڭىدىن نوپۇس يەرلەشتۈرۈش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش دېگەنلىك بولاتتى.

پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئىستانبۇل خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ، قالغان قىسمى ئوسمانلىلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. يېڭىدىن شەھەر نوپۇسىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە فاتىھ، ئالدى بىلەن ئەسىرگە ئېلىنغان رىملارغا فىدىيەلىرىنى تۆلىگەن تەقدىردە قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

بۇلارنىڭ فىدىيە پۇللىرىنى تېپىشلىرى ئۈچۈن شەھەردىكى كەڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇش ساھەلىرىدە ئىشلەشلىرىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا فاتىھ سۇلتان مەھمەت، يوقسۇللارغا پۇل تارقىتىشنىڭ خەلقنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، شەھەر كوچىلىرىغا چىقىپ ئەھۋالنى كۆزىتىشكە باشلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا شەھەرنى تاشلاپ كەتكەن ئىستانبۇللۇقلارغا مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەپ، بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ رېمونت قىلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. 1453 - يىلى فاتىھ سۇلتان مەھمەت، سىلىۋرى ۋە گالاتادا ئولتۇرىدىغان خەلقنى ئىستانبۇلغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. رۇمئەلى ۋە ئانادولۇدىن 4 مىڭدىن ئائىلىنىڭ ئىستانبۇلغا كۆچۈرۈلۈشىنى بۇيرۇيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلار بولغىنىدەك، خىرىستىيان ۋە يەھۇدىيلارمۇ بار ئىدى. فاتىھ، بوش ئۆيلەرنىڭ باشقا شەھەرلەردىن كېلىپ ئورۇنلاشقانلارغا بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

1453 - يىلى ئىيۇن ئېيىدا ئەدىرنەدىكى سارىيغا بېرىشتىن ئىلگىرى فاتىھ، سۇلايمان بەگنى ئىستانبۇلنىڭ تۇنجى سۇ بېشى ۋە خىزىر بەگنى تۇنجى قازىسى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سۇلايمان بەگ بىلەن خىزىر بەگ ئىستانبۇلنىڭ قايتىدىن ئىنشا قىلىنىشى ۋە سېپىللارنىڭ رېمونت قىلىنىشى ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنىدۇ. شەھەر مەركىزىگە فاتىھ سۇلتان مەھمەت ئۆزى ئۈچۈن بىر ساراي سېلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە يەدىكۇلە تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ مۇستەھكەم قەلئە ھالىغا كەلتۈرۈلۈشىنى ئەمر قىلىدۇ. فاتىھنىڭ يەنە شۇ مەزگىللەردە ئىستانبۇلنى ئىمپېراتورلۇقنىڭ پايتەختى دەپ ئېلان قىلغان بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك.

..................................................................................

1453 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا ئەدىرنەدىن ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلگەن فاتىھ سۇلتان مەھمەت، شەھەرنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەسلىدە سۇلتاننىڭ پىكرى بىر قىسىم باي ئائىلىلەرنى ئىستانبۇلغا جەلپ قىلىش بولسىمۇ، بۇ ئائىلىلەرنىڭ ئۆي ـماكانلىرىنى تاشلاپ ئىستانبۇلغا ئورۇنلىشىشنى خالىماسلىقى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. 1454 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىستانبۇلنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن رىملىقلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە فاتىھ سۇلتان مەھمەت، شولارىئۇسنى ئىستانبۇلغا پاترىك قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئارقىدىن بۇرساغا بارغان فاتىھ سۇلتان مەھمەت ئۇ يەردىن كۆپ ساندا باي ۋە كەمبەغەل كىشىلەرنىڭ تاللىنىشىنى ۋە ئىستانبۇلغا كۆچۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

كېيىنكى يۈرۈشلىرى جەريانىدا پەتھى قىلغان شەھەرلەرنىڭ بايلىرى، ھۆنەرۋەن - كاسىپلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىستانبۇلغا سۈرگۈن قىلىدۇ. سۇلتان ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ بىر

قىسمىنى قوۋل سۈپىتىدە تاللاپ، ئىستانبۇلنىڭ يېمەك -ئىچمەك ماددىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا ۋە مەھەللىلەرگە ئورۇنلاشتۇردى.

ئىستانبۇلغا كۆچۈرۈلگەن خرىستىيان ۋە مۇسۇلمانلار رۇمەلى ۋە ئانادولۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلىرىدىن كەلگەنلەر ئىدى. كونا ۋە يېڭى فوچا، ئارگوس، ئاماسرا، ترابزون، مورا، تاشوز، كونيا، ئاقساراي، لافەندە ۋە ئەغرەلى قاتارلىق جايلاردىن كۆچۈرۈلۈپ ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن بۇ كىشىلەر، ئېلىپ كېلىنگەن جايلىرىغا كۆرە گۇرۇپپا ھالىتىدە ھەر بىرى ئايرىم -ئايرىم مەھەللىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەسىلەن، ئاقسارايدىن كەلتۈرۈلگەنلەر ئىستانبۇلدا ئاقساراي مەھەللىسىنى قۇردى. كەفەدىن كەلگەن بارلىق ئىتالىيەلىك ئائىلىلەر ئىستانبۇلغا كېلىپ، كەفەلى دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىگە ئورۇنلىشىدۇ. ئەدىرنە، فىلىبە، گەلىبولۇ، بۇرسا ۋە باشقا شەھەرلەرگە قاچقان رىم زىيالىي ۋە ھۈنەرۋەن -كاسىپلارغا قايتىپ كېلىشلىرى ئۈچۈن پەرمان چۈشۈرۈلدى.

1454- يىلى ئىسائاچ سافراتى گېرمانىيە ۋە ۋېنگرىيەدە دىنلىرىنى تەرك قىلىشقا مەجبۇرلانغان يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىپ، ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى تېروتورىيەسىنىڭ ئولتۇراقلىششقا ئىنتايىن مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، گېرمانىيە ۋە ۋېنگرىيەدىن كۆپ ساندا يەھۇدىي ئوسمانلى زېمىنلىرىغا كۆچۈشكە باشلايدۇ. 1487- يىلى ئىستانبۇلدا 1647 يەھۇدىي ئائىلىسى بار ئىدى.

.........................................................................

1455- يىلى فاتىھ سۇلتان مەھمەت سېربىيە يۈرۈشىدىن قايتقاندا، يەدىكۇلە قەلئەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە سېپىللارنىڭ رېمونت خىزمەتلىرىنىڭ تاماملانغانلىقىنى كۆردى. يېڭى ئىنشائاتلار ئۈچۈن پەرمان چىقىرىدۇ. بۈيۈك -كۈچۈك چەكمەجە ئارىسىدىكى كۆۋرۈكلەرنىڭ ۋە شەھەرگە بارىدىغان يوللارنىڭ ئوڭشىلىشى

ئۈچۈن پەرمان چۈشۈرىدۇ. بۇ يوللارنىڭ ئەڭ خەتەرلىك يەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە مۇداپىئە تىمىنىڭ سوقۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

1459 - يىلى ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى شېھىت بولغان جاي دەپ قارىلىدىغان يەرگە بىر جامە، بىر قەبرە، بىر مەدرەسە ۋە بىر ئىمارەت سالدۇرۇپ، بۇرسادىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەنلەرنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

سۇلتان، يېڭى سارايىنىڭ يېنىغا كىچىك بىر سودا - سېتىق مەركىزىنىڭ سېلىنىشىنى بۇيرۇيدۇ. فاتىھ زامانىدا بۈيۈك بەداستەن ياكى بەززازىستان دەپ ئىلىنىدىغان بۇ مەركەز، كېيىنچە ئىستانبۇلنىڭ مەشھۇر قاپالى چارشىسى (يېپىق بازىرى) غائايلىنىدۇ. بۇ بەدەستەن رەختلەر، پەلتۇلار ۋە زىبۇ - زىننەتلەرنىڭ ساقلىنىشىغا ئاجرىتىلغان بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەردە 128 دۇككان بار ئىدى. بەدەستەن ئەتراپىغا 894 دۇككان سېلىنىدۇ. بەدەستەن ۋاقىت ئۆتكەنسىرى يېڭى قۇرۇلۇشلار سېلىنىپ كېڭەيتىلىدۇ ۋە بۈگۈنكى كۈندە قاپالى چارشى دەپ ئاتىلىدىغان مۇھىم بىر سودا مەركىزى بولغان ماكان ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. فاتىھ سۇلتان مەھمەت، بەدەستەندىن كىرگەن كىرىمنى توپلاپ، ئايا سوفيا جامەسىنىڭ خىزمەت ۋە رېمونت ئىشلىرى ئۈچۈن ئاجرىتىدۇ.

بەدەستەن ئۈچۈن بىر قانچە هامام سالدۇرۇلىدۇ ۋە شەھەرگە كۆپلەپ سۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن كونا ئۆستەڭ ۋە سۇ قاناللىرى رېمونت قىلدۇرۇلىدۇ. ئىستانبۇلنىڭ كۆپلىگەن مەھەللىلىرىگە يېڭى هامام، بازار ۋە كارۋان سارايلار سالدۇرۇلىدۇ. يېڭى ساراي 1464 - يىلىدا پۈتكۈزۈلىدۇ. كېيىنچە توپقاپى سارىيى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان سارايمۇ فاتىھ دەۋرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن قورۇلۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، هازىرقى كۈندە دۇنيانىڭ ئەڭ باي ۋە قىممەتلىك ئاسارە - ئەتىقىلىرىگە ئىگە بولغان مۇزېيلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە. 1473 - يىلى چىنە خىشلىق ساراي سېلىنىدۇ. 1478 - يىلى ئارىسىدا سارايىنىڭ ئەتراپى ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشىلىدۇ.

ئوسمانلىلار، ۋەقفلەر سايىسىدا كۆپلىگەن خەير ـساخاۋەت ئورگىنىنىڭ ئىنشا قىلىنىشى ۋە بۇلارنىڭ خەلققە ئېچىۋېتىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. جامەلەر، مەدرەسەلەر، خانىقالار، هاماملار، كارۋان سارايلار، ئىمارەتلەر ۋەقفلەر سايىسىدا مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خەلققە خىزمەت قىلىدۇ. فاتىھ سۇلتان مەھمەتتىن باشقا دۆلەت ئەركانلىرىدىنمۇ كۆپلىگەن كىشى تەرىپىدىن ئىستانبۇلنىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلىرىغا جامەلەر، ياتاقلىق مەكتەپلەر، ئىمارەتلەر، هاماملار سالدۇرۇلدۇ. بۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدىغىنى مەھمۇت پاشادۇر. سېلىنغان بىنالارنىڭ ئەتراپىغا چىقىملىرى ۋەقفلەر تەرىپىدىن تەمىنلىنىدىغان سودا مەركەزلىرى سېلىنىدۇ. بۇ ئورۇنلار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەرەققىي قىلغان ئىستانبۇلنىڭ نېگىزىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىستانبۇلنىڭ كۆپلىگەن مەھەللىسى هازىرقى كۈندىمۇ مەھمۇت پاشا، گەدىك، ئەھمەت پاشا، مۇراد پاشا ۋە داۋۇد پاشا دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇپ، فاتىھ دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئىسىملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىستانبۇل ھەم فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ ھەم ئەتراپىدىكى دۆلەت ئەركانىنىڭ مەبلەغ سېلىشى ۋە تىرىشچانلىقلىرى سايىسىدا تۈرك ـمۇسۇلمان شەھىرى خاراكتېرىگە ئېرىشىپ، تەخمىنەن 5 ئەسىر بويىچە ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ پايتەختى بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئون ئۈچىنچى بۆلۈمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


Halil İnalcık, « The Re-building of istanbul by Sultan Mehmed The Conquer? or»Çuluna Turcica, Vol IV,1967, No 1-2·

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى -14

«ئىككىنچى بەيازىت» ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات....

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئىككىنچى بەيازىت (1481-1512)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىككىنچى بەيازىت (1481-1512)»

1448 - يىلى ئەدىرنەگە يېقىن يەرگە جايلاشقان دىمەتوكادا دۇنياغا كەلگەن ئىككىنچى بەيازىت، فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ گۈلباھار خاتۇندىن بولغان ئوغلىدۇر. ئىستانبۇل پەتھى قىلىنىنغىدا يەتتە ياشتا بولغان ئىككىنچى بەيازىت، تەرەپدارلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاماسيا سانجاق بەگلىكىگە ئەۋەتىلىدۇ. شاھزادىلىكى مەزگىلىدە خەتتاتلىقنى ئۆگىنىدۇ، ئەدەبىياتقا بېرىلىدۇ ۋە شاراپقا بېرىلىشى بىلەن نام چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ، ئادلى تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازغانلىقى مەلۇم. 1473 - يىلى فاتىھ سۇلتان مەھمەت بىلەن ئاققويۇنلۇ ھۆكۈمدارى ئۇزۇن ھەسەن ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئوتلۇقبەلى ئۇرۇشىغىمۇ قاتناشقان ئىككىنچى بەيازىتنىڭ شاھزادىلىكى مەزگىلىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بىرەر ئۇتۇقتا شېرىك بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. تىنچلىقپەرۋەر خاراكتېرى ئۇنىڭ سەلتەنەت بېشىغا كېلىشىدىن كېيىنمۇ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولۇپلا قالمىغان تەقدىردە، تىنچلىق سىياستى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئىككىنچى بەيازىتنىڭ، ئاتىسى فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ مەركەزچىلىك سىياسەتلىرىنى ئۇنىڭ هايات ۋاقتىدىمۇ قوللىمىغانلىقى مەلۇم. ئۇ، فاتىھنىڭ ۋەقپە ۋە مۈلك زېمىنلىرىنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈش سىياسىتىنى ئاماسيادىكى شاهزادىلىكى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرمەيلا قالماي، بىر قىسىم باجلارنىڭ ئېلىنىشىغىمۇ توسالغۇلۇق قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل پەرقلىق سىياسىتى، 1481- يىلىدىكى بىر يۈرۈش ئەسناسىدا فاتىھنىڭ گەبزەدە ۋاپات بولۇشىدىن كېيىنكى تەخت مۇجادىلىسىدە يەنىچەرىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ. فاتىھنىڭ يەنە بىر ئوغلى جەم بولسا، ئاتىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. ۋەزىرىئەزەم قارامانلى مەهمەت پاشانىڭ جەمنى سەلتەنەت بېشىغا ئېلىپ كېلىش سىياسىتىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن يەنىچەرىلەر، ئىستانبۇلدا ئىسيان قوزغاپ، قارامانلى مەھمەت پاشانى ئۆلتۈرۈش بىلەن بىرگە، بەيازىت ئىستانبۇلغا كېلىپ بولغۇچە، شۇ مەزگىلدە ئىستانبۇلدا تۇرىۋاتقان ئىككىنچى بەيازىتنىڭ ئوغلى قورقۇتنى تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ. 1481- يىلى 22- مايدا ئىستانبۇلغا كەلگەن ئىككىنچى بەيازىت، يەنىچەرىلەرگە كۆپلەپ ھەدىيەلەرنى بېرىپ، تەختكە ئولتۇرىدۇ.

ئىككىنچى بەيازىت، ئوسمانلى تارىخىدا ئىستانبۇلدا تەختكە ئولتۇرغان تۇنجى سۇلتان بولۇپ قالىدۇ. تارىخي مەنبەلەر ئۇنىڭ شاھزادىلىكى بىلەن سۇلتانلىقى ئارىسىدىكى پەرقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. سۇلتان بولغاندىن كېيىن شاراپنى تاشلىغان، خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىنى كۆپلەپ قىلىدىغان بىر سوپى سۇلتاننى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇ كېيىنچە «ۋەلى» دەپ سۈپەتلىنىشكە باشلايدۇ. 1503- يىلى ۋەنەدىكنىڭ ئىستانبۇل ۋەكىلى ئاندرېئا گىرىتتى، ئۇنى سېمىز، ئېغىر بېسىق، ئېتىقادى كۈچلۈك ۋە قەلبي يۇمشاق، سەنئەتكە ھېرىسمەن ۋە ئويما ئەشيالارنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشى دەپ تەرىپلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئىلاهىيەت ۋە ئاسترولوگىيەگە قىزىدىغانلىقى ۋە تارىلىق چالغۇلارنى چالالايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئىككىنچى بەيازىت دەۋرى ئوسمانلى يازما ئەسەرلىرى كۆپلەپ

روياپقا چىققان بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ. تارىخ ساھەسىدە پارسچىدا ئىدرىس بىتلىسى، تۈركچىدە ئىبنى كەمال ئايرىم ـئايرىم ھالدا ئوسمانلى تارىخىنى يېزىپ چىقىدۇ. نەشرى تارىخمۇ ئۇنىڭ زامانىدا يېزىلىپ تۈگەيدۇ، تۇرسۇن بەگمۇ ئەسىرىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ شاھزادىلىكى دەۋرىدىن باشلاپلا ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئەتراپىغا توپلىشى ۋە ئۇلارنى ئەسەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

..........................................................................

1481 - يىلى 22 - مايدا ئىستانبۇلدا ئىسيان كۆتۈرگەن يەنىچەرىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا تەختكە ئولتۇرغان ئىككىنچى بەيازىتنىڭ سەلتەنىتى بىر تۇغقىنى جەم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. جەم يىغقان ئادەملىرى بىلەن بىرلىكتە بۇرساغا كېلىپ، ئۇنى قولغا كىرگۈزىدۇ، ئۆز نامىدا پۇل باستۇرۇپ، خۇتبە ئوقۇتىدۇ ۋە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ سەۋەبلىك جەم سۇلتان دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن ئوسمانلى دۆلىتىدە ئىككى سۇلتاننىڭ ئوخشاش ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جەمنىڭ ئاكىسى ئىككىنچى بەيازىتقا سۇنغان ئۆزىنىڭ ئانادولۇ زېمىنلىرىدا، بەيازىتنىڭ بولسا رۇمېلى زېمىنلىرىدا قېلىشىنى چۈرىدىگەن ھالدا تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈش تەكلىپى قوبۇل قىلىنمايدۇ. 1481 - يىلى 22 - ئىيۇلدا بۇرساغا يېقىن جايدىكى يەنىشەھىردە مەيدانغا كەلگەن ئۇرۇشتا بەيازىت جەمنى مەغلۇب قىلىدۇ. جەم مىسىرغا قېچىپ كېتىدۇ. قارامان ئوغۇللىرى ۋە مەملۇكىلارنىڭ قوللىشى بىلەن بىر يىل كېيىن تەكرار ئانادولۇغا كېلىدۇ ۋە يەنە مەغلۇب بولۇپ، 1482 - يىلى 29 - ئىيۇلدا رودوس خانلىقىدىن پاناھلىق تىلەيدۇ. جەم 1495 - يىلى رومادا ۋاپات بولۇپ كەتكۈچە ئوسمانلىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە، بولۇپمۇ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە مۇھىم بىر ئامىل سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ.

ئىككىنچى بەيازىت، 1484 - يىلى ھازىر كۆندە مولداۋىيە دەپ ئاتىلىدىغان بوغدانىغا يۈرۈش قىلىدۇ. مەقسەت، فاتىھ سۇلتان مەھمەت تەرىپىدىن كۆپ قىسمى ئىشقا ئاشۇرۇلغان قارا دېڭىزنى تۈرك كۆلىگە ئايلاندۇرۇش سىياسىتىنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت ئىدى. ھازىرقى كۆندە رۇمىنىيە دەپ ئاتىلىدىغان ئەفلاكلارنىڭ خانلىقى ۋىلادىنىڭ ۋە قىرىم خانى مەڭلى گىرايىنىڭ قوللىشىغىمۇ ئېرىشكەن ئوسمانلى قوشۇنى 1484 - يىلى 15 - ئىيۇلدا كىلىنى ۋە 11 - ئاۋغۇستتا ئاققىرمانىنى ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوسمانلى قوشۇنى دورۇجا بىلەن تۇنا ئارىسىدىن ئۆتۈپ قارا دېڭىز ئارقىلىق پرۇت دەرياسى ئارىسىدىن شىمالدىكى رايونلارغا قاراپ چىقىش ئىمكانىيىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدە قىرىم خانلىقى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئالاقە ئورنىتىش مۇمكىن بولۇش بىلەن بىرگە، قارا دېڭىزدىمۇ ئوسمانلىنىڭ پەتھى ھەرىكەتلىرى تاماملانغان بولىدۇ.

ئىككىنچى بەيازىت دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىككىنچى بىر مۇھىم ۋەقە بولسا، شەرقتىكى ۋەزىيەت ئوسمانلىلارنىڭ دىققىتىنى شەرققە بۇرىشنى تەقەززا قىلىدۇ. شەرقتىكى ئىككى ھادىسە مىسىردىكى مەملۇك دۆلىتىنىڭ ماراشتىكى دۇلقادىر بەگلىكى ئۈستىگە ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئانادولۇغا كېڭىيىش سىياستى بىلەن ئىراندا تۈركمەن مىللىتىدىن تەشكىل تاپقان سەفەۋى دۆلىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر. 1485 بىلەن 1491 - يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي جەنۇبى ئانادولۇ رايونىدا داۋاملىشۋاتقان ئوسمانلىلار بىلەن مەملۇكىيلارنىڭ ئۇرۇشلىرى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ غەلىبە قىلالماسلىقى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. لېكىن ئۇرۇشنىڭ ئىقتىسادىي چىقىملىرى ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلايدۇ. پورتۇگالىيەلىك دېڭىزچى ۋاسكو دا گامانىڭ ھىندىستانغا يېتىپ بېرىشىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم 1501- يىلى دورا -دەرمەك يۈكلەنگەن پاراخوتلار لىزبون پورتىغا بارىدۇ. بۇ ئىش، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان دورا - دەرمەك يولىنى مونوپۇل قىلىپ كېلىۋاتقان ۋەنەدىك ۋە مەملۇك دۆلەتلىرىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ قىزىل دېڭىزغا ئېچىلىش سىياسەتلىرىگە قارشى مەملۇكىيلار ئوسمانلىلاردىن ياردەم

تەلەپ قىلىدۇ. 1509 - يىلى پورتۇگالىيەلىكلەرگە قارشى ئوسمانلىلار ۋە مەملۇكىيلار ئورتاق كۈرەش قىلىدۇ. نەتىجىدە ئوسمانلىلار بىلەن مەملۇكىيلار ئارىسىدا تىنچلىق ئورنىتىلغان بولىدۇ.

ئىراق سەفەۋىيلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر بارغانچە ناچارلىشىپ كېتىدۇ. يىمىرىلگەن ئاققويۇنلۇ دۆلىتىنىڭ ئورنىغا 1500 - يىللاردا شەرقىي ئانادولۇ، ئەزەربەيجان ۋە ئىراندا بىر تۈركمەن قەبىلىسىدىن كەلگەن شىئە مەزھىبى مەنسۇپى شاھ ئىسمائىل سەفەۋى دۆلىتىنى قۇرىدۇ. ئانادولۇغا ئەۋەتكەن ئادەملىرى ئارقىلىق بۇ مەزھەبنى ئانادولۇ تۈركمەنلىرى ئارىسىدا تارقىتىشقا تىرىشىدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئوسمانلىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. بۇ ئىسيانلارنىڭ ئەڭ چوڭى 1511 - يىلى مەيدانغا كەلگەن شاھقۇلى ئىسيانى بولۇپ، بۇ ئىسيان باستۇرۇلىدۇ. لېكىن شاھ ئىسمائىل خەۋپى كېيىنچە ئىككىنچى بەيازىتنىڭ ئورنىغا ئولتۇرىدىغان ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىسىگە ئايلىنىدۇ.

.................................................................................................

ئىككىنچى بەيازىت، 1495 - يىلى قېرىندىشى جەمنىڭ ۋاپات بولۇشى ۋە جىنازىسىنىڭ 1499 - يىلىنىڭ بېشىدا بۇرسا مۇرادىيەگە ئەۋەتىلىپ دەپنە قىلىنىشىدىن كېيىن، مورادىكى ۋەنەدىك شەھەرلىرىگە قارشى دېڭىز يۈرۈشىگە ئاتلىنىدۇ. بۇ يۈرۈشتىن ئىلگىرى ئوسمانلى دېڭىز قىسىملىرى ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى جەنەۋىزلىك كېمىچىلەرنىڭ تېخنىكىلىق جەھەتتىكى ياردىمى بىلەن يېڭىلايدۇ.  بۇ دەۋردە چوڭ يەلكەنلىكلەر تۈرىگە كىرىدىغان گۆكە ناملىق مەشھۇر ئوسمانلى ئۇرۇش كېمىسى مودېلى ياساپ چىقىلىدۇ. بۇ كېمىلەرگە ئۇزۇن مەزگىللىك توپ ئوقلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. دېڭىز قىسىملىرى ھەر دائىم ئاجىز بولۇپ كەلگەن ئوسمانلىلار، بۇ خىل تەييارلىقلار سايىسىدا كۈچلىنىدۇ. بۇ قىسىمنىڭ تۇنجى غەلىبىسى 1499 ۋە 1502 - يىللىرى ئارىسىدا ئوسمانلىلار بىلەن ۋەنەدىكلىكلەر ئۇرۇشى ئەسناسىدا نامايان بولىدۇ. 300 گە يېقىن ئۇرۇش كېمىسىدىن تەشكىل تاپقان ئوسمانلى دېڭىز قىسىملىرىغا كۈچلۈك داۋۇد پاشا قوماندانلىقىغا

كەمال ۋە بۇراق رەئىس قاتارلىق مەشھۇر قوماندانلار ھەمراھ بولىدۇ. 1499- يىلى 25- ئاۋغۇستتا ئىنەباھتى، 1500- يىلى 10- ئاۋغۇستتا مۇدون ۋە 16- ئاۋغۇستتا كورون ۋەنەدىك دېڭىز قىسىملىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ.

ئىككىنچى بەيازىت دەۋرىدە بۇ خىل ئۇتۇقلار بىلەن بىرگە بىر قىسىم ئاپەتلەرمۇ مەيدانغا كېلىدۇ. 1492- ۋە 1502- يىللىرى ئارىسىدا ۋابا كېسىلى تارقاپ ناھايىتى كۆپ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئالتە داۋاملاشقان بىر ئاچلىق دەۋرى مەيدانغا كېلىدۇ. 1509- يىلى 11- سېنتەبىردە باشلىنىپ بىر ھەپتە داۋاملاشقان يەر تەۋرەش ۋەقەسىدە ئىستانبۇلدا 5000 دىن ئارتۇق ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، مىڭلاچە ئۆي ـماكان ۋە مەسچىت يىقىلىپ چۈشىدۇ. لېكىن ئىككىنچى بەيازىتنىڭ 1505- يىلى پۈتكەن ئىمارىتى فاتىھ سۇلتان مەھمەتتىن كېيىن ئىستانبۇلدا سېلىنغان ئەڭ چوڭ ئىمارەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شەھەرنىڭ تۈرك ـئىسلام خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ دېڭىز قىسىملىرىنىڭ كۈچلەندۈرۈلۈشى، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ كېيىنكى سۇلتانلار دەۋرىدە دۇنيا خاراكتېرلىك كۈچكە ئايلىنىشىنىڭ ئاساسىنى يارىتىدۇ.

يەنىچەرىلەرنىڭ ئىسيانى بىلەن تەختكە ئولتۇرغان ئىككىنچى بەيازىت، يەنە يەنىچەرىلەرنىڭ ئىسيانى بىلەن 1515-يىلى 24- ئاپرېلدا ئوغلى ياۋۇز سۇلتان سەلىمگە ئورنىنى بوشىتىپ بېرىدۇ. دۇنياغا كەلگەن يېرى دىمەتوكاغا قايتىش سەپىرى ئەسناسىدا يولدا كېسەللىك يېتىپ ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ ۋە جەستى ھازىرقى ئىستانبۇلدىكى ئۆز نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بەيازىت مەيدانىدىكى جامەنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ ئون تۆتىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:

Ş· Turan, "Bayezid II", TDVİA, c· 5· /

K· İnan, "II· Bayezid Dönemi", Türkler, c· 9·

Necdet Sakaoğlu, Bir Mülkün Sultanları, İstanbul 2000·

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى- 15

«ئىككىنچى بەيازىت ۋە جەم سۇلتان» ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ بۇ ھەپتىلىكبۆلۈمىدە «ئىككىنچى بەيازىت ۋە جەم سۇلتان» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىككىنچى بەيازىت ۋە جەم سۇلتان»

جەم سۇلتان، فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ مۇستافا ۋە بەيازىت ئىسىملىك ئوغۇللىرىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، 1459- يىلى 23- دېكابىردا ئەدىرنەدە دۇنيا كېلىدۇ. ئەدىرنەدىكى سارايدا ياخشى تەلىم-تەربىيە ئالغان جەم، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. 1469- يىلى يەنى 10 ياشقا كىرگەن

چېغىدا كاستامونۇغا سانجاق بېگى قىلىپ ئەۋەتىلىدۇ. يېشى كىچىك بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ بۇ يەردە غەزەل يازغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. كاستامونۇدا قىسقا ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن ئىستانبۇلغا، ئارقىدىن رۇمئەلىگە بېرىشقا بۇيرۇلىدۇ. 1473- يىلىدىكى ئوتلۇقبەلى ئۇرۇشى ئەسناسىدا ئاتىسى فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىگە دائىر خەۋەرلەر تارقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم دۆلەت ئەربابلىرى جەمگە سۇلتان دەپ بەيئەت قىلىدۇ. خەۋەرنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن فاتىھ جەمگە ئىتائەت قىلغانلارنى جازالايدۇ.

1474- يىلى ئاكىسى شاھزادە مۇستافا كونيادا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، جەم ئۇنىڭ ئورنىغا سانجاق بېگى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. كونيادا تەلىم -تەربىيە ئېلىشنى داۋاملاشتۇرغان جەم، ئىلىم ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن بىرگە قورال -ياراغ ئىشلىتىش ۋە ئات مىنىشكە ئوخشاش ئەسكىرىي خاراكتېرلىك ماھارەتلەرنىمۇ ئىگىلەيدۇ. كونيادا تۇرغان مەزگىلىدە سەئدى جەم، ھايدار، سەھايى، لالى، كاندى ۋە شاھىدىغا ئوخشاش بىر قىسىم شائىرلارنى ئەتراپىغا توپلايدۇ. بۇ خىل ئەدەبىي پائالىيەتلەر بىلەن بىرگە، كونياغا چېگرىداش بولغان قارامان ئوغۇللىرى بىلەنمۇ ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ.

ئاتىسى فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ 1481- يىلىدىكى يۈرۈشى ئەسناسىدا گەبزەدە تويۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىشىدىن كېيىن، ئاكىسى بەيازىت يەنىچەرىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئىستانبۇلدا تەختكە ئولتۇرىدۇ. جەم ئاتىسىنىڭ تەخت ۋارىسلىقى ئۇچۈن ئۆزىنى تەيىنلىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاكىسىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بەيازىتنىڭ ناھەق ھالدا ھۆكۈمدار بولىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ قوشۇن توپلايدۇ ۋە كونيادىن بۇرساغا كېتىدۇ. دەرۋەقە، فاتىھ سۇلتان مەھمەت ئۆلگەندە ۋەزىرى ئەزەم بولغان قارامانلى مەھمەت پاشا ھەم ئاماسيادا تۇرىۋاتقان شاھزادە بەيازىتقا ھەم كونيادىكى جەمگە ئاتىلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئوسمانلىنىڭ دۆلەت ئەنئەنىسىگە كۆرە، بىرىنچى بولۇپ ئىستانبۇلغا يېتىپ كەلگەن شاھزادە تەختكە ئولتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولاتتى. لېكىن جەمگە ئەۋەتىلگەن

ئەلچىلەر بەيازىت تەرەپدارى يەنىچەرىلەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ جەمنىڭ يېنىغا بېرىشىغا توسالغۇلۇق قىلىنىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان بەيازىت ئىستانبۇلغا كېلىپ، 1482 - يىلى 22 - ماي كۈنى يەنىچەرىلەرگە كۆپلەپ ھەدىيە تارقىتىپ بېرىپ، تەختكە ئولتۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى قوبۇل قىلالمىغان جەم بۇرسادا 18 كۈن تۇرىدۇ. بۇ جەريانىدا ئۆز نامىدا خۇتبە ئوقۇتىدۇ، پۇل باستۇرىدۇ ۋە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن جەم سۇلتان دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ. گەرچە رەسمىي ئوسمانلى تارىخىدا ئوسمانلى پادىشاھلىرى رەتكە تىزىلغانىدا جەمنىڭ ئىسمىغا ئورۇن بېرىلمىسىمۇ، جەم سۇلتان دەپ ئاتىلىۋېرىدۇ. فاتىھ سۇلتان مەھمەت ھايات چېغىدا سەلتەنەت ئىككى قاناتلىق بولۇپ قالمىسۇن، كۈچ ۋە سەلتەنەت بوشلۇقى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالمىسۇن ئۈچۈن قانۇنلارنى چىقارغان بولسىمۇ، ئوسمانلى تارىخىدا ئۇ قورققان ئىش مەيدانغا كېلىدۇ. بەيازىت، قېرىندىشى جەم سۇلتاننىڭ ئانادولۇ زېمىنلىرىنىڭ ئۇنىڭ قولىدا، رۇم ئەلى زېمىنلىرىنىڭ بەيازىتنىڭ قولىدا قېلىشى ھەققىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ ۋە ئىككى بىر تۇغقان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشنىڭ مەيدانغا كېلىشى قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان مەسىلىگە ئايلىنىدۇ.

..........................................................................

فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ ئىككى ئوغلى ئارىسىدىكى قېرىنداش جېدىلى 1481 - يىلى بۇرسا يېنىشەھىردە ئۇرۇشقا ئايلىنىدۇ. جەم سۇلتاننىڭ ئەسكەرلىرى پادىشاھ ئىككىنچى بەيازىدنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىلىدۇ. ئىراق جەم ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئىلگىرى سانجاق بەگلىكىنى قىلغان كونىياغا كېتىدۇ. بۇ يەردە يېتەرلىك دەرىجىدە قوللاشقا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تۇنىس ئارقىلىق قاھىرەگە ـمىسىر سۇلتانىنىڭ قېشىغا كېتىدۇ. قاھىرەدە مەملۇكىيلار سۇلتانى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان جەم سۇلتان، بۇ جەريانىدا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىدۇ. ئىراق مەملۇكىيلار سۇلتانىنىڭ جەم سۇلتانغا ھۆرمەت قىلىشىنىڭ پەردە ئارقىسىدا باشقا غەرەزلەر بار ئىدى. مەملۇكىيلار جەم سۇلتاننى ئوسمانلىلارغا قارشى بىر سىياسىي ۋاستە سۈپىتىدە ئىشلىتىشنى ئويلايدۇ. بۇ مەقسەت بىلەن

ئۇنى قايتىدىن ئاكسى بەيازىتقا قارشى ھەق تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئانادولۇغا ئەۋەتىدۇ. ئانادولۇدىمۇ بۇ پائالىيەتكە ئاتلىنىش ئۈچۈن جەمنى قىزىقتۇرۇۋاتقانلار بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنقەرە سانجاق بېگى مەھمەت بەگ ۋە قارامان ئوغلۇ قاسىمنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. جەم ئانادولۇغا كېلىدۇ ۋە 1482 - يىلى كونيانى ئېلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، غەلىبە قىلالمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن جەم سۇلتان ئوتتۇزدەك ئادىمى بىلەن بىرلىكتە ئانادولۇدا قېلىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ يېتىپ، رودوس ئارىلىنى ھاكىمىيەتلىرى ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان كاتولىك رودوس ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ يېنىغا كېتىدۇ. جەم سۇلتانىنىڭ مۇسۇلمان مىسىر سۇلتانىنىڭ يېنىغا كېتىشىدىن كېيىن، بۇ قېتىم خىرىستىيان رودوس ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن پاناھلىق تىلىشى ۋە ئۇلاردىن سەلتەنەت تىكلىشى ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلىشى ئىناۋىتىنى تۆكۈۋېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىزچىل ھالدا تەختىنىڭ ئۆزىگە ئائىت ئىكەنلىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. 1482 - يىلى 29 - ئىيۇل كۈنى رودوسقا يېتىپ بارغان جەم سۇلتان، رودوس ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ رەھبىرى پىئېررې دئاۋبۇسسون تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. جەم، رودوس ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئانادولۇغا بېرىپ مۇجادىلىسىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئويلاۋاتقان بىر پەيتتە، رودوس ئاتلىق قىسىملىرى ئۇنى ئوسمانلى دۆلىتىگە قارشى ئىشلىتىشنى پىلانلايدۇ. جەمنىڭ رودوسلاردىن پاناھلىق تىلىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئىككىنچى بەيازىت بولسا، رودوس ئاتلىق قىسىملىرىنى كېلىشىم ئارقىلىق قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ مەقسەتتە رودوس ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئىنتىپاقداشلىرى بولغان ۋەنەدىكلىك سودىگەرلەردىن باجنى كەچۈرۈم قىلغان بەيازىت، رودوسلارغا شۇ دەۋردە ناھايىتى كۆپ مىقدار ھېسابلىنىدىغان 40 مىڭ ئالتۇن بېرىشنى قوبۇل قىلىدۇ. جەمنىڭ ئوسمانلى سۇلتانى ئىككىنچى بەيازىتنىڭ نەزىرىدە قانچىلىك چوڭ ئېتىبارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە جەمنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىنى ھەر دائىم كونتروللۇق ئاستىدا تۇتۇپ تۇرغىلى بولىدىغان كۈچلۈك بىر كوزىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن كاتولىكلار، ئۇنى رودوستىن فىرانسىيەگە

يوللايدۇ. بۇمۇ جەم ئۇچۇن ئانادولۇدىن باشلانغان، قاھىرە، رودوس، ھەتتا فرانسىيەگىچە سوزۇلغان قىزىقارلىق ۋە جاپالىق بىر ھاياتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچى بولۇپ قالىدۇ.

.....................................................................

شىۋېتسىيەنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان جەنۋەگە يېقىن جايدىكى ساۋوئىيا خانلىقىغا قاراشلىق ۋىللېفرانچقا ئېلىپ بېرىلىش ئۇچۇن جەم سۇلتان 1482 - يىلى 15 - دېكابىردا فرانسىيەگە ئەۋەتىلىدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى ۋابا كېسىلى يۈزىسىدىن نايس شەھىرىگە بارىدۇ. ئۇ يەردە تۆت ئاي تۇرغان جەم سۇلتان غەرب دۇنياسىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يېقىندىن تونۇش ۋە باشتىن كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. 1483 - يىلى 5 - فېۋرالدا كەمبېرىيگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ياۋروپادا تۇرۇشى جەريانىدا ئوسمانلى دۆلتى بىلەن مۇناسىۋىتى بار بولغان ۋېنگىرىيە، پاپالىق، ناپولى پادىشاھلىقى، مەملۇكىيلار سۇلتانلىقى جەمنىڭ ئەھۋالىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە ئۇنى ئوسمانلىلارغا قارشى سىياسىي كوزىر سۈپىتىدە ئىشقا سېلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيدۇ. لېكىن جەمنى ياۋروپادا تۇتۇپ تۇرۇش ياكى تىرىك ھالدا ئۆزىگە تاپشۇرۇلۇشى ئۇچۇن ئىككىنچى بەيازىت كۈچلۈك شەكىلدە مەلۇمات توپلايدۇ ۋە دىپلوماتىك پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. 1489 - يىلى 4 - مارتتا پاپا ئۇچىنچى ئىننوسېنت ئوسمانلىلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر قېتىملىق ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدا پايدىلىنىش ئۇچۇن، جەمنى روماغا كەلتۈرگۈزىدۇ. بۇراق رەئىسكە ئوخشاش ياۋروپاغا يوشۇرۇنچە ئەۋەتكەن ئادەملىرى ئارقىلىق بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئىككىنچى بەيازىت، 1490 - يىلى 30 - نويابىر كۈنى مۇستافا بەگنى روماغا ئەلچى قىلىپ يوللايدۇ. پاپالىققا ئۈچ يىللىق ئۇچۇن 120 مىڭ ئالتۇن بېرىپ، جەمنى كونتروللۇقى ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن فرانسىيە پادىشاھى سەككىزىنچى چارلىس، جەمنى فرانسىيەگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۇچۇن، 1495 - يىلى 27 - يانۋار كۈنى ئۇنىڭ رومادىن ئايرىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. رىۋايەتلەرگە كۆرە، بۇ ئىشنى قوبۇل قىلالمىغان پاپا تەرىپىدىن زەھەرلەنگەن جەم سۇلتان يولدا كاستەل كاپۇئانا دېگەن جايدا ھاياتىدىن

ئايرىلىدۇ. جەمنىڭ جەستى موميالىنىپ گائېتا دېگەن جايدا يەرلىككە قويۇلىدۇ. جەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئىككىنچى بەيازىت ئۈچ كۈن ماتەم ئېلان قىلىدۇ ۋە غىيابى جىنازە نامىزى ئوقۇتىدۇ. جەمنىڭ جەستىنىمۇ ئوسمانلىلارغا قارشى سىياسىي سۇيىئىستېمال قىلماقچى بولغان پاپالىق جەسەتنى ئوسمانلىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى خالىمايدۇ. ئىككىنچى بەيازىت ئىنىسىنىڭ جەستىنى مۇناسىۋەتلىرى ياخشى بولغان ناپولى پادىشاھلىقىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1499 - يىلى بۇرساغا ئەكەلدۈرۈپ، ئاكىسى مۇستافا دەپنە قىلىنغان مۇرادىيە جامەسىنىڭ ھويلىسىغا دەپنە قىلىدۇ.

جەم ئەرەب ۋە پارىس تىللىرىنى بىلىدىغان، پارىسچە ۋە تۈركچە دىۋانلارنى يازغان، ئىلمىي ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى، تەخت تالىشىش مەسىلىسىدىمۇ ئورۇنلۇق سەۋەبلەرگە ئىگە بولسىمۇ، تۈرك دۆلەت ئەنئەنىسىگە زىت ھالدا مۇجادىلىسىدە چەت كۈچلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئۆز دۆلىتىگە قارشى ئىختىيارسىز ھالدا بىر ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا تۈرك دۆلەت ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق شەكىلدە جەستى دۈشمەن زېمىنلىرىدا تاشلاپ قويۇلماي، ئەجدادلىرى دەپنە قىلىنغان بۇرساغا ئېلىپ كېلىنىپ، بىزنىڭ شىجەھەتتىن 15 - ئەسىرنىڭ ئەڭ گۈزەل قەبرىلىرىنىڭ بىرى بولغان جەم سۇلتان مەقبەرىسىگە دەپنە قىلىنىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئون بەشىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


M. Şarkiroğlu, " Cem Sultan", TDVİA, c. VII.

Günay Kut, "Cem Sultan Edebi Yönü", TDVİA, c.

S. Eyice, "Cem Sultan Türbesi", c. VII.

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-16

«ئىزنىلگۈچىلەرنىڭ ھامىيسى ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى» ...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ بۇ ھەپتىلىكبۆلۈمدە «ئىزنىلگۈچىلەرنىڭ ھامىيسى ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىزنىلگۈچىلەرنىڭ ھامىيسى ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى»

فاتىھ سۇلتان مەھمەت ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىككىنچى بەيازىت دەۋرىدە روياپقا چىقىرىلغان يېڭى پەتھلەر بىلەن ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىككىنچى بەيازىت دەۋرىدە غەرب دېڭىز كۈچلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلىگۈدەك دەرىجىدە ئۇرۇش كېمىلىرىنىڭ ياسىلىشىدا ئۇتۇق قازىنىلىشى، ئوسمانلىلارنىڭ ئەڭ ئاجىز ھېسابلىنىدىغان دېڭىزلاردىمۇ سەلتەنەت قۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوسمانلىلار يەمەندىن قىزىل دېڭىزغا، شىمالىي ئافرىقىغا، ھەتتا ئىسپانىيەدىكى ئۇمەۋىيلەرنىڭ داۋامى بولغان مۇسۇلمان بەنى ئەھمەر دۆلىتىنىڭ ياردەم تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئەسكىرىي كۈچى يار بەرگۈدەك دەرىجىدە ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىشكە تىرىشىدۇ.

ئوسمانلى دۆلىتى سۈرئەت بىلەن يۈكسىلىۋاتقان بۇ دەۋردە ياۋروپانىڭ غەربىدىكى ئىبەر يېرىم ئارىلىدا

ھازىرقى ئىسپانىيە زېمىنلىرىدا 3 - ئەسىردىن بويان داۋاملىشىپ كەلگەن ‹سەككىز ئەسىرلىك مۇسۇلمان

ھاكىمىيىتى›يىمىرىلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئىسپانىيەدىكى بەنى ئەھمەر دۆلىتى غىرناتە، مەرىيىيە، مالىكا ۋە

رونداغا ئوخشاش جەنۇبتىكى بىر قانچە شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. 1492 - يىلى

خىرىستىيان ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە بۇ يەرلەر قولدىن كېتىدۇ ۋە غىرناتە تەسلىم

بولىدۇ. لېكىن دۆلەتلىرى بولمىسىمۇ ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى داۋاملىشىدۇ. چۈنكى

ئىسپانىيەلىكلەر، ئىسلامنىڭ زېمىنىلارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلىرىغا تايانغان ھالدا، تەسلىم بولغان

شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلارغا جان، مال ۋە دىنىي جەھەتتىن چېقىلالماسلىق كاپالىتى بەرگەنىدى. بۇ

كاپالەتنامە غەرناتە كېلىشىمى ئارقىلىق يازما ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. لېكىن خىرىستىيان ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ

مۇسۇلمانلارغا بەرگەن بۇ بەلگىلىمىلەرگە ئۇزۇن مۇددەت رىئايە قىلمىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

1500 - يىللىرى بىلەن 1524 - يىللىرى ئارىسىدا چىقارغان پەرمانلىرى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى

خىرىستىيانلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ خىل بېسىملار ئاستىدا كۆرۈنۈشتە خىرىستىيانلىقنى قوبۇل قىلغان،

ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان پېتى قېلىپ موريسكولار دەپ ئاتىلىدىغان بىر قاتلام شەكىللىنىدۇ. موريتانىيەدىن

كەلگەنلەر دېگەن مەنىدىكى موريسكوس سۆزى كىچىك، بىچارە، مىسكىن مۇسۇلمانلار دېگەن مەنىدە

ئىسپانىيەلىكلەر تەرىپىدىن ئىستىمال قىلىنىشقا باشلىنىدۇ. ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلار كۆرۈنۈشتە

خىرىستىيان بولغان ۋە موريسكولار دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، بۇ، ئۇلارغا قارىتىلغان بېسىملارنى ئازايتمايدۇ.

خىرىستىيان ھاكىمىيىتى موريسكولارنى ئىنچىل ھالدا نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن نازارەت

مەھكىمىلىرىنى داۋاملىق شەكىلدە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ مەھكىمىلەردە مەخپىي شەكىلدە ئىسلام

ئەقىسىدە تۇرىۋاتقانلىقى بايقالغان موريسكولار ئېغىر شەكىلدە جازالىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئىسپانىيەدە پەقەت

مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، يەھۇدىيلارمۇ ئوخشاش شەكىلدە بېسىمغا دۇچ كېلىدۇ. 1492 - يىلى ئەلھەمرا

پەرمانى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ پۈتۈن مال ـمۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. ئۇلارمۇ مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا كاتولىك خىرىستىيان بولۇشقا مەجبۇرلىنىدۇ، ئۇلارمۇ كۆرۈنۈشتە كاتولىك، ئەمەلىيەتتە يەھۇدىي دىنىدا قالغانلار مارانلار دېيىلىدىغان بىر جامائەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىر قىسمى پورتۇگالىيە، ئىتالىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىغا كۆچۈپ كېتىدۇ. ھەم يەھۇدىيلار ھەم مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن بۇ زۇلۇمدىن ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرىدىغان دۆلەتنىڭ ئوسمانلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىككىنچى بەيازىتتىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ.

.................................................................

تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشچە، ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلار 1486 - يىلى ئىككىنچى بەيازىتتىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلار پەقەت ئوسمانلىلاردىن ئەمەس، مىسىردىكى مۇسۇلمان دۆلىتى بولغان مەملۇكىيلاردىنمۇ ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئىستانبۇلغا كەلگەن ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) ئەلچىسى باشلىرىغا كەلگەن ۋەقەلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا يېزىلغان بىر مەرسىيەنى سۇلتان بەيازىتقا تەقدىم قىلىدۇ. بۇ شېئىردا ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلارغا ئائىت شەھەرلەرنىڭ ئىشغال قىلىنىشى، جامەلەرنىڭ چېركاۋلارغا ئايلاندۇرۇلۇشى، چاڭ ئاۋازلىرىنىڭ ئەزان ئاۋازىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى، باللارنىڭ ئائىلىلىرىدىن تارتىۋېلىنىشى، مۇسۇلمان ئايال ۋە قىزلارنىڭ پوپلارغا ئەسىر سۈپىتىدە سېتىلىشى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەممە يەر بۇ پالاكەتنى ئاڭلىدى، ئىستانبۇل ئاڭلىمىدىمۇ؟ دېگەن كايىش بىلەن ئاخىرلىششى ئىستانبۇلدا ۋە ساراي ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئىككىنچى بەيازىت 1487 - يىلى كەمال رەئىسنىڭ قوماندانلىقىدىكى بىر دېڭىز قوشۇنىنى ئىسپانىيە ساھىللىرىغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن يولغا سالىدۇ. ئىككى يىل بويىچە كەمال رەئىس ئىسپانىيەدىكى مورىسكولارنى بۆگۈنكى ئالجىرىيە زېمىنلىرىغا يۆتكەيدۇ. بىراق، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ

ئىسپانىيەدىن ناھايىتى يىراقتا بولۇشى، ئۇ دەۋرلەردە تۇنىس، ماراكەشكە ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ ئوسمانلى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولماسلىقى، دېڭىز يۈرۈشنى قىيىنلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، قورۇقلۇق ھەرىكىتىنىمۇ ئىمكانسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئىسپانىيەنىڭ خىرىستىيان ھۆكۈمدارلىرى «بىرلا دىن (كاتولىك)، بىرلا دۆلەت» پىكرى بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى مەجبۇرى خىرىستىيانلاشتۇرۇش ۋە سۈرگۈن قىلىش سىياسەتلىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. غىرناتەدىكى مۇسۇلمانلار بۇ سىياسەتلەرگە قارشى 1499 بىلەن 1501 - يىللىرى ئارىسىدا ئىسيان كۆتۈرىدۇ. بىراق ئىسيان قانلىق شەكىلدە باستۇرۇلىدۇ. بۇ ئىسيانغا ئىشتىراك قىلغانلار خىرىستىيان بولۇش ياكى دۆلەتتىن چىقىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاشقا مەجبۇرلىنىدۇ. كۆرۈنۈشتە خىرىستىيانلىقنى قوبۇل قىلغان مورىسكولارنىڭ ئىسلام بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن دىنىي كىتابلار توپلىنىپ يوقىتىپ تاشلىنىدۇ. مەسچىت ۋە جامەلەر چېركاۋلارغا ئۆزگەرتىلىدۇ. مورىسكولارنىڭ ئۆيلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مەھەللىلىرىگە ئون ئىككى خانىدىن ئاز بولماسلىق شەرتى بىلەن كاتولىك ئائىللەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئون ياشنىڭ ئاستىدىكى باللار ئائىللەرنىڭ قولىدىن ئېلىنىپ، چېركاۋلاردا دىنىي تەلىم ـتەربىيە بېرىلىدۇ. بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۈچ يىل ئىچىدە ئىسپانچىنى ئۆگىنىپ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەرەب تىلى ۋە ئىسلامغا سىمۋوللۇق قىلىدىغان ئەشيالار مەنئىي قىلىنىدۇ. يەھۇدىيلارمۇ بۇ خىل بېسىملارغا دۇچ كېلىدۇ. سەفارادلار دەپ ئاتىلىدىغان ئىبەريا يەھۇدىيلىرى ئوسمانلى شەھەرلىرىگە قاراپ كۆچۈشكە باشلايدۇ. ئۇلار خۇسۇسەن ئىستانبۇل ۋە سەلانىكقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. لېكىن سەككىز ئەسىر ئىبەريا يېرىم ئارىلىدا ھۆكۈم سۈرگەن ئۇمەۋىيلار دۆلىتىنىڭ ۋارىسلىرى بولغان مۇسۇلمان ئەرەبلەر ۋەتىنىمىز دەپ قارايدىغان ئىسپانىيەدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ ۋە قايتىدىن ئوسمانلى سۇلتانىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلىدۇ.

.........................................................................

ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) دىن كەلگەن بۇ ئىككىنچى ئەلچى 1501- يىلى ئىستانبۇلغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئەلچىمۇ بىرىنچى ئەلچىگە ئوخشاشلا ئىككىنچى بەيازىتقا ئەندەلۇس مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلىگەن بىر قەسىدە تەقدىم قىلىدۇ. 105 بېيىتتىن تەشكىل تاپقان بۇ قەسىدىدە دىنىي كىتابلارنىڭ كۆيدۈرۈپ تاشلانغانلىقى، ناماز ئوقۇپ روزا تۇتقانلارنى بايقاپ قالسا ئوتقا ئاتقانلىقلىرى، چېركاۋغا بېرىشقا مەجبۇرلانغانلىقى، ئىسىملىرىنىڭ مەجبۇرى ئۆزگەرتىلگەنلىكى، ئەدەرىسقا ئوخشاش يەرلەردە خەلقنىڭ جامەگە توپلىنىپ تىرىك ھالدا كۆيدۈرۈپ تاشلانغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوسمانلىلار، بىرىنچى ئەلچى كەلگەندىن كېيىن كاستىليا پادىشاھىغا يوللىغان بىر مەكتۇب ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بېسىمنى توختىتىشلىرىنى تەلەپ قىلىپ، ئىسپانىيەگە دىپلوماتىك يولدىن ئەمەس بىۋاستە مۇداخىلە قىلىشنى قارار قىلىدۇ. 1505- يىلى كەمال رەئىس دېڭىز قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئىسپانىيەگە ئەۋەتىلىدۇ. مالېكا ۋە بالېئار ئاراللىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە كۆپ ساندا مورىسكو كېمىلەر بىلەن شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىستانبۇلغا يۆتكىلىدۇ. لېكىن قۇرۇقلۇق يولى بىلەن مۇداخىلە قىلىش ئىمكانسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈنۈملۈك شەكىلدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمايدۇ، ئىسپانىيەدە قالغان مۇسۇلمانلار 100 يىلغا يېقىن بىر جەرياننىڭ ئاخىرىدا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ، تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئوسمانلى زېمىنلىرىغا كەلگەن مورىسكولار ياخشى دېڭىزچى ۋە مىلتىق دۇرىسى ياسىيالايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئوسمانلى دېڭىز قىسىملىرىدا خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار، ئوسمانلىلار ئاجىز ھېسابلىنىدىغان دېڭىزچىلىق ساھەسىگە مۇھىم ھەسسىلەرنى قوشىدۇ. قانۇنى دەۋرىدە قۇرۇلغان ھەشەمەتلىك ئوسمانلى دېڭىز قىسىملىرىنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرى ئىچىدە مورىسكودىن كەلگەنلەرمۇ ئۇچرايدۇ. ئالجىرىيە، ماراكەش ۋە تۇنىسقا ئوخشاش دۆلەتلەردە قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدە قۇرۇلغان ئوسمانلى ھاكىمىيىتىگە كۆرىنەرلىك دەرىجىدە تۆھپە قوشىدۇ. ئىسپانىيەدىن كەلگەن يەھۇدىيلار بولسا، ئوسمانلىلاردىكى سودا –تىجارەتنىڭ جانلىنىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ،

سەلانىكقا ئوخشاش ئوسمانلى شەھەرلىرىدە دىنىي ئېتىقادلىرى ۋە تىجارەتلىرىنى ئەركىن شەكىلدە ئېلىپ باردۇ. بۇنىڭ بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پەقەت ئىسپانىيەدىن ئەمەس، پورتۇگالىيە، ئىتالىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىدىن ئوسمانلى شەھەرلىرىگە يەھۇدىيلار كۆچۈپ كېلىدۇ. قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدىمۇ ئاۋستىرالىيە ۋە ۋېنگىرىيەلىك ئەشكېناز يەھۇدىيلىرى ئوتتۇرا ياۋروپادىن ئوسمانلى زېمىنلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلىشىدۇ. ئوسمانلى سۇلتان تۈركچە سۆزلەيدىغان بىر مۇسۇلمان بولسىمۇ، پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭلا ئەمەس خىرىستىيانلارنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭمۇ ھۆكۈمدارى بولغان بولۇپ، ئادالىتى بىلەن پەرقلىق دىنلارغا مەنسۇپ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا تىنچ ھايات كەچۈرۈشلىرىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوسمانلى دۆلىتى زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ يېڭى ۋەتىنى بولۇپ قالىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئون ئالتىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


M. Özdemir: ‘Endülüs Müslümanlarına Osmanlı Yardımı’ Türkler, C, IX.

G. Veintein, Selanik 1850-1918.


## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-17

ياۋۇز سۇلتان سەلىم ۋە سەلتەنىتى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىكبۆلۈمىدە «ياۋۇز سۇلتان سەلىم (1512-1520)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ياۋۇز سۇلتان سەلىم (1512-1520)»

ياۋۇز سۇلتان سەلىم دېگەن نام بىلەن تونۇلغان بىرىنچى سەلىم ئىككىنچى بەيازىتنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1467- يىلى ئاماسيادا دۇنياغا كېلىدۇ. 1512- يىلدىن 1520- يىلغىچە بولغان 8 يىل بويىچە سەلتەنەت سۈرگەن بولۇشىغا قارىماي، بۇ جەريان ئىچىدە ئوسمانلى زېمىنلىرىنى ئۈچ ھەسسە كېڭەيتىپ، ئوسمانلى تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ياۋۇز سۇلتان سەلىم يىلدىرىم بەيازىتتىن كېيىن ئوسمانلىلارنىڭ كلاسسىكلاشقان غەرب سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، شەرق سىياسىتىنى ئالدىنقى پىلانغا قويغان بىر ئوسمانلى سۇلتانىغا ئايلىنىدۇ. ياۋۇزنىڭ بۇ خىل سىياسەتنى ئىجرا قىلىشىغا ئاماسيادا دۇنياغا كەلگەن بولۇشى ۋە 1490- يىلى ترابزون ۋالىيلىقىنى ئۆتەش ئەسناسىدا شەرقنىڭ ۋەقەلىرىگە يېقىندىن شاھىت بولۇشىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى بار ئىدى.

تارىخىي مەنبەلەردە بويى ئۇزۇن، قاڭشارلىق، گەۋدىلىك، مەڭزى قىزىل ۋە بۇرۇتلۇق بىر كىشى ئىدى دەپ تەرىپلەنگەن سەلىم، ئاتىسى ئىككىنچى بەيازىت ئاماسيا ۋالىيلىقىنى ئۆتەۋاتقان ئەسنادا ئىگىلىگەن تەلىم - تەربىيىسى قاتارىدا ئەرەبچە ۋە پارىسچىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇرۇش مەشقلىرىگە ھېرىسمەن بولغان بىرىنچى سەلىم ئوق ۋە يا ياساشقا قىزىقىدۇ، ئات مىنىشتىكى ماھارىتى بىلەن نام -شۆھرەت قازىنىدۇ. ترابزونغا ۋالىي بولۇش ئەسناسىدا ئىران سەفەۋىي دۆلىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن شاھقۇلىغا ئوخشاش مەزھەب تۈسى

ئېغىر ئىسيانلارنىڭ سەۋەبلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرى ھەققىدە پىكىر ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

ئاتىسى ئىككىنچى بەيازىتنىڭ بىر قەدەر تىنچ ۋە مۇۋازىنەتلىك سىياسەتلىرىگە قارىماي، شەرقتىكى سەفەۋىي خەۋپىگە قارشى قاتتىق قول بولۇش سىياسىتىنى قوللايدۇ. ترابزونىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك شاھزادىلىكى جەريانىدا گويا مۇستەقىل بىر ھۆكۈمدارغا ئوخشاشلا ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئىككىنچى بەيازىتنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇدەك ياشتا ھايات ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، بۇلار ياش تەرتىپىگە كۆرە ئەھمەد، قورقۇت ۋە سەلىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئىككىنچى بەيازىت ئوغلى ئەھمەد ئۈچۈن تەختنى بوشىتىپ بېرىشنى ئويلايدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سەلىم ئاكىسى ئەھمەدنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە بىر تۇغقىنىغا قارشى مۇجادىلىگە ئاتلىنىشتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ. سەلىم قىرىم ئارقىلىق رۇمئەلگە بارىدۇ ۋە ترابزون بىلەن بىرلىكتە كەفە ۋە سەمەندىرە بەگلىكلىرىنىمۇ قولغا كىرگۈزىدۇ. شاھزادە قورقۇتمۇ ئاناتالىيادىن مانىساغا، شاھزادە ئەھمەد بولسا، ئاماسيادىن ئەنقەرەگە قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بەيازىتنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى بۇ مۇجادىلىدە ئىستانبۇلغا ئەڭ يېقىن جايدىكى ئەھمەد ئىنتايىن ئامەتلىكتەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئىككىنچى بەيازىتنى تەختكە ئولتۇرغۇزغان يەنىچەرىلەر يېڭى سۇلتانىنىمۇ ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. ئەھمەدنىڭ سۇلتانلىقىنى قوللىغان ئىككىنچى بەيازىت ۋە دۆلەت ئەركانىنىڭ ئالدىدا بۇنى قوبۇل قىلماي، بىرىنچى سەلىمنى قوللىغان يەنىچەرىلەر مۇجادىلىنىڭ بەلگىلىگۈچىسى بولىدۇ. بىرىنچى سەلىم رۇمئەلدە توپلىغان 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن ئىستانبۇلغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. شاھزادە سەلىم 1511- يىلى 3- ئاۋغۇستتا ئاتىسى ئىككىنچى بەيازىت تەرىپىدىن چورلۇ ئەتراپىدا مەغلۇب قىلىنىدۇ. بۇ غەلىبىدىن كېيىن ئەھمەد ئىستانبۇلغا چاقىرىلىدۇ. لېكىن يەنىچەرىلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى يۈزىسىدىن ئىستانبۇلغا كىرەلمەي، ئانادولۇغا قايتىپ كېتىدۇ. دۆلەت ئەركانى بۇ قېتىم مانىسادىن شاھزادە قورقۇتنى چاقىرتىدۇ. قورقۇت ئىستانبۇلغا كەلگەن چاغدا يەنە يەنىچەرىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن بولمىغان ئىسيانى باشلىنىدۇ ۋە بىرىنچى سەلىم كەفەدىن ئىستانبۇلغا چاقىرىلىدۇ. بىرىنچى

سەلىم 1512 - يىلى ئاتىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قارىماي، گويا ئىككىنچى بەيازىتقا ئوخشاشلا يەنىچەرىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ. ئىككىنچى بەيازىت ئارام ئېلىش ئۈچۈن تۇغۇلغان يېرى بولغان دىمەتوكاغا قايتىشقا مەجبۇرلىنىدۇ ۋە بۇ سەپىرى ئەسناسىدا يولدا ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ.

........................................................................................

ياۋۇز سۇلتان سەلىم تەختكە ئولتۇرا -ئولتۇرمايلا قىلغان بىرىنچى ئىشى ئۆزىنى قوللىغان ۋە سانى 35 مىڭدىن ئارتۇق بولغان يەنىچەرىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئىككى مىڭ ئاقچىدىن جۇلۇس (تەختكە چىقىش) ھەدىيەسى بېرىش بولىدۇ. ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئاتىسىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى سەۋەبىدىن ئاجىزلاپ كەتكەن دۆلەت قۇرۇلمىسىدىكى بوشلۇقلارنى ياۋۇز سۇلتان سەلىم سۈرئەت بىلەن تولدۇرىدۇ. شاھزادىلىكى مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويغان شەرق سىياستىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش مەقستى بىلەن بىرىنچى سەلىم ۋىنگىر، ۋەنەدىك ۋە مەملۇكىيلار دۆلەتلىرى بىلەن دوستلۇق كېلىشىملىرىنى ئىمزالايدۇ. لېكىن دۆلەت ئىچىدە قېرىنداشلىرى ئەھمەد ۋە قورقۇتنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشى، ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى مۇئەييەن مۇددەت كېچىكتۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ. 1512 - يىلى قورقۇت قولغا چۈشۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەھمەد بولسا، 20 - 30مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن توپلاپ، قېرىندىشى سەلىم بىلەن ھازىرقى بۇرسا يەنىشەھەردە ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ قېرىندىشى قورقۇتنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش بولىدۇ.

قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان مۇجادىلىسىنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرغان ياۋۇز سۇلتان سەلىم، بۇ ئىشلاردىن كېيىن دىققىتىنى تاشقى سىياسەتكە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ياۋۇز سۇلتان سەلىم تاشقى سىياسەتتە كۈچلەر مۇۋازىنىتىنى ئالدىنقى پىلانغا قويۇش بىلەن بىرگە، رەقىبلىرى ھەققىدە مەلۇمات توپلاشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. دۆلەت غەرب بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولسا، شەرق ۋە جەنۇب بىلەن ئۇرۇشماسلىق،

ئەينى ئەھۋال شەرقتە مەۋجۇت بولسا ، غەرب بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىققا ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ياۋۇز ئالدى بىلەن راگۇزا جۇمھۇرىيىتى بىلەن ، سومادا بوغدان بەگلىكى ۋە ۋەنەدىك بىلەن 1513 - يىلى ئۆكتەبىرگە قەدەر سودا ۋە دوستلۇق كېلىشىملىرى ئىمزالايدۇ. بالقان رايونلىرىدا ئوسمانلىنى ئەڭ كۆپ قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ قويغان ۋېنگىرلار بىلەنمۇ ئۈچ يىللىقتىن ئىككى قېتىم تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ. ئەينى شەكىلدە 1517 - يىلى پولشا بىلەنمۇ دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالاپ ، غەربىي چېگرالارنى كاپالەت ئاستىغا ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ، ياۋۇز سۇلتان سەلىم شاھزادىلىكى مەزگىلىدىن بويان ئويلاپ كەلگەن شەرق سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

........................................................................................

ئىراندا تۈركمەن قەبىلىلىرىنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان شاھ ئىسمائىل (سەلتەنىتى 1501 - 1524) سەفەۋىي دۆلتى نامى ئاستىدا دۆلەت قۇرىدۇ. دۆلەتكە 1334 - يىلى ئۆلۈپ كەتكەن ئەردەبىل تەرىقىتىنىڭ قۇرغۇچىسى شەيخ سەفىيۇددىنىنىڭ نامى بېرىلىدۇ. بۇ تەرىقەت باشلانغۇچتا ئوسمانلىلار بىلەن ئوخشاش مەزھەبتە ئىدى. لېكىن سۈننىي ئەقىدىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدىكى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ سۈرئەت بىلەن يۈكسىلىشى سەفەۋىيلەرنى يېڭى يوللارنى ئىزدەشكە مەجبۇرلايدۇ. ئىراندا شىئە مەزھىبىنىڭ كۈچلۈك دەرىجىدە ئومۇملىششى سەفەۋىيلەرنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن بۇ مەزھەبنى قوبۇل قىلىشنىڭ دۆلەتلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولىدىغانلىقى چۈشەنچىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خوراساندىن ئانادولۇغا كېلىش ئۈچۈن يولغا چىققان تۈركمەنلەرنى سەفەۋىيلەر ئۆز زېمىنلىرىدا ئېلىپ قېلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. سەفەۋىيلەر ئەقىدىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئوسمانلىلار ئىچىدىكى شىئەلەرنى جاسۇس سۈپىتىدە ئىشقا سالىدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئانادولۇدىكى زېمىنلىرىدا سەفەۋىيلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن نامايىشلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. شاھ

ئىسمائىل پارسچە بىلىدىغان بىرى بولسىمۇ، تۈركچە ئويلاپ تۈركچە يازىدىغان بىر تۈرك ھۆكۈمدارى ئىدى. ئۇنىڭ ئوسمانلى پۇقراسى بولغان كۆچمەن تۈركمەنلەر ئارىسىدا تەسىرى بارلىقى ناھايىتى روشەندۇر. بۇ تەسىرنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئاساسلىقى شەھەر نوپۇسىغا تايانغان سىياسەتلىرى پەيدا قىلغان بوشلۇقتىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. شاھ ئىسمائىل يېرىم كۆچمەن بىر تۈرك دۇنياسىنى ئىراندا تەشكىللاندۇرغان بولۇشىغا قارىماي، ئوسمانلى دۆلىتى بىلەن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر مەنپەئەت توقۇنۇشىغا كىرىدۇ.

1514 - يىلى ئەتىياز مەزگىلىدە ياۋۇز سۇلتان سەلىم سەفەۋىيلەرگە قارشى ئىستانبۇلدىن ئاتلىنىدۇ. ئوسمانلىلار، فاتىھ ۋە ئىككىنچى بەيازىت دەۋرىدە قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، قوشۇننى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار قوراللىرى بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. بۇ قوراللار ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ ئۇتۇقلىرىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بولىدۇ. سەفەۋىيلەر قوشۇنى بولسا، ئاساسلىق دەرىجىدە ئۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئاتلىق قىسىملارغا تايىنىدۇ. 1514 - يىلى 23 - ئاۋغۇست كۈنى ۋان كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان چالدىراندا سەفەۋىي قوشۇنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىلىدۇ ۋە سەفەۋىيلەرنىڭ ئانادولۇدىكى تەسىرى ئاجىزلىتىلىدۇ. لېكىن شاھ ئىسمائىل ئۆلمەيدۇ ۋە كۈرەشنى ئوسمانلى قوشۇنى ئىستانبۇلغا قايتىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن تەكرار باشلايدۇ.

ياۋۇز سۇلتان سەلىم ئىككىنچى قېتىم شەرقتە مەملۇكىيلارغا قارشى يۈرۈش قىلىدۇ. 1516 - يىلى 24 - ئاۋغۇستتا سۈرىيەنىڭ ھەلەب شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان مەرجىدابىكتا كانسۇ گاۋرى قوماندانلىقىدىكى مەملۇكىيلار قوشۇنى ئوت ئېچىش قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ئوسمانلى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىلىدۇ ۋە كانسۇ گاۋرى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئوسمانلى قوشۇنى 1516 - يىلى سېنتەبىردە شامغا (دەمەشىققە) كىرىدۇ. 1517 - يىلى يانۋاردا قۇددۇس ۋە ئەتراپىدىكى جايلار ئوسمانلى تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ. 1517 - يىلى 21 - يانۋاردا رىدانىيەدە مەملۇكىيلارنىڭ ئاخىرقى قوشۇنلىرىنى

مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان ئوسمانلىلار قاھىرەگە كىرىدۇ ۋە مەملۇكىيلار دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. ھىجاز ھۆكۈمدارلىرىمۇ كېلىپ ئوسمانلىلارغا بوي ئېگىدۇ. 1517- يىلى 10- سېنتەبىرگە قەدەر 8 ئاي مىسىردا تۇرغان ياۋۇز ئىستانبۇلغا قايتىدۇ ۋە 1520- يىلى 21- سېنتەبىردە 51 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئون يەتتىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


Yavuz Ercan· "Yavuz Sultan Selim Dönemi", Türkler, c· IX·

Mustafa Ekinci, "Yavuz Sultan Selim Döneminde Osmanlı Safevi İlişkileri"· Türkler, c· IX· Göknur Göğebakan· "Doğu Anadolu'nun Osmanlı Hakimiyetine Girişi"· Türkler,c· IX· Kazım Yaşar Kopraman, "Osmanlı-Memluk Münase? betleri"· Türkler,c· IX· Necdet Sakaoğlu· Bu Mülkün Sultanları· İstanbul 1999·

J·L· Bacque-Graınmont· "Osmanlı İmparatorluğunun Doruğu: Olaylar 1512-1006", Osmanlı İmparatorluğu Tanlıi· yay· Robert M


## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-18

ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ شەرق سىياستى ھەققىدە مەلۇمات...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىكبۆلۈمىدە «ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ شەرق سىياستى» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ شەرق سىياستى»

ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ 1512- يىلى باشلىنىپ 1520- يىلى ئاخىرلاشقان تەخمىنەن 8 يىللىق ھۆكۈمدارلىقى بويىچە دىققەت نەزىرىنى پۈتۈنلەي شەرق تەرەپكە قاراتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ، بالى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر، سەفەۋىي ۋە مەملۇكىيلارغا قارشى يۈرۈش قىلىش ئەسناسىدا ئىككى ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلماسلىق ئۈچۈن راگۇزا، ۋەنەدىككە ئوخشاش ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. بۇ جەھەتتە ياۋۇز سۇلتان سەلىم ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئېتىبارەن يولغا قويىغان غەربكە ئېچىلىش شەكلىدە خۇلاسىلەش مۇمكىن بولىدىغان ئەنئەنىۋىي ئوسمانلى سىياستىنى تاشلايدۇ. ئوسمانلى تارىخىدا بۇ خىل سىياسەتنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يىلدىرىم بەيازىت دەۋرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ ۋە شەرقتىن كەلگەن تىمۇرىيلەرگە قارشى كۈرەشتە ئوسمانلى دۆلتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، تۇرغۇنلۇق دەۋرگە كىرىدۇ.

ياۋۇز ئوسمانلىلارنىڭ بۇ خىل ئەنئەنىۋىي سىياسەتلىرىدىن بىخەۋەر ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. شەرق زېمىنىدىكى سەفەۋىي دۆلتى ۋە مەملۇكىيلار سۇلتانىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ترابزۇندا ئۆتكەن 20 يىللىق شاھزادىلىك ھاياتى ئەسناسىدا ياۋۇز پەقەت شەرق جۇغراپىيەسى بىلەنلا قالماستىن، بولۇپمۇ ئوسمانلىلارغا ئوخشاش تۈركمەن بولغان سەفەۋىي خاندانلىقىنىڭ ئوسمانلى پۇقرالىرىنى يېنىغا تارتىپ، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر خەۋپ شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقىنىمۇ يېقىندىن تونۇپ يېتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياۋۇز سۇلتان

سەلىم ھۆكۈمدارلىقنى قولغا ئېلىپ، بىر تۇغقانلىرى بىلەن بولغان تەخت تالىشىش مەسىلىلىرىنى بىتەرەپ قىلغاندىن كېيىنلا، دەرھال ئالدىن پىلانلىغان شەرق سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقا باشلايدۇ.

ياۋۇز سۇلتان سەلىم بىلەن سەفەۋىي سۇلتانى شاھ ئىسمائىل ئارىسىدا پارسچە ۋە تۈركچە مەكتۇب يېزىشىشلار بولۇپ ئۆتىدۇ. بۇ مەكتۇبلاردا ھەر ئىككى تۈرك سۇلتانىنىڭ بىر-بىرىگە قارشى ھاقارەت قىلىش سەۋىيەسىگە بېرىپ قالغۇدەك دەرىجىدىكى سۆزلەرنى ئىستىمال قىلغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ياۋۇز سۇلتان سەلىم شاھ ئىسمائىلغا قارشى يۈرۈشكە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى قوشۇنىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن شاھنىڭ ئاناتولۇدىكى تەرەپدارلىرىغا بېسىم ئىشلىتىدۇ ۋە ئۇلارنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ. يۈرۈش تەييارلىقلىرى پۈتكەندىن كېيىن ئوسمانلى قوشۇنى 1514- يىلى 20- مارت كۈنى ئەدىرنەدىن يولغا چىقىدۇ. ئىستانبۇلغا كەلگەن ياۋۇز سۇلتان سەلىم؛ ئوغلى سۇلايماننى ئەدىرنەدە ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئاناتولۇغا بارىدۇ. ئۇسكۇدار، مالتەپە، گەبزە ۋە ھەرەكە يولىنى بويلاپ ئىزمىتكە يېتىپ بارىدۇ. قوشۇن ئىزمىتتىن قوزغىلىپ ئىزنىك يولىنى بويلاپ بۇرسا يەنىشەھىرگە كېلىدۇ. ياۋۇز سۇلتان سەلىم يەنىشەھىردىكى چېغىدا ئاناتولۇ ۋە رۇمېلىنىڭ بەگلىربەگلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. سىۋاسقا كەلگەندىن كېيىن بۇ قېتىملىق يۈرۈشكە قاتناشقان ئەسكەرلەر سانىنىڭ 140 مىڭغا يەتكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسكەرلەر ئىچىدىن 40 مىڭغا يېقىن كىشى ئارقا سەپ ياردىمى ۋە ئاناتولۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئاناتولۇدا قالدۇرۇپ قويىلىدۇ. بۇ ئەسنادا ئەلبىستان، ماراش رايونىدا بەگلىك قۇرغان دۇلقادىر ئوغۇللىرىغا خەۋەر يوللاپ، ئوسمانلى قوشۇنىغا قوشۇلۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن ئوسمانلى، سەفەۋىي ۋە مەملۇكىيلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىپ پات-پات سېپىنى ئۆزگەرتىپ كەلگەن دۇلقادىر ئوغلى ئالائۇددەۋلە بۇ تەكلىپنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قولىدىكى قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئوسمانلى قىسىملىرى ئۇ چاغدا سىۋاس ئېلى بىلەن چېگىرداش بولغان سەفەۋىي زېمىنلىرىغا كىرىدۇ. لېكىن سەفەۋىي سۇلتانى شاھ

ئىسمائىل ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ. ياۋۇز مەكتۇپ يېزىپ شاھ ئىسمائىلنى ئۇرۇش قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. سەفەۋىيلەر يەنە ئوتتۇرىغا چىقمىغاندىن كېيىن بۇ قېتىم ياۋۇز، ئەرزىنجاندىن تەبرىزگىچە بولغان يولنى قىرىققا ئايرىپ، سەفەۋىيلەرنىڭ مەركىزى بولغان تەبرىزگە قاراپ ئىلگىرىلەشنى قارار قىلىدۇ.

.........................................................................

ياۋۇزنىڭ تەبرىزگە قاراپ يۈرۈش قىلىش قارارى دۆلەت ئەركانى ۋە ئەسكەرلەر ئارىسىدا بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ. بىئاراملىقلىرىنى پادىشاھ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ۋە باياناتچىسى قىلىپ تەيىنلىگەن قارامان بېگى ھەمدەم پاشا ئارقىلىق ياۋۇزغا يەتكۈزىدۇ. ياۋۇزنىڭ جاۋابى پاشانىڭ بېشى ئېلىش بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ياۋۇزنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى كۆرۈپ يەتكەن قوشۇن يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەلەشكىرتقا يېقىنلاشقاندا يەنىچەرىلەر بۇنىڭدىن بەك ئىلگىرىلىمەيدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپ ئىسيان كۆتۈرىدۇ. لېكىن ياۋۇز ئىسيان كۆتۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلارنى شاھ ئىسمائىلنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ ئىنتايىن تەسىرلىك بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئۇرۇش قىلىشقا قايىل قىلىدۇ. بۇ جەرياندا سەفەۋىي قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ئاغرىنىڭ دوغۇ بەيازىت ناھىيەسىگە تەخمىنەن 80 كىلو مېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى چالدىراندا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. 1514- يىلى 20- ئاۋغۇست كۈن تۇتىلىدۇ. بۇ ۋەقەگە سىمۋولى قۇياش بولغان سەفەۋىيلەرنىڭ يېڭىلىدىغانلىقىنىڭ ئىشارىتى دەپ قارىلىدۇ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدىرنەدىن مارت ئېيىدىن باشلاپ بەش ئايدىن بويان سەپەرلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ 2500 كم غا يېقىن يول باسقان ئوسمانلى قوشۇنىدىن چالدىران ۋادىسىدا ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلغان سەفەۋىي قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىككى قوشۇن 1514- يىلى 23 -ئاۋغۇستتا ئۇرۇشىدۇ. ئوسمانلى قوشۇنى مەركەز، ئوڭ ۋە سول قانات بولۇپ، كىلاسسىك شەكىلدە ئۇرۇشنى تەرتىپكە سالىدۇ. مەركەزدە ۋەزىرى ئەزەم ھەرسەكزادە ئەھمەت پاشا ۋە ۋەزىر مۇستاپا پاشا بىلەن بىرلىكتە ياۋۇز سۇلتان سەلىم 10 مىڭ يەنىچەرى بىلەن سەپ تۇتىدۇ. ئوڭ

قاناتتا ئانادولۇ بەگلەر بېگى سىنان پاشا 8 مىڭ پىيادە ئەسكىرى بىلەن ئوڭ قاناتتا، رۇمئەلى بەگلەر بېگى ماسان پاشا 10 مىڭ پىيادە ئەسكىرى بىلەن سول قاناتتىن ئورۇن ئالدى. ئوسمانلى قوشۇنىنىڭ 80 مىڭغا يېقىنىنى ئاتلىق قىسىملار تەشكىل قىلدى. شاھنىڭ قوشۇنى بولسا، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى ئاتلىق قىسىملاردىن تەشكىل تاپىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ نە چوڭ توپ ئوقلىرى، نە 15-ئەسىردىن ئېتىبارەن فرانسىيەدە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان يەڭگىل مىلتىقلىرى يوق ئىدى. مىلتىقلارغا ئىگە ئوسمانلى قوشۇنىنىڭ ئالدىدا سەفەۋىي قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمەي، ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولىدۇ. ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ياۋۇز سۇلتان سەلىم سەفەۋىي دۆلىتىنىڭ پايتەختى تەبرىزگە كىرىپ، دۆلەت خەزىنىسىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. لېكىن شاھ ئىسمائىل ئۆلمەيدۇ ۋە كۈرىشنى ئوسمانلى قوشۇنى ئانادولۇغا چېكىنگەندىن كېيىن قايتىدىن داۋاملاشتۇرىدۇ. ياۋۇز سۇلتان سەلىم ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن دۇلقادىر بەگلىكىنى ئېلىپ، ئوسمانلى زېمىنلىرىغا قوشۇۋېتىدۇ ۋە 1515-يىلى 12-ئىيۇندا بۇ يەرگە شەھسۇۋار ئوغلى ئەلى بەگنى باشلىق قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

..........................................................................................

ياۋۇز سۇلتان سەلىم بۇ ئىشتىن كېيىن نىشانىنى مىسىردا قۇرۇلغان مەملۇكىيلار سۇلتانلىقىغا ئاغدۇرىدۇ. 1250-يىلىدا قاھىرەنى مەركەز قىلىپ دۆلەت قۇرغان مەملۇكىيلار قارامان، رامازان ئوغۇللىرى، دۇلقادىر ئوغۇللىرى ئالدىدىمۇ ھۆكۈمدارلىق تەسىرىنى پەيدا قىلىپ، ئوسمانلىلارنى ئانادولۇدا تۇتۇپ تۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

نىيىتىنىڭ سەفەۋىيلەرگە قارشى يۈرۈش قىلىش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 1516-يىلى 5-ئىيۇن كۈنى ياۋۇز سۇلتان سەلىم سانى 300 دىن ئارتۇق توپ ئوقى بار بولغان 50 مىڭدىن ئارتۇق ئوسمانلى قوشۇنى بىلەن ئىستانبۇلدىن ئايرىلىدۇ. تۇزلا، ئىزمىت، يەنىشەھىر، كۈتاھيا، ئافيون، ئاقشەھىر، كونيا،

نىگدە، قەيسەرى، ئەلبىستان يوللىرىنى بويلاپ، 28- ئىيۇل كۈنى مالاتىياغا يېتىپ باردى. 1516- يىلى 24- ئاۋغۇست كۈنى ھازىرقى سۈرىيەنىڭ ھەلەب شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان مەرجىدابىكتىكى ئالتە سائەت داۋاملاشقان ئۇرۇش نەتىجىسىدە مەملۇكىيلار قوشۇنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىلدى ۋە سۇلتان كانسۇ گاۋرى ئۆلتۈرۈلدى. ئۇرۇشتا غەلىبىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىدە ئوسمانلى توپچى قىسىملىرى ۋە ملتىقلىق 20 مىڭ يەنىچەرىنىڭ كۆرىنەرلىك دەرىجىدە تەسىرى بولدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتۈن سۈرىيە ئوسمانلىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. 1516- يىلى ئىچىدە ھەلەب، دەمەشىق، غەززە ۋە 1517- يىلى قۇددۇس ئوسمانلى تەۋەلىكىگە ئۆتتى. ياۋۇز سۇلتان سەلىم ئىلگىرىلەشنى قاھىرە تەرەپكە قاراپ داۋاملاشتۇردى. 1517- يىلى 22- يانۋاردا رىدانىيەدە مەملۇكىيلار قوشۇنى ئېغىر شەكىلدە مەغلۇب قىلىندى ۋە ياۋۇز سۇلتان سەلىم 23- يانۋار كۈنى قاھىرەگە كىردى.

شۇنداق قىلىپ، 267 يىل بويىچە مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن مەملۇكىيلار دۆلىتى تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىندى. ئىلگىرى مەملۇكىيلارغا قاراشلىق بولغان مەككە ئەمىرلىكىمۇ ياۋۇز سۇلتان سەلىمگە بويسۇندى. ياۋۇزنىڭ يۈرۈشلىرى ۋە مەملۇكىيلارغا قارشى ئېلىپ بارغان بۇ شەرق يۈرۈشى سايىسىدا سۈرىيە، ئىراق، پەلەستىن، ھىجاز ئوسمانلى دۆلىتىگە قاراشلىق بولۇش بىلەن بىرگە، سەفەۋىي ۋە مەملۇكىيلارغا ئوخشاش شەرقنىڭ ئىككى كۈچلۈك دۆلىتىنىڭ خەزىنىلىرىمۇ ئوسمانلىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. مالىيە كۈچى بىلەن بىرلىكتە، شەرقنىڭ دۆلەت تەجرىبىلىرىنىمۇ ئىستانبۇلغا ئېلىپ كېلىپ غەربنىڭ قىممەت قاراشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئالدىدا جاھان ئىمپېراتورى بولۇشى ئۈچۈن ھېچقانداق توسالغۇ قالمايدۇ.

پايدىلانغان ئەسەرلەر:

Yavuz Ercan· "Yavuz Sultan Selini Dönemi", Türkler, c· IX·

Muşlara Ekinci· "Yavuz Sultan Selim Döneminde Osmanlı Safevi İlişkileri", Türkler, c· IX·

Göknur Göğebakan, "Doğu Anadolu'nun Osmanlı Hakimiyetine Girişi", Tür? kler, c· IX·

Kazım Yaşar Kopraman, "Osmanlı-Menıluk Münasebetten",Türkler, e· IX·

Necdet Sakaoğlu· Bu Mülkün Sultanları· İstanbul 1999·

J·L· Bacque-Grammont· "Osmanlı İmparatorluğunun Doruğu: Olaylar 1512-1606", Osmanlı İmparatorluğu Tarihi, yay· Roberl Maninin·

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-19

قانۇنى سۇلتان سۇلايمان ۋە ئىش ئىزلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «قانۇنى سۇلتان سۇلايمان (1520- 1566)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«قانۇنى سۇلتان سۇلايمان (1520- 1566)»

1520- يىلى 20 -سېنتەبىردە ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ هاياتلىقتىكى بىردىن بىر ئوغلى سۈپىتىدە تەختكە ئولتۇرغان قانۇنى سۇلتان سۇلايمان 1494- يىلى ئاتىسى ترابزونغا سانجاق بېگى بولغان مەزگىلدە ھەفسە سۇلتاندىن دۇنياغا كېلىدۇ. بالىلىق يىللىرىنى ترابزوندا ئۆتكۈزگەن سۇلايمان شەرق ئىلىملىرى ۋە ئىسلامىي تەلىم -تەربىيە بىلەن يېتىشىدۇ. 1508- يىلى شەبىنقاراھىسارغا ۋە يەنە شۇ يىلى ئىچىدە بولۇغا سانجاق بېگى بولغاندىن كېيىنō1509- يىلىدا كەفەگە سانجاق بېگى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. 1512- يىلى ئاتىسى سۇلتان بولغاندىن كېيىن ئىستانبۇلغا كەلگەن سۇلايمان 1513- يىلى مانىساغا سانجاق بەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ ۋە ئىستانبۇلدا تەختكە ئولتۇرغان 1520- يىلىغا قەدەر بۇ يەردە تۇرىدۇ. ئوسمانلى تارىخىدا ئەمىر سۇلايمانىنىڭ تۇرغۇنلۇق دەۋرىدىكى قىسقا مۇددەتلىك سەلتەنىتىنى قانۇنلۇق دەپ قارايدىغان بىر قىسىم تارىخچىلار ئۇنى «ئىككىنچى سۇلايمان» دەپمۇ ئاتايدۇ. لېكىن سۇلايمان غەربتە كۆپىنچە كاتتا ياكى بۈيۈك تۈرك دېگەن ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. رەسمىي ئوسمانلى تارىخ مەنبەلىرىدە بولسا، كۆپىنچە «قانۇنى» دېگەن سۈپەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

قانۇنى سۇلتان سۇلايمان تەختكە ئولتۇرغاندا ئاتىسىنىڭ ۋەزىرى ئەزەمى پىرى مەھمەت پاشانى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىماي، ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئاتىسىنىڭ بۇرسا ۋە ھەلەب بازارلىرى قاراشلىق بولغان ئىراندىن رەخت ئىمپورت قىلىشنى مەنئىي قىلغان قانۇنىنى ھەر خىل چەكلىملەرنى قويغان ئاساستا بىكار قىلىدۇ. بۇ پائالىيىتى ئۇنىڭغا ئوسمانلى ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى ئارىسىدا ھۆرمەت -ئىناۋەت بېغىشلايدۇ. تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنىچەرىلەرگىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ مەرتىلىك قىلىدۇ.

ئاتىسى ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ ئەكسىچە بارلىق ھوقۇقنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن بىر سۇلتان بولۇشنىڭ ئورنىغا يېقىن ئەتراپى ۋە ۋەزىرى ئەزەملىرى بىلەن كۈچلۈك ھەمكارلىق ئورناتقان پادىشاھ كارتىنىسىنى سىزىدۇ. 46 يىللىق سەلتەنىتى بويىچە قانۇنى سۇلتان سۇلايمان ئەسكەرلىرىگە ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق

قىلىپ، 13 قېتىم يۇرۇشكە چىقىدۇ. ئىبراھىم پاشا ئوسمانلى تارىخ مەنبەلىرىدە «مەقبۇل» ۋە «مەقتۇل» سۈپەتلىرى بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان ۋە قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئالاھىدە تەسىر پەيدا قىلغان ۋەزىرى ئەزەمدۇر. قانۇنى چىققان ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ بىرىنچىسى 1521- يىلى 29- ئاۋغۇستتىكى بېلگراد بىلەن ئەتراپىدىكى قەلئەلەرنىڭ ئوسمانلىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن ۋە قانۇنىغا «بېلگرادنىڭ فاتىھى» ئۇنۋانىنى بېشىغلىغان بېلگراد يۈرۈشىدۇر. ئىككىنچى چوڭ يۈرۈشى بولسا، 1522- يىلى 28- ئىيۇلدا ئوسمانلىلارنىڭ مىسىر بىلەن ئاناتولۇ زېمىنلىرى ئارىسىدا دېڭىز يولىغا توسالغۇ بولىدىغان رودوس ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ تارمار قىلىنىپ، ئارالنىڭ ئوسمانلى زېمىنلىرىغا قوشۇۋېلىنىشىدۇر. قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ قىرىق ئالتە يىل داۋاملاشقان ھۆكۈمدارلىقى مەزگىلىنى ئىككى ئاساسلىق باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچى باسقۇچى، 28 ياشلىق ئىبراھىم پاشانىڭ 1523- يىلى يانۋار ئېيىدا ئوسمانلىدۆلەت سىستېمىسىغا زىت ھالدا سۇلتان سۇلايمان تەرىپىدىن ۋەزىرى ئەزەملىككە تەيىنلىنىشى بىلەن باشلىنىدۇ. تارىخچىلار، ئىبراھىم پاشانىڭ سۇلتان سۇلايماننىڭ مانىسادىكى شاھزادىلىك مەزگىلىدىن بويانقى يېقىن دوستى ۋە سىردىشى بولۇشىنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ. قانۇنى سۇلتان سۇلايمان ئىبراھىم پاشاغا بولغان يېقىنلىقىنى ھەمشىرىسى خەدىجە سۇلتاننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىش ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئات مەيدانى سارىيىنىمۇ ئىبراھىم پاشاغا ئاجرىتىدۇ. 1524- يىلى 22- مايدىن 1524- يىلى 5- ئىيۇنغىچە داۋاملاشقان ئىبراھىم پاشانىڭ تويى ئەسناسىدا شاھزادە سەلىمنىڭ 28- مايدا دۇنياغا كېلىشى ئۇنىڭ ئامەت قوشى ھېسابلىنىشىغىمۇ سەۋەب بولىدۇ.

بەلگىلىمىلەرگە زىت ھالدا، ئىككىنچى ۋەزىرلىكتىن مىسىرغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئەھمەد پاشا بۇ ئەھۋالغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، 1524- يىلى يانۋاردا قاھىرەدە ئوسمانلى سۇلتانىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ.

.......................................................................

ۋەزىرى ئەزەم ئىبراھىم پاشاغا تويدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بىر يىل داۋاملاشقان مىسىر ئىسيانىنى باستۇرۇش ۋەزىپىسى بېرىلىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇندىغان ئىبراھىم پاشا مىسىردا بىر ئەسىر داۋاملىشىدىغان خاتىرجەملىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلغاندىن كېيىن، ئىستانبۇلدا چىققان يەنىچەرى ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن پايتەختكە چاقىرتىلىدۇ. 1525- يىلى مارت ئېيىدا بۇ ئىسيان باستۇرۇلىدۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1526- يىلى 29- ئاۋغۇستتا ۋېنگىرىيە قوشۇنى موھاچتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا پادىشاھ لايوش ئۆلتۈرۈلۈپ، ۋېنگىرىيە دۆلىتىنىڭ مەركىزى بوداپېشت (ئۆز ۋاقتىدىكى بۇدىن) ئوسمانلىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. بۇ يۈرۈش قانۇنىنىڭ ئۈچىنچى يۈرۈشى بولىدۇ. سۈلايماننىڭ تۆتىنچى قېتىملىق يۈرۈشى يەنە غەربكە، يەنى ۋېيېنناغا قارىتىلىدۇ. 1525- يىلدىكى بۇ يۈرۈشتە ئىبراھىم پاشاغا ئەسكەر بېشى، رۇمەلى بەگلەر بېگى ئۇنۋانلىرىمۇ بېرىلىدۇ. 120 مىڭ كىشىلىك ئوسمانلى قوشۇنى ۋېيېننا سېپىلىنى قورشاۋغا ئالىدۇ. ئادەتتە ئاپرېل ئېيى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ يۈرۈشكە چىقمايدىغان ۋە قىش كىرىپ قېلىپ بولغۇچە قايتىپ كېلىشى كېرەك بولغان ئوسمانلى قوشۇنى 16- ئۆكتەبىردە مۇھاسىرىنى بوشىتىپ، ئىستانبۇلغا قايتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. بۇ يۈرۈش ئوسمانلى زېمىنلىرىنىڭ غەربتىكى ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولىدۇ. 1532- يىلى گېرمانىيە يۈرۈشى دەپ ئاتالغان بەشىنچى قېتىملىق سەپەرگە قانۇنى سۇلتان سۈلايمان يەنە ئىبراھىم پاشا بىلەن بىرلىكتە چىقىدۇ. بۇ يۈرۈشنىڭ نەتىجىسى ۋېنگىرىيەدە تەخت تالىشىش مۇجادىلىسىگە كىرىشىپ كەتكەن ئاۋسترىيە كىنەزى فېردىناد بىلەن ۋېنگىرىيە پادىشاھى يانوش زاپولىيانىڭ ئۆزىگە تەۋە يەرلەردە سۈلايمانغا باج تۆلەشنى قوبۇل قىلىشى بولىدۇ. قانۇنى ئالتىنچى قېتىم شەرققە، يەنى ئىران تەرەپكە يۈرۈش قىلىدۇ. شاھ ئىسمائىل ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا ئولتۇرغان چوڭ ئوغلى تاھماسپقا قارشى ئىستانبۇلدىن ئايرىلغان ئوسمانلى قوشۇنى 1533- يىلى ئۆكتەبىردە ئىرانغا يۈرۈش قىلىدۇ. 1534- يىلى دېكابىر

ئېيىدا باغداد ۋە ۋان رايونى ئوسمانلى زېمىنلىرىغا قوشۇلدۇ. بۇ يۈرۈشتىن كېيىن 1536 - يىلى ئىستانبۇلغا قايتقان ئىبراھىم پاشا، قانۇنىينىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ئايالى ھۈررەم سۇلتانىنىڭ قوترىتىشى نەتىجىسىدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئىشتىن كېيىن «مەقتۇل (ئۆلتۈرۈلگەن)» دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان ئىبراھىم پاشادىن كېيىن سۇلايماننىڭ بىرىنچى دەۋرى ئاخىرلاشقان بولىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ئوسمانلىنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ يىراق رايونلارغىچە يېتىپ بارغان بولۇشىدۇر. بۇ جەرياندا، 1533 - يىلى بارباروس ئىستانبۇلغا كېلىپ، ئوسمانلى دېڭىز قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئاق دېڭىزدا ئوسمانلى دېڭىز قىسىملىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەش دەۋرى باشلىنىدۇ. پەقەت ئاق دېڭىز بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان ئوسمانلى پائالىيەتلىرى بەسرە قولتۇقى، قىزىل دېڭىز ۋە شىمالىي ئافرىقا ساھىللىرىغىچە سوزۇلدى. 1538 - يىلى 25 - سېنتەبىردە پرەۋەزەدە ئەھلى سەلىپ دېڭىز ئارمىيەسى ئېغىر شەكىلدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىلدى. فرانسىيە بىلەنمۇ ئاۋستىرىيە ھۆكۈمدارى ھابسبۇرگلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش مەقسىتىدە سودا كېلىشىملىرى ئىمزالايدۇ.

..............................................................................

قانۇنى 1538 - يىلى يەتتىنچى قېتىم بوغدان (ھازىرقى مولداۋىيە) غا قارشى يۈرۈش قىلىدۇ ۋە بۇ يەرنىڭ بىر قىسمىنى ئوسمانلىلارغا بويسۇندۇرىدۇ. بوداپىشتنىڭ ئاۋستىرىيەلىلەر تەرىپىدىن مۇھاسىرە قىلىنىشى بىلەن 1541 - يىلى سۇلايمان سەككىزىنچى قېتىم ۋېنگىرىيەگە يۈرۈش قىلىدۇ. بوداپىشتنى ئىككىنچى قېتىم قولغا كىرگۈزىدۇ ۋە ۋېنگىرىيەنى 12 بەگلىكتىن تەشكىل تاپقان بىر ئوسمانلى ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرىدۇ. سۇلايمان 1543 - يىلى ئەستەرگونغا قارشى يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ توققۇزىنچى قېتىملىق يۈرۈشى بولۇپ، بۇ جەرياندا ئاۋستىرىيە ئوسمانلىلار بىلەن بەش يىللىق تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. 1544 - يىلى سەفەۋىي شاھى تاھماسپقا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن شاھزادە ئەلكاس مىرزا

ئوسمانلىلاردىن پاناھلىق تىلەيدۇ. 1548 - يىلى ئىرانغا يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇنىنچى قېتىملىق بۇ يۈرۈش جەريانىدا تەبرىز، ۋان ۋە گىروزىيە ئوسمانلى تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ. 1551 - يىلى كېيىنچە سوكۇللۇ دېگەن نامغا ئىگە بولغان رۇمئەلى بەگلەر بېگى قوماندانلىقى ئاستىدا ۋېنگىرىيەگە يۈرۈش قىلىنىدۇ. بىراق بۇ يۈرۈشتىن مۇئەييەن بىر نەتىجە چىقمايدۇ. قانۇنىنىڭ ئىرانغا قارشى ئۈچىنچى، ئۆزىنىڭ بولسا ئون ئىككىنچى يۈرۈشى 1553 - يىلى ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ يۈرۈش ئەسناسىدا باشقا ئانىدىن بولغان تەخت ۋارىسى مۇستاپا ۋە كىچىك ئوغلى جىھانگىر ھۈررەم سۇلتاننىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ.
سۇلايماننىڭ ئىرانغا قېچىپ كەتكەن يەنە بىر ئوغلى بەيازىت بولسا، 1561 - يىلى سۇلتاننىڭ بېسىمى ئارقىسىدا ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈلىدۇ، شۇنداق قىلىپ، يەنە بىر ئوغلى سەلىم ئۈچۈن تەخت يولى ئېچىلىدۇ. ئاخىرقى قېتىملىق ئىران يۈرۈشىدە ئاماسيا كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئىران بىلەن ئوسمانلى دۆلىتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ساقلىنىپ قالىدۇ. 1565 - يىلى ساكىز ئارىلى پىيالە پاشا تەرىپىدىن قولغا كىرگۈزۈلىدۇ. سۇلايماننىڭ ئون ئۈچىنچى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى يۈرۈشى 1566 - يىلىدىكى زىگەتۋار يۈرۈشى بولىدۇ. 1566 - يىلى 7 - سېنتەبىردە قانۇنى سۇلتان سۇلايمان يۈرۈش ئەسناسىدا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. سوكۇللۇ مەھمەت پاشا 8 - سېنتەبىر كۈنى زىگەتۋارنى قولغا كىرگۈزىدۇ ۋە قانۇنىنىڭ ئۆلۈمىنى مەخپىي تۇتىدۇ. 1566 - يىلى 30 -سېنتەبىردە سۇلتان ئىككىنچى سەلىم تەختكە ئولتۇرىدۇ.

«مۇھىببى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىرلارنى يازغان قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدە ئوسمانلى دۆلىتى سىياسىي، ئەسكىرىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە يۈكسەك پەللىگە يېتىدۇ. مىمار سىنان، شائىر باقى، مىنياتۇرچى نىگارى، دىنىي ئالىم ئەبۇسسۇئۇد، كاپىتانلار پىرى رەئىس ۋە باربىروس ئۇ دەۋرنىڭ يۈكسەك پەللىلەرگە يېتىشكە ھەسسە قوشقان ۋە زامانىمىزدىمۇ تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدىغان مۇھىم كىشىلەر سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالىدۇ. دۆلەت توپخانىلىرىدا 20 -22 توننىلىق توپلار قۇيىلىدۇ، خالىچ ۋە

گالاتا پورتلىرى ئاق دېڭىزنىڭ ئەڭ ئاكتىپ پورتلىرىغا ئايلىنىدۇ. قانۇنى دەۋرىدە ئىنشا قىلىنغان نۇرغۇنلىغان سۇ يولى، جامە، كارۋانساراي، هاممام قاتارلىقلار زامانىمىزغا قەدەر مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئەڭ ھەشەمەتلىكلىرىدىن بولغان سۇلايمانىيە جامەسى ۋە كۈتۈپخانىسى بولۇپ، دەۋرىمىزدىمۇ خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئون توققۇزىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999.

J.L. Bacque-Grammont, "Osmanlı İmparatorluğunun Doruğu: Olaylar 1512-1606", Osmanlı İmparatorluğu Tarihi, yay. Robert Manlran.


# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-20

قانۇنى سۇلتان سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ غەرب سىياستى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمدە «قانۇنى سۇلتان سۇلايمان  ۋە ئۇنىڭ غەرب سىياستى» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«قانۇنى سۇلتان سۇلايمان  ۋە ئۇنىڭ غەرب سىياستى»

قانۇنى سۇلتان سۇلايمان 1520- يىلى تەختكە ئولتۇرغان چېغىدا چېگرالىرى ئۈچ قىتئەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر ئىمپېراتورلۇقنىڭ ۋارىسى بولىدۇ. ئەجدادلىرى، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ چېگرىلىرىنىڭ شەرقتە ئىران، جەنۇبتا مىسىر ۋە ئەرەبىستان، شىمالدا قىرىمغا قەدەر كېڭەيتىدۇ. غەربتە بولسا، پۈتۈن بالقان يېرىم ئارىلى پەتھى قىلىنىدۇ ۋە ئوتتۇرا ياۋروپادا ۋېنگرىيە ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ يېڭى چېگرا قوشنىسى بولىدۇ. غەربىي ياۋروپادا بولسا، 1519- يىلىدىن ئېتىبارەن مۇقەددەس روما -گېرمان ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ۋارىسلىقىنى تالىشىپ، پايتەختلىرى ۋېيېننا بولغان ھابسبۇرگ خاندانلىقىنىڭ ۋەكىلى ۋ.كارل بىلەن فىرانسىيە پادىشاھى فرانچوئىس (1-) شىددەتلىك مۇجادىلىگە كىرىشىدۇ. گېرمان ئېلېكتۆر شاھزادىلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا 1520- يىلى ئۆكتەبىردە ۋ.كارل فىرانسىيە پادىشاھى، ئاشېنمۇ مۇقەددەس رىم -گېمان ئىمپېراتورى بولىدۇ. ۋ.كارلمۇ ئىلگىرىكى ئىمپېراتورلارغا ئوخشاش خىرىستىيان ياۋروپا ئىتتىپاقىنى قۇرۇشنى ئۆزىنىڭ نىشانىغا ئايلاندۇرىدۇ. لېكىن ئۇ دەۋردە ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە ئوخشاش يەرلىك خانلىقلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى يۇقىرىقى خىيالنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا غەربىي ياۋروپادا كەڭ ئومۇملاشقان كاتولىكلىك بىلەن بىرگە، بۇ مەزگىلدە پروتېستانتلىق ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى دىننى چىقىش قىلغان بىر ئىمپېراتورلۇقنىڭ قۇرۇلۇشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئوسمانلىلارنىڭ ياۋروپانىڭ ئىچكى قىسىملىرىغىچە ئىلگىرىلىشىمۇ بۇ خىيالنى ئىمكانسىزلاشتۇرىدۇ. ئاۋستىرىيە كىنەزى فىلىپ (1-) بىلەن كاستىليا (ئىسپانىيەدە) مەلىكىسى جۇئانا (1-) نىڭ ئوغلى بولغان ۋ.كارلنىڭ مۇقەددەس رىم -گېرمان ئىمپېراتورلۇقىغا تەيىنلىنىشىنى قوبۇل

قىلىشنى خالىمىغان فىرانسىيە پادىشاھى فىرانچوئىس (1-) 1521- يىلى مارتتىن باشلاپ ۋ.كارلغا قارشى ئۇرۇش باشلايدۇ. غەربىي ياۋروپانىڭ بۇ خىل سىياسىي بۆلۈنۈشى ئوسمانلىلارنىڭ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇۋاپىق پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ.

مانا بۇ مۇۋاپىق سىياسىي شارائىت ئىچىدە ئوسمانلى قوشۇنلىرى 1521- يىلى بىلەن 1529- يىللىرى ئارىسىدا بېلگرادتىن ۋيېنناغىچە بولغان جايلارغا قاراتقان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىنى باشلايدۇ. قانۇنى سۇلتان سۇلايمان ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان ئوسمانلى قوشۇنى 1521- مايدا ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ ئاچقۇچى ھېسابلىنىدىغان بېلگرادقا يۈرۈش قىلىدۇ.بۇ چاغدا بېلگراد ، مۇقەددەس رىم -گېرمان ئىمپېراتورلۇقىغا قاراشلىق ۋىنگىر پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمدارلىقى ئاستىدا ئىدى ۋە ۋىنگىر تەختى بوخېميا پادىشاھى ۋلادىسلاۋ (2-) غا بېرىلگەنىدى. لېكىن 1519- يىلى ئۆلگەن ۋە ۋ.كارلنىڭمۇ بوۋىسى رىم - گېرمان ئىپمېراتورى ماكسىملىئان قودا -باجىلىق  يولى ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈلگەن توغقاندارچىلىق بىلەن ۋ.كارلنىڭ بىر تۇغقىنى بولغان يەنە بىر نەۋرىسى فېردىناند (1-) نىڭ ۋىنگىر پادىشاھلىقىنىڭ قانۇنلىق ۋارىسى بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئىش ئېردېل (ترانسىلۋانىيە) بېگى جانوس زاپوليا قاتارلىق ۋىنگىر قەبىلىلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. مۇشۇنداق قالايمىقان ۋەزىيەتتە ئوسمانلى قوشۇنى مۇھاسىرە ئاستىدىكى بېلگرادنى 1521- يىلى 29- ئاۋغۇستتا پەتھى قىلىدۇ. بېلگرادنىڭ پەتھى قىلىنىشى بىلەن ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ قۇلۇپىسى ئېچىلغان بولىدۇ. فاتىھ سۇلتان مەھمەت قولغا كىرگۈزەلمىگەن بۇ ئىنتايىن كۈچلۈك قەلئەنىڭ پەتھى قىلىنىشى، 26 ياشلىق قانۇنى سۇلتان سۇلايمانغا ناھايىتى زور ئىناۋەت بېغىشلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بېلگراد كېيىنكى چاغلاردا ئوسمانلى ئەسكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ياۋروپاغا قاراتقان قۇرۇقلۇق يۈرۈشلىرىدە بىر بازا بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. ياۋروپادا بولسا ، بېلگرادنىڭ قولدىن كېتىشى ھاياجان پەيدا قىلىدۇ. لېكىن نە ئۇرۇش قىلىۋاتقان فىرانسىيەنىڭ،

نە رىم ــگېرمان ئىمپېراتورلۇقىنىڭ نە تەخت تالىشىش جېدىلى يۈزىسىدىن ئىچكى قالايمىقانچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرىۋاتقان ۋېنگرىيە پادىشاھلىقىنىڭ بۇ ئەھۋالغا مۇداخىلە قىلالىغۇدەك مادارى يوق ئىدى.

..................................................................................................

قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ غەرب سىياستىنىڭ ئىككىنچى مۇھىم بېكىتى رودوس بولىدۇ. ئوسمانلىلارنىڭ ئاق دېڭىز يولى ئارقىلىق غەربكە يۈزلىنىشى ئالدىدىكى ئاچقۇچلۇق توسالغۇ بولۇپ تۇرىۋاتقان رودوس ئارىلى خوسپىتالىئېر ۋە قۇدۇس سائىنت ــجېئېن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. بىرىنچى قېتىملىق ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرا شەرقتە ئىنشا قىلىنغان ئەھلى سەلىپ مەھكىملىرىنىڭ  بىرى بولغان ئاققادىكى مەھكىمىنىڭ 1291 - يىلى رايون مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن رودوسقا كېلىپ ئولتۇراقلىششى نەتىجىسىدە ئارال لاتىن ــخىرىستىيان دۇنياسىنىڭ ئىلغار قارا قولىغا ئايلىنىدۇ. مىسىر بىلەن ئىستانبۇل ئارىسىدىكى سودا يولىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن رودوسنى ئېلىش يۈرۈشى باشلىنىدۇ. رودوس ئىلگىرىمۇ فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بويسۇندۇرۇش مۇمكىن بولمىغانىدى. ياۋۇز سۇلتان سەلىم تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا بىنا قىلىنغان كېمەسازلىق زاۋۇتىدا ياسالغان كېمىلەر بىلەن رودوس ئارىلى مۇھاسىرىگە ئېلىنىدۇ. ئوسمانلىلار پەقەت ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەنلا ئەمەس، دىپلوماتىك يوللار بىلەن ئارالنىڭ پەتھى قىلىنىش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ. بۇ مەقسەتتە رودوس ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە ياردەم قىلىش ئېھتىمالى بولغان ۋەنەدىك بىلەن  1521 - يىلى دېكابىر ئېيىدا يېڭى سودا كېلىشىمى ئىمزالاش ئارقىلىق بىر قىسىم ئىمتىيازلار بېرىلىپ كونتروللۇق ئاستىغا ئېلىنىدۇ. ئارالنى قوغداپ قالالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن رودوس ئاتلىق ئەسكەرلىرى مالتا ۋە ترابلوسقا ئورۇنلىشىۋېلىشلىرى ئۈچۈن ئارالدىن ئايرىلىشلىرىغا رۇخسەت قىلىنىشى شەرتى بىلەن 1522 - يىلى 21 - دېكابىر كۈنى ئارالنى ئوسمانلىلارغا ئۆتكۈزۈپ

بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوسمانلى قوشۇنى غەربىي ياۋروپاغا قاراتقان يۈرۈشلىرىنىڭ سۈرئىتىنى بېلگرادنىڭ ئېلىنىشى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارقىلىق، رودوسنىڭ ئېلىنىشى بىلەن دېڭىز يولى ئارقىلىق ئاشۇرىدۇ.

1525 - يىلى فىرانسىيە پادىشاھى فرانچوئىس (1 -) نىڭ، ئەنگلىيەنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشكەن مۇقەددەس رىم -گېرمان ئىمپېراتورى ۋ.كارل تەرىپىدىن پاۋىئاغا مەغلۇب بولۇپ ئەسىرگە چۈشۈشى ۋە فىرانسىيەنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشى ئوسمانلىلارغا ياۋروپا سىياسەتلىرىگە بىۋاستە مۇداخىلە قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ. ئوسمانلىلار 1526 - يىلى ھابسبۇرگلارغا قارشى يۈرۈش قىلىدۇ. موھاچتا ئوسمانلى ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىسىغا چىققان ۋېنگىر قوشۇنى 1526 - يىلى 29 - ئاۋغۇستتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ئوسمانلىلار 1526 - يىلى 10 - سېنتەبىردە بۇدىن (بوداپېشت) شەھىرىگە كىرىدۇ ۋە ۋېنگىر قەبىلىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن جانوس زاپوليا ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ۋېنگىرىيە پادىشاھى دەپ ئېلان قىلىنىدۇ.

........................................................................

جانوس زاپولياسىنىڭ ۋېنگىرىيە پادىشاھلىقىنى، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋ.كارلنىڭ قېرىندىشى فېردىناند قوبۇل قىلمايدۇ ۋە 1527 - يىلى بۇدىننى ئىشغال قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زاپوليا ئوسمانلىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. 1529 - يىلى ماي ئېيىدا ئىستانبۇلدىن يولغا چىققان ئوسمانلى قوشۇنى 7 - سېنتەبىردە بۇدىننى ئېلىپ، زاپوليانى قايتىدىن پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئىلگىرىلىشنى داۋاملاشتۇرغان ئوسمانلى قوشۇنى 1529 - يىلى 27 - سېنتەبىردە ھابسبۇرگلارنىڭ مەركىزى ۋېيېننانى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ، لېكىن پەتھى قىلالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ۋېيېننانىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى ياۋروپادا ھاياجان يارىتىدۇ ۋە ئوسمانلىلارغا قارشى بىر خىرىستىيان ئىتتىپاقى قۇرۇش پىكرىنىڭ رۋاج تېپىشىغا ھەمدەم بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قانۇنى سۇلتان سۇلايمان يولغا قويغان غەرب

سىياسىتىنىڭ نىگىزىدە بولسا، ياۋروپانىڭ ئوسمانلىلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشكە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار بار ئىدى. بۇ ئامىللارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىن 1532 - يىلى بىلەن 1541 - يىللىرى ئارىسىدا ئورتاق دۈشمەن دەپ قارالغان ھابسبۇرگلارغا قارشى ئوسمانلى ـفرانسۇز ئىتتىپاقى ئورۇن ئالىدۇ. بۇ ئىتتىپاقنىڭ سايىسىدا ئوسمانلىلار، فرانسىيەگە ئوخشاش يەرلىك پادىشاھلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ۋە ياۋروپانىڭ ئىتتىپاقلىششىنىڭ ئالدىنى ئالغان بولىدۇ. ئوسمانلىلارنىڭ ھابسبۇرگلارنى ۋېيىننانى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئارقىلىق قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ قويۇشى ياۋروپادا ئېتىقاد ۋە پىكىر ساھەلىرىدە بېسىملارغا دۇچ كېلىۋاتقان پىروتېستانتلارنىڭ تونۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. كاتولىكلارغا قارشى لوتېرچىلار ۋە كالۋىنىستلارنى قوللاش ۋە قوغداش قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ غەرب سىياسىتىنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق ئامىلى بولىدۇ.

قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدىكى ۋېنگرىيە يۈرۈشلىرى بىلەن، بۇ دۆلەت بۇدىن بەگلەر بېگى نامى ئاستىدا ئوسمانلى ئەسكىري سىستېمىسى ئىچىدىن ئورۇن ئالىدۇ ۋە ھابسبۇرگلار بىلەن بولغان چېگرا بالقان رايونلىرى ئەمەس، بۇدىنىنىڭ غەربى بولىدۇ. ئەردەل ۋە تەمەشۋار بەگلەر بېگى قۇرۇلۇپ چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئوسمانلىلار غەربتە يېتىپ بارالىغان ئەڭ كەڭ زېمىنلارنى قولغا كىرگۈزگەن بولىدۇ. ۋېنگرىيەدە قۇرۇلغان بۇ ئۈچ بەگلەر بېگى سىستېمىسى گوياكى ئەفلاك ۋە بوغدان (مولداۋىيە) غا ئوخشاش مۇھاپىزەت قىلىنىپ، ھابسبۇرگلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كېسىپ تاشلاش سىياسىتى ئىجرا قىلىنىدۇ.

دېڭىزلاردا بولسا، بارباروس خەيرۇددىن پاشا قوماندانلىقىدىكى ئوسمانلى دېڭىز ئارمىيەسى 1538 - يىلى 29 - سېنتەبىردە ئەھلى سەلىپ دېڭىز ئارمىيەسىنى پرەۋەزەدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئاق دېڭىزنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىدۇ. فرانسۇزلار بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان ئوسمانلى دېڭىز ئارمىيەسى نىجە، تولۇنغا قەدەر سوزۇلغان رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. فرانسۇزلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى

چۆرىدىگەن غەرب سىياسىتىنىڭ بىر نەتىجىسى سۈپىتىدە ئالجىرىيە ۋە تۇنىسقا ئوخشاش شىمالىي ئافرىقا دۆلەتلىرىمۇ ئوسمانلى دۆلىتىگە قارشىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قانۇنى سۇلتان سۇلايمان زامانىدا ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئەڭ يىراق چېگرىلىرى شەكىللىنىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ يىگىرمىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


Halil İnalcı, Osmanlı İmparatorluğu Klasik Çağ (1300-1600) , İstanbul 2003·

Feridun Emecen· "Sultan Süleyman Çağı ve Cihan Devleti"· Türkler c IX· An?kara 2002·


# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-21

قانۇن دۆلىتى - جاھان ھۆكۈمدارى ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «قانۇن دۆلىتى - جاھان ھۆكۈمدارى ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«قانۇن دۆلىتى - جاھان ھۆكۈمدارى ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى»

ئوسمانلى دۆلىتى ئۈچ قىتئەدە سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان چاغلاردىمۇ ئىجرا قىلىۋاتقان قانۇن سىستېمىسى ئارقىلىق تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئوسمانلى دۆلىتى قانۇن ساھەسىدە ئومۇمەن ئىسلام دىنىنىڭ جەمئىيەتنى تەرتىپكە سالىدىغان قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىدىن پايدىلانغان. لېكىن شەرىئەت دەپمۇ ئاتىلىدىغان بۇ قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر بىلەن بىرگە دۆلەت تەشكىلاتى، ئىدارە قىلىش، باج ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئوخشاش ساھەلەردىمۇ ئوسمانلى پادىشاھلىرى كۆپلىگەن قانۇنناملەرنى چىقارغان. چۈنكى تۈرك ـ مۇڭغۇل خانلىقلىرى دەۋرىدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا ئاسىيادا، ساسانىيلار دۆلىتى بىلەن ئىران ۋە ئوتتۇرا شەرقتە دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بار ئىدى. بۇ قانۇنلارنىڭ ئەڭ كۆپ تونۇلغىنى چىڭگىزخان قانۇنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈرك ـ مۇڭغۇل ئەنئەنىلىرى ۋە خانلىقلىرىنىڭ تەسىرى بار جايلاردىكىگە ئوخشاشلا قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئەنئەنىسىنىڭ بىر قىسىم ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوسمانلى دۆلىتى ئىگە بولغان ئانادولۇ ۋە رۇمەلى زېمىنلىرىدىمۇ ئوسمانلى پادىشاھلىرى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى كۈچكە ئىگە قىلغان ۋە كۆپلىگەن قانۇنلارنى چىقارغان. پادىشاھلارنىڭ باشقۇرۇش، ئەسكىري ۋە مالىيە مەسىلىلىرى بويىچە قانۇن چىقىرىش سالاھىيىتىنى دىنىي ئۆلىمالارمۇ ماقۇللىغان. پادىشاھلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان قانۇنلار ئوسمانلىرى مەنبەلىرىدە «ئۆرپى قانۇن» دەپ ئاتالغان. ئوسمانلى دۆلىتىدە ئىجرا قىلىش نۇقتىسىدىن ئۆرپى قانۇن شەرئىي قانۇننىڭ ئالدىدا تۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوسمانلى قانۇنىنىڭ، ئىسلام قانۇنى (شەرىئەت)، ئۆرپى قانۇن ۋە پەتھى قىلىنغان يېڭى جايلاردىكى ئىلگىرىكى قانۇن ۋە نىزامنامىلاردىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسلىق مەنبەسى بار.

بولۇپمۇ فاتىھ سۇلتان مەھمەت ئوسمانلى تارىخىدىكى تۇنجى مۇھىم قانۇننامىنى تۈزگەن. بۇ قانۇننامە بىلەن خەلقنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى سالاھىيىتى، تۆلەيدىغان باجلىرى، زېمىن ۋە دۆلەت تەشكىلاتى مەسىلىلىرىدە كەڭ دائىرىلىك ھۆكۈملەر ئىجرا قىلىنغان. فاتىھ بىلەن باشلانغان قانۇننامە چىقىرىش

ئەنئەنىسى ياۋۇز سۇلتان سەلىم دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقان ۋە قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدە تاكامۇللاشقان.

ھازىرقى كۈندە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا ھەيكەللىرى تىكلەنگەن دۇنيانىڭ ئەڭ مەشھۇر 21 قانۇن چىقارغۇچىسى ئارىسىدا سۇلتان سۇلايماننىڭمۇ ئورۇن ئېلىشى ۋە ئۇنىڭ قانۇنى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئۇنىڭ چىقارغان كۆپ ساندىكى قانۇنلىرىدۇر. تۇرسۇن بەگنىڭ 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يازغان ئەسىرىدە بايان قىلىشىچە، سۇلتان پۈتۈنلەي ئۆز سالاھىيىتىگە كۆرە قانۇن چىقىرالايدىكەن، تۈزۈم يولغا قويالايدىكەن. شەرىئەتتىن مۇستەقىل ھالدىكى «قانۇنى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قانۇن - بەلگىلىمىلەر دىنىي كۆرسەتمىلەرگە ئەمەس، ئەقلىي ئىجتىھادلارنى چىقىش قىلىدىغان بولۇپ، ئاساسلىقى خەلق ۋە ئىدارە قىلىش ساھەلىرىدە چىقىرىلغان ئىكەن.

..............................................................

باشقا ئوسمانلى سۇلتانلىرىنىڭ ۋە قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمدار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلامىي قانۇن بىلەن بىرگە، بۇنچىلىك كۆپ قانۇن چىقارغانلىقىغا ھەيران قالماسلىق كېرەك. چۈنكى ئوتتۇرا شەرقتە ھۆكۈمران دۆلەت پەلسەپىسىگە كۆرە، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئىجرا قىلىش ئىشلىرىنى يوللۇق قىلغان نەرسە ئادالەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوسمانلى سۇلتانلىرى ئادالەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن چىقارغان قانۇنلىرى قانچىلىك كۆپ بولسا، بۇ قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئەڭ باشتا مەھكىمىلەردە قانۇنلارنى ئىجرا قىلىدىغان قازىلارنى تەربىيەلەشكە پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇ مەقسەتتە قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدە فاتىھ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ئەڭ يۇقىرى تەلىم - تەربىيە ئورگىنى بولغان سەھنى سەمان  مەدرەسەلىرى بىلەن ئوخشاش سەۋىيەدە سۇلايمانىيە مەدرەسەلىرى ئىنشا قىلىنغان. بۇ مەدرەسەلەردە ئىسلامىي ئىلىملەر، قانۇن، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە تېببىي پەنلەر بويىچە تەلىم - تەربىيە ئالغان ئوقۇغۇچىلار كېيىنچە قازىلىق، مۆپتىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىپ، قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. خۇسۇسەن دۆلەت

چوڭ پورتلارنى ئاساسلىق باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ئىككى ئاساسلىق ئەمەلدار تەيىنلەيتتى. بۇلار ھەربىي سەپتىن كەلگەن، سۇلتاننىڭ ئىجرا قىلىش سالاھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «بەگ» لەر بىلەن سۇلتاننىڭ قانۇنى سالاھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قازىلاردىن ئىبارەت ئىدى. بەگ قازىنىڭ قارارىنى كۆرمەي تۇرۇپ ھېچقانداق كىشىنى جازالىيالمايتتى، قازىمۇ ھېچقانداق بىر قارارىنى ئۆزى بىۋاستە ئىجرا قىلالمايتتى. قازى قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشتا بەگدىن مۇستەقىل ئىدى. خەلقنىڭ ياكى قازىنىڭ بىۋاستە ھالدا سۇلتانغا ئىلتىماس سۇنۇش ۋە شىكايەت قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىستېمىنىڭ بىر ـ بىرىنى كۆزىتىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئادىل تۈزۈم ئورنىتىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن. يېزا دەرىجىسىگە يەتكەن ئولتۇراق رايونلىرىغا ئىستانبۇلدىن تەيىنلەنگەن قازىلار ئەۋەتىلەتتى ۋە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم قازىنىڭ مەرتىۋىسى ئۆستۈرۈلۈپ ئىستانبۇلغا چاقىرىلاتتى ۋە باشقا بىر جايغا قازى قىلىپ ئەۋەتىلەتتى. بۇ ئارقىلىق رايوندىكى كىشىلەرنىڭ قازىغا تەسىر كۆرسىتىپ ئادىل قارار چىقىرىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىناتتى.

قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدە 200 دىن ئارتۇق قانۇننامە چىقىرىلغان بولۇپ، بۇلارنى ئومۇمەن بەش كاتېگورىيەگە ئايرىش مۇمكىن. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى مۇئەييەن ئىدارە ئىشلىرىغا مەسئۇل قازىلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان پادىشاھنىڭ ھۆكۈملىرىدۇر. ئىككىنچى كاتېگورىدىكى قانۇننامىلەرنى «سانجاق قانۇننامە» لىرى تەشكىل قىلاتتى. بۇلار ئاباسىيلار تەۋەلىكى ۋە ئىراندا قۇرۇلغان ئىلخانلى دۆلىتىگىچە سوزۇلىدىغان قانۇنلاردىن ئىبارەت ئىدى. مەقسەت قورۇقچىلىق سىستېمىسى يولغا قويۇلغان ۋىلايەتلەردە خەلق بىلەن قورۇقچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش ئىدى. ئوسمانلى ئۆرپى قانۇنى ئىچىدە بۇ سانجاق قانۇننامىلىرى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئوسمانلى دۆلىتى زېمىنلىرىنىڭ چېگرىسىمۇ ئەڭ يىراق نۇقتىسىغا قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدە يېتىپ بارغانلىقى ئۈچۈن زامانىمىزغىچە

يېتىپ كەلگەن سانجاق (ۋىلايەت) قانۇنناملىرىنىڭ كۆپىنچىسى شۇ دەۋرگە ئائىتتۇر. بۇ سانجاق قانۇننامىلىرى ئارىسىدا ئانادولۇدىن ئەنقەرە، ئايدىن، بولۇ، ھامىدلى (بۇردۇر – ئىسپارتا)، بۇرسا، ئافيون قاراھىسار، كاستامونۇ، كوجائەلى، كۈتاھيا، مۇغلا، سۇلتانئۆنۇ (ئەسكىشەھىر)، دىياربافىر، ئەرزۇرۇم سانجاقلىرى، ئوتتۇرا شەرقتىن باغداد، ئەربىل، كەركۈك، مۇسۇل، ھەلەب، بەسرە سانجاقلىرى، بالقان رايونىدىن بۇدىن، موھاچ، سەمەندىرە، رۇمئەلى بىلەن ئەگە ئاراللىرى ۋە شىمالىي ئافرىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بەھرىسەفىد قانۇنناملىرىنى تىلغا ئېلىشىمىز مۇمكىن.

........................................................................

قانۇننامىلەرنىڭ ئۈچىنچى گۇرۇپپىسىنى مۇئەييەن كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى بىر جامائەت دەپ تەرىپلىنىدىغان قاتلام ئۈچۈن چىقىرىلغان قانۇنلار تەشكىل قىلاتتى. بۇلار ئادەتتە قوشۇمچە ئەسكىرى خىزمەتلەرنى ئىجرا قىلىدىغان ئەسكىرىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىدىغان ياكى پىيادە ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىدىغان يۆرۈك، تاتار ۋە ئەفلاك گۇرۇپپىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا كانچىلار، شالچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدىغانلارمۇ بۇ دائىرىگە كىرەتتى. خۇسۇسەن كان – مەدەن قانۇننامىسى ئوسمانلىدىن ئىلگىرى يەرلىك قانۇنلاردىن ئېلىنغانىدى. بۇ قانۇننامىلەر ئارقىلىق بۇ تۈردىكى كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرى ۋە دۆلەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى بەلگىلەنگەن.
قانۇننامىلەرنىڭ تۆتىنچى گۇرۇپپىسى دۆلەت تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىدار بەلگىلىمىلەردىن تەشكىل تاپاتتى. بۇ، كېڭەش ئۆتكۈزۈش بەلگىلىمىلىرى، دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ سۇلتان ئالدىدىكى ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتلىرى، ئۇنۋانلار، ئۆستۈرۈش، مائاش، دەم ئېلىشقا چىقىش دېگەندەك ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇنىڭدىن باشقا خەزىنە ئىشلىرى، تاموژنا، پۇل بېسىش ئورنى ۋە بىيوروكراتىك قائىدىلەر دۆلەت تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىدار قانۇننامىدە كۆرسىتىلەتتى. ئاخىرقى قانۇننامە تۈرىنى ئومۇمىي قانۇننامىلەر تەشكىل قىلاتتى. مەزمۇنى ئاساسەن ئىمپېراتورلۇقنىڭ بارلىق جايلىرىدا ئىجرا قىلىنىش ئۈچۈن تۈزۈپ

چىقىلغان جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە ھۆكۈمدارلار بىلەن خەلقنىڭ ھەق ـ ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى بەلگىلەيتتى.

قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدە ناھايىتى مۇھىم قانۇنشۇناسلار يېتىشىپ چىققانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «مەرۇزات» ناملىق ئەسەرنى يازغان ۋە پەتىۋالىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئەبۇسسۇئۇد ئەپەندىنى، تارىخچى ئىبنى كەمال، «سىياسەتنامە» ناملىق بىر پارچە قانۇن كىتابىنى يېزىپ چىققان دەدە جۆڭگى ئەپەندى ۋە «ئەسەفنامە» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان لۇتفى پاشانى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. بولۇپمۇ بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئوسمانلى قانۇنىغا قوشقان دۇنيا قاراشلىرى كىلاسسىك ئوسمانلى تۈزۈمىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە تەنزىمات دەۋرىگە قەدەر ئىجرا قىلىنىپ كەلگەن ئوسمانلى قانۇنلىرىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قانۇن ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى چىقارغان كۆپلىگەن قانۇنلىرىدىنمۇ بەكرەك ئىجرا قىلىشتىكى سەزگۈرلۈكتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. ئوسمانلىلار پۈتۈن ئىمپېراتورلۇقتا چىقىرىلغان قانۇنلارنىڭ ئەينى شەكىلدە ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئەدلىيە سىستېمىسىنى مەركەزكە مەركەزلەشتۈرگەنىدى ۋە بۇ ئورۇندا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خىزمەتچىلەرنى تەربىيلەشتە تەلىم ـ تەربىيە بىرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانىدى. قانۇنلىرىدا ھەر دائىم ئاجىزلار، يوقسۇللار ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنى كۈچلۈكتىن، بايدىن ۋە زالىمدىن قوغداشنى مەقسەت قىلاتتى ۋە بۇنى سەلتەنەتلىرىنىڭ ئاساسلىق نىشانى دەپ قارايتتى. ئادىل ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرىلەر بولسىمۇ، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ چىقارغان قانۇنلىرى ئارقىلىق بىر قانۇن دۆلىتى ئىكەنلىكى ۋە دۆلەتنى بۇ قانۇنلار دائىرىسىدە ئىدارە قىلغانلىقىمۇ كۆپلىگەن چەت ئەللىك تەتقىقاتچى تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنماقتا.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ يىگىرمە بىرىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ئەسەرلەر:

Ahmet Akgündüz, Osmanlı Kanunnameleri, İstanbul 1990-1996.

Halil İnalcı, Osmanlı İmparatorluğu Klasik Çağ (1300-1600), istanbul 2003.

Halil İnalcı, "Kanunname" TDVİA, cilt 24

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-22

## ئىككىنچى سەلىم ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىق مەزگىلى ھەققىدە مەلۇمات...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئىككىنچى سەلىم» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىككىنچى سەلىم»

قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ سەككىز ئوغلى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئۈچى شاھزادىلىكى مەزگىلىدە گۈلباھار سۇلتان دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ماھىدەۋران خاتوندىن بولغان مۇستاپا، مەھمۇد ۋە مۇراتتۇر. قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ باشقا بەش ئوغلى بولسا، پادىشاھلىقى مەزگىلىدە ھۈررەم سۇلتاندىن بولغان

مەھمەت، سەلىم، ئابدۇللاھ، بەيازىد ۋە جىھانگىردۇر. 1515- يىلى دۇنياغا كەلگەن مۇستاپانىڭ ئەڭ چوڭ ئوغۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن تەختكە ئولتۇرۇشى كۈتىلىۋاتاتتى. قانۇنى، ھەفسە سۇلتان، سەدرىئەزەم ئىبراھىم پاشا بىلەن بىرلىكتە ئەتراپتىكى ۋىلايەتلەردىكى ئەسكەرلەر ۋە يەنىچەرىلەرمۇ مەرت ۋە ياخشى تەلىم - تەربىيە كۆرگەن مۇستاپانىڭ قانۇندىن كېيىن تەختكە چىقىشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. لېكىن قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ ئۈستىدە كۈچلۈك دەرىجىدە تەسىر كۈچى بار بولغان ھۇررەم سۇلتان ۋە قانۇنىنىڭ ھۇررەمدىن بولغان قىزى مىرىماھ بىلەن ئۆيلەنگەن رۇستەم پاشا بولسا، مۇستاپانىڭ سۇلتان بولۇشىغا قارشى ئىدى ۋە ھۇررەمدىن بولغان بىر شاھزادىنى تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن كۈچ چىقارماقتا ئىدى. بۇ مەقسەتتە قانۇنىنىڭ ئانىسى ھەفسە سۇلتاننىڭ 1534- يىلى ۋاپات بولۇپ كېتىشى ۋە 1536- يىلى ھېچقانداق سەۋەب ئوتتۇرىغا قويۇلماستىنلا سەدرىئەزەم مۇستاپا پاشانىڭمۇ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كېيىن، ھۇررەم سارايدا قانۇنى سۇلتان سۇلايمانغا  گېپىنى ئۆتكۈزەلەيدىغان ئەڭ كۈچلۈك كىشىگە ئايلىنىدۇ.

قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولغان مەھمۇد توققۇز ۋە ئۈچىنچى ئوغلى مۇرات ئىككى ياش ۋاقتىدا 1521- يىلى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. 1541- يىلى مانىساغا ئەۋەتىلگەن مەھمەتنىڭ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىشىدىن كېيىن، قانۇنىنىڭ گۈلباھار سۇلتاندىن بولغان مۇستاپا بىلەن ھۇررەمدىن بولغان سەلىم، بەيازىد ۋە جىھانگىر ئىسىملىك ئوغۇللىرى ھاياتتا قالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن تەختكە ئولتۇرۇش ئېھتىمالى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مۇستاپانىڭ ھۇررەم سۇلتان بىلەن رۇستەم پاشانىڭ قۇرغان قىلتاقلىرى نەتىجىسىدە 1553- يىلى ئىران يۈرۈشى ئەسناسىدا ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كېيىن، كېسەللىكى يۈزىسىدىن ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلمىغان ۋە قانۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان جىھانگىرمۇ ئاكىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسىگە شاھىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئىران يۈرۈشى ئەسناسىدا ھەلەبتە ئۆلتۈرۈلىدۇ، نەتىجىدە تەختكە ئولتۇرۇشقا ھەقلىق كىشىلەردىن سەلىم بىلەن ئىنىسى بەيازىد قالىدۇ.

شاھزادە بەيازىد ئاتىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئاكىسى سەلىمگە قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ ۋە 1559 - يىلى كونيا ئۇرۇشىدا يېڭىلىدۇ.  ئىراندا سەفەۋىيلەرنىڭ ھېمايىسىگە كىرگەن بەيازىد ، ئوسمانلىلارنىڭ سەفەۋىيلەر بىلەن تىنچلىق ئورنىتىش ۋەدىسى ۋە بەرگەن يۇقىرى مىقداردىكى پۇلنىڭ بەدىلىگە 1562 - يىلى پەرزەنتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ قانۇنى سۇلتان سۇلايمانىنىڭ ھاياتتا قالغان بىردىن بىر ئوغلى بولغان سەلىم 1566 - يىلى سۇلتان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 30 - سېنتەبىردە  ئوسمانلى سۇلتانى سۈپىتىدە تەختكە ئولتۇرىدۇ ۋە ئىككىنچى سەلىم دېگەن نام بىلەن تونۇلىدۇ.

.........................................................................

ئىككىنچى سەلىم تارىخىي مەنبەلەردە ، سېرىق چىراي ، چېقىر كۆزلۈك ، ئوتتۇرا بوي بىر كىشى ئىدى دەپ تەرىپلەنگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ياشلىق مەزگىلىدە بىر مەزگىل شاراپ ئىچكەنلىكى ۋە ئوۋچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمۇ قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە شاھزادىلىكى مەزگىلىدە قېرىندىشى بەيازىد كونيا ۋە كۈتاھيادا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىللەردە ئەتراپىدا ئىلىم ۋە سەنئەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلغان بولسا ، سەلىمنىڭ مانىسادا شاراپ ئىچكەنلىكىدىن شىكايەت قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىنىڭمۇ تەقدىرنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئىككىنچى سەلىم تەختكە چىقار – چىقمايلا قانۇنىنىڭ 46 يىل داۋاملاشقان سەلتەنىتى بويىچە بېرىپ كەلگەن جۇلۇس ھەدىيەسىدىن مەھرۇم قالغان ئەسكەرلەرنىڭ يۇقىرى مىقداردا جۇلۇس ھەدىيەسى تەلەپ قىلىشىغا دۇچ كېلىدۇ. ئىسيان سەۋىيەسىگە بېرىپ قالغان بۇ ئىستەك ئالدىدا ئىككىنچى سەلىم ، سەدرىئەزەم سوكولۇ مەھمەت پاشانىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن دۆلەت خەزىنىسىنى تۈگىتىۋەتكۇدەك دەرىجىدىكى ھەدىيەلىرى بەدىلىگە سەلتەنىتىنى قوغداپ قالىدۇ.

ئىستانبۇلدا ئامانلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئىككىنچى سەلىم دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى سەلتەنەتنى بويىچە تولۇق شەكىلدە ئىشەنگەن سوكولۇ مەھمەت پاشاغا تاپشۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئاتىسى قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدىن قالغان ئىستانبۇل مۇپتىسى ۋە شەيخۇلئىسلام ئەبۇسسۇئۇد ۋە قانۇن تۈزگۈچى جالالزادە مۇستاپاغا ئوخشاش ئۆزى ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى داۋاملاشتۇرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئىككىنچى سەلىم قىزى ئىسمىخان سۇلتان بىلەن سوكولۇ مەھمەت پاشانى ئۆيلەندۈرۈپ كىيئوغلى قىلىۋالىدۇ ۋە دۆلەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى سوكولۇغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ساراي ئىچىدە هۇزۇر ـ هالاۋەت ئىچىدە ياشاش يولىنى تالىلىۋالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىككىنچى سەلىم دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەرنى ئاساسەن دېگۈدەك سوكولۇ مەھمەت پاشا ئىدارە قىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى سەلىم دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن تاشقى ۋەقەلەرنىڭ بىرىنچىسى قانۇنى دەۋرىدە باشلانغان ساكىز يۈرۈشىنىڭ غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى، يەنى پىيالە پاشانىڭ ئارالنى ئۇرۇشسىزلا پەتھى قىلىشى ۋە بۇ يەردىن قولغا چۈشۈرۈلگەن كۆپلىگەن غەنىمەتلەرنى جۇلۇس هەدىيەلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشىدۇر. سىرتتا يۈز بەرگەن يەنە بىر ئىش ياۋۇز سۇلتان سەلىم دەۋرىدە پەتھى قىلىنغان يەمەننىڭ ئۇ يەرلەرگە مۇداخىلە قىلغان پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ هۇجۇمى نەتىجىسىدە قولدىن چىقىپ كېتىشى ۋە ئۆزدەمىر ئوغلى ئوسمان پاشانىڭ قۇرۇقلۇق ئارقىلىق، سوۋەيش كاپىتانى قۇرتئوغلى خىزىر رەئىسنىڭ قىزىل دېڭىز ئارقىلىق هەرىكەتكە ئىشتىراك قىلىشى بىلەن يەمەننىڭ ئىككىنچى قېتىم پەتھى قىلىنىشى ۋە يەمەن بەگلەر بەگلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى بولىدۇ.

ئىككىنچى سەلىم دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن تاشقى ۋەقەلەرنىڭ بىرى، بىرى شىمالدا، يەنە بىرى جەنۇبتا بولۇپ جەمئىي ئىككى سۇ يولى قانىلى ئېچىش تەشەببۇسىدۇر. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى قورقۇنچ ئىۋان 1553- 1584 يىللىرى ئارىسىدا قارا دېڭىزدا ئوسمانلى زېمىنلىرىغا قاراپ كېڭەيگەن موسكوۋا خانلىقىنى

توختىتىش مەقسىتى بىلەن دون ۋە ۋولگا دەريالىرى بىر ـ بىرلىرىگە يېقىنلاشقان بىر يەردىن قانال ئېچىشقا ئورۇنۇشتىن ئىبارەت. بۇ قانال ئارقىلىق قارا دېڭىز بىلەن هازار دېڭىزىنى سۇ يولى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى پىلانلىنىدۇ. سوكۇلۇ مەهمەت پاشا 1569 ـ يىلى بىر قانال ئېچىش گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىكتە قوشۇننى ئاستراخان (ئەجدەرخان) غا يوللايدۇ. قىرىم خانى دەۋلەت گىراينىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا 6 دېڭىز ملى كېلىدىغان مۇساپىنىڭ ئۈچتىن بىرى كولىنىپ تۈگىتىلگەن بولسىمۇ، قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق بولۇشى ۋە باشقا بىر قاتار ئىمكانسىزلىقلار سەۋەبىدىن بۇ پىلان ئىشقا ئاشمايدۇ. يەنە بىر پىلان بولسا، پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ هىندى ئوكيان ۋە يەمەندىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىزىل دېڭىز بىلەن ئاق دېڭىزنى بىرلەشتۈرىدىغان سۈۋەيش قانىلى پىلانىدۇر. بۇ پىلانلارنىڭ هېچبىرى ئىشقا ئاشمايدۇ. لېكىن 1568 ـ يىلى هازىرقى هىندۇنېزىيە زېمىنلىرى ئىچىدىكى سۇماترا ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى مۇسۇلمان ئاچە سۇلتانلىقىغا ياردەم ئەۋەتىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ پورتۇگالىيەلىكلەرگە قارشى مۇستەقىللىقلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر جۇمە خۇتبىلىرى ئوسمانلى سۇلتانىنىڭ نامىغا ئاتاپ ئوقۇلىدۇ.

.........................................................................

ئەلۋەتتە ئىككىنچى سەلىم دەۋرىدىكى ئەڭ مۇهىم ۋەقە قىبرىس ئارىلىنىڭ پەتهى قىلىنىشىدۇر. 1571 ـ يىلى ئارال ۋەنەدىكلىكلەرنىڭ قولىدىن ئېلىنىپ پەتهى قىلىنىدۇ. كونيا، قارامان، نىگدە ۋە قەيسەرى بەگلىكلىرى تەۋەلىكىدىن تۈرك نوپۇسى قىبرىسقا كۆچۈرۈلۈپ يەرلەشتۈرۈلىدۇ. نۆۋەتتە ئارالدا ياشاۋاتقان تۈركلەر ئۆز دەۋرىدە يەرلەشتۈرۈلگەنلەر ۋە 18 ـ ئەسىرگىچە داۋام قىلغان نوپۇس يۆتكەش سىياستى ئارقىلىق سانى كۆپەيتىلگەنلەردۇر. ئىككىنچى سەلىم زامانىدا روياپقا چىققان يەنە بىر ۋەقە بولسا، 1534 ـ يىلى بارباروس خايرۇددىن پاشا تەرىپىدىن پەتهى قىلىنغان تونىسنىڭ ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، 1574 ـ يىلى دېڭىز ئارمىيە كاپىتانى قىلىچ ئەلى پاشا تەرىپىدىن قايتا پەتهى

قىلىنىشى بولدى. ئىككىنچى سەلىم دەۋرىنىڭ غەربنىڭ ئالدىدىكى مەغلۇبىيىتى بولسا، 1571 - يىلى ئىنەباھتىدا ئەھلى سەلىپلەرنىڭ دېڭىز يۇرۇشىگە قارشى ئىنەباھتى ئۇرۇشى يۈز بېرىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئوسمانلى دېڭىز ئارمىيەسى ئۇرۇش پاراخوتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدىن ئايرىلىپ قالسىمۇ، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى تولۇقلاپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى. لېكىن ئىنەباھتى ئۇرۇشى ئەسناسىدا 20 مىڭدەك تەجرىبىلىك دېڭىز ئارمىيەسى ئەسكىرىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشى ئوسمانلى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى.

ئىككىنچى سەلىم دەۋرى ئوسمانلى تارىخىدا ناھايىتى كۆپ يېڭىلىقلارغا سەھنە بولغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە سۇلتانلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلەرگە ئىشتىراك قىلىش ئەنئەنىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دۆلەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنىڭ سەدرىئەزەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشى، پەقەت چوڭ شاھزادىگىلا بەگلىك بېرىلىش ئارقىلىق ئوسمانلىنىڭ ۋارىسلىق ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە فرانسۇزلار بىلەن تۈزۈلگەن سودا كېلىشىملىرىنىڭ قەيدى ھايات شەرتى بىلەن ئەمەس، تۇنجى قېتىم دىنامىك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئىمزالىنىشى ۋە بۇلارنىڭ كېيىنچە تىز پۈككۈشلەرگە سەۋەب بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن زامانىمىزدا ئىككىنچى سەلىمنىڭ ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىشىغا سەۋەب بولغان ئىش بولسا، ئىككى سەنئەت ئابىدىسىنى دۇنيا سەنئەت تارىخىغا بېغىشلىغان بولۇشىدۇر. بۇلارنىڭ بىرى 6- ئەسىردە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى جۇستىنيانۇس دەۋرىدە ئىنشا قىلىنغان ئايا سوفيانىڭ تاملىرىنىڭ مىمار سىنان تەرىپىدىن كۈچلەندۈرۈلۈپ يوق بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنىڭ ئېلىنىشى، يەنە بىرى بولسا، 1574- يىلى ئەدىرنەدە ئۆز دەۋرىدىكى دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز بىناسى دەپ قوبۇل قىلىنغان ئاياسوفيادىن 8.75سم ئېگىز ۋە 4.50سم كەڭ بولغان سەلىمىيە جامەسىنىڭ مىمار سىنان تەرىپىدىن ئىنشا قىلىنىشىدۇر.

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-23

## ئۈچىنچى مۇرات ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئۈچىنچى مۇرات (1474-1595)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئۈچىنچى مۇرات (1474-1595)»

ئۈچىنچى مۇرات 1546-يىلى ئىككىنچى سەلىمنىڭ نۇربانۇ سۇلتاندىن بولغان ئوغلىدۇر. سانجاقتا يېتىشكەن ئەڭ ئاخىرقى شاھزادە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوسمانلى تارىخىدىكى ئورنىنى ئالدى. ئۇ ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن چېغىدا مانىساغا سانجاق بېگى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. 1574-يىلى ئاتىسى ئىككىنچى سەلىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى يوللىغان سەدرىئەزەم سوكۇللۇ مەھمەت پاشانىڭ قوللىشى ئارقىسىدا مانىسادىن كېلىپ، 1574-يىلى 22-دېكابىردا تەختكە ئولتۇرىدۇ. ئەمەلىي ئەھۋالدىن بىخەۋەر كىچىك ياشلاردىكى باشقا بەش شاھزادە قەتلى قىلىنىدۇ. سوكۇللۇ مەھمەت پاشا ئەينى ۋاقىتتا ئۈچىنچى مۇراتنىڭ قىز بىر تۇغقىنى بولغان ئىسمىخان سۇلتان بىلەن ئۆيلەنگەن بولغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھنىڭ كىيئوغلى ھېسابلىناتتى.

ئۈچىنچى مۇرات مانىسادىكى شاھزادىلىكى مەزگىلىدە دۆلەت ئىشلىرىدا تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، تەختكە ئولتۇرغاندا سەنئەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىغا كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىدۇ. مۇرادى تەخەللۇسى ئاستىدا ئەرەبچە، پارىسچە ۋە تۈركچە شېئىرلارنى يازىدۇ. ناھايىتى كۆپ ھۆسنخەت يازىدۇ،

ئىستانبۇلنىڭ سىرتىغا پەقەتلا چىقمايدۇ، سەلتەنىتىنى باشتىن ئاخىر سارايدا ئۆتكۈزىدۇ. دۆلەت ئىشلىرىنى ئاساسەن دېگۈدەك سوكۇللۇ مەھمەت پاشاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۈچىنچى مۇراتنىڭ دۆلەت ھاياتىدا ياراتقان بۇ نوپۇز بوشلۇقى ھەمشىرىسى ئىسمىخان سۇلتان، ئانىسى نۇربانۇ سۇلتان ۋە ئانىسى سەفىييە سۇلتان تەرىپىدىن تولدۇرۇلىدۇ. ئۈچىنچى مۇرات دەۋرىدە سارايدا ئاياللارنىڭ نوپۇزى ئالاھىدە كۈچىيىدۇ. ئانىسى نۇربانۇ سۇلتان بىلەن ئايالى سەفىييە سۇلتان ئارىسىدىكى چۈشىنىشمەسلىكلەر كېلىن ـ قېيىنئانا مۇناسىۋىتى دائىرىسىدىن ھالقىپ، دۆلەت ئىشلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. سوكۇللۇ مەھمەت پاشانىڭ ياراشتۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىمۇ بۇ رىقابەتنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ ۋە دۆلەت ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ.

قانۇنى سۇلتان سۇلايمان، ئىككىنچى سەلىم ۋە ئاخىرىدا ئۈچىنچى مۇرات بولۇپ ئۈچ ئوسمانلى سۇلتانىغا خىزمەت قىلغان سوكۇللۇ مەھمەت پاشانىڭ 1579 ـ يىلى بىر سۇيىقەست نەتىجىسىدە ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كېيىن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ يۈكسىلىش دەۋرى ئاخىرلاشقان بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە ئوسمانلى دۆلىتى تارىخىدا ئىز قالدۇرغان ئىش مەركەزچىلىك سىياسىتىدىن يىراقلاشقان سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بولىدۇ.

.........................................................................

ئۈچىنچى مۇرات زامانىدا ئىران بىلەن ئۇزۇنغىچە سوزۇلغان ئۇرۇشلار يۈز بېرىدۇ. لالا مۇستاپا پاشا قوماندانلىقى ئاستىدىكى ئوسمانلى قوشۇنى 1578 ـ يىلى چىلدىر كۆلى ئەتراپىدا ئىران قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى گىرۇزىيەنىڭ پەتھى قىلىنىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلايدۇ. ئىراننىڭ كاۋكاز رايونىغا كېڭىيىش سىياسىتىگە قارشى ئوسمانلىلار ئىراننىڭ شىمالدىكى قوشنىسى بولغان ئۆزبېكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ. 1579 ـ يىلى سوكۇللۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن قوللىغۇچىسىز قالغان

لالا مۇستاپا پاشا بۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئىران تەرەپتە كۆرىنەرلىك بىرەر غەلىبە قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ. لېكىن ئۇزۇن داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇش، ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ خامچوتلىرىنى تۈگەپ كېتىش نۇقتىسىغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. پۇلنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ۋە ئانادولۇدا «جەلالى» دەپ ئاتىلىدىغان قاراقچىلىق ھەرىكەتلىرى كۆپىيىپ قالىدۇ. نىھايەت 1590 - يىلى 21 - مارتتا ئىمزالانغان ئىستانبۇل شەرتنامىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئوسمانلى - ئىران ئۇرۇشى ئاخىرلىشىدۇ ۋە يەنە شەرتنامىنىڭ روھىغا ئاساسەن تەبرىز، ئەزەربەيجاننىڭ بىر قىسمى، قاراباغ، گەنجە، قارس، تىفلىسقا ئوخشاش شەھەرلەر ئوسمانلىلارنىڭ قولىدا قالىدۇ. ئوسمانلىلارنىڭ ئىرانلىقلارغا قارشى مۇجادىلىسى ئەسناسىدا شىمالدا رۇسلار سۈرئەت بىلەن زورىيىشقا باشلايدۇ، قىرىم ۋە كاۋكاز رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. 1588 - يىلى قىرىم ھۆكۈمدارى گىراي خاننىڭ موسكۋا يۈرۈشى ئەسناسىدا ئۆلۈپ كېتىشى نەتىجىسىدە بۇ رايوندىكى رۇس نۇپۇسى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ.

ئۈچىنچى مۇرات دەۋرىدە ئوسمانلىلارنىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئەنگلىيە بىلەن باشلانغان سودا مۇناسىۋەتلىرى دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ. ئوسمانلى پورتلىرىدا سودا قىلىش ئىمتىيازى ۋەنەدىك ۋە فرانسىيەگە بېرىلگەن بولسا، 1579 - يىلى ئۈچ نەپەر ئەنگلىيە سودىگىرىگە ئوسمانلى زېمىن تەۋەلىكىدە سودا قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. مەلىكە بىرىنچى ئېلىزابىت سۇلتان ئۈچىنچى مۇراتقا يازغان مەكتۇبىدا، تۈرك سودىگەرلەرمۇ ئەنگلىيەدە سودا قىلسا بولىدىغانلىقنى تەكىتلىگەندىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ ئىنگلىز سودىگىرىنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىدە سودا قىلىش ئىمتىيازىنىڭ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. 1580 - يىلى ئىستانبۇلغا كەلگەن ۋىللىئام ھاربورن، سۇلتاندىن ئىنگلىز سودىگەرلىرىنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىدە سودا ئەركىن قىلىشنى قوبۇل قىلىدىغان ئەھدىنامىنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئىنگلىزلار 1592 - يىلى «لېۋانت كامپانى» ناملىق بىر شىركەت قۇرۇپ، شەرقى ئاق دېڭىزدا ئوسمانلى دۆلىتى بىلەن قىلىدىغان سودىنى بۇ شىركەت ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ئۈچىنچى مۇرات دەۋرىدە ئوسمانلىلارنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئافرىقا بىلەن مۇناسىۋەتلىرىدە كۆچىيىش كۆرۈلدۇ. 1574 - يىلدىن كېيىن ماراكەشتىكى قەبىلىلەر ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ ئەمەس ئوسمانلىلارنىڭ ھىمايىسىنى قوبۇل قىلدۇ. بۇنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان پاپالىق، فىرانسىيە، ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىتتىپاقداش قوشۇن ماراكەشكە ھۇجۇم قىلدۇ. لېكىن 1578 - يىلى ئوسمانلى قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئابدۇلمەلىك قوماندانلىقى ئاستىدىكى ماراكەشلىكلەر پورتۇگالىيە پادىشاھى دون سېباستىئان قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى ۋادى ئەسسەبەلدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ، سېباستىئان بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلدۇ. ماراكەشلىكلەر ئىستانبۇلغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوسمانلى دۆلىتىگە بويسۇنغانلىقلىرىنى بىلدۈردۇ. ئافرىقىدىكى يەنە بىر يېڭىلىق، ئوتتۇرا ئافرىقىدا بىرۇنېي مۇسۇلمان سۇلتانلىقىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن، ئوسمانلىلارنىڭ بۇ يەر بىلەن ترابلۇسغەرب ئۆلكىسىگە قاراشلىق بولغان فىزان ۋىلايىتى يولى ئارقىلىق سودا - تىجارەت قىلىشقا باشلىشى ۋە بىرۇنېي سۇلتانلىقىغا ئەسكىرىي تەلىم - تەربىيە ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەم سۇنۇشى بولىدۇ.

..........................................................................

سۇلتان ئۈچىنچى مۇرات دەۋرىدە، 1588 - يىلى دۇنيا بىناكارلىق تارىخىنىڭ ئەڭ چوڭ مىمارلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان مىمار سىنان ئالەمدىن ئۆتىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردە، 84 - جامە، 52 مەسچىت، 57 مەدرەسە، يەتتە مەكتەپ، 22 قەبرە، 17 ئىمارەت، ئۈچ دارۇششىفا، سەككىز كۆۋرۈك، 20 كارۋانسارايى، 35 سارايى، ئالتە ئامبار، 48 ھاممام ۋە بىر قاتار تىلغا ئېلىنغان - ئېلىنمىغان بولۇپ 350 دىن ئارتۇق قۇرۇلۇشنىڭ ئىنشا قىلىنغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.

سۇلتان ئۈچىنچى مۇرات دەۋرىدە، كۇلتۇر ساھەسىدە يېتىشكەن ئەڭ مۇھىم كىشىلەرنىڭ بىرى فەرىدۇن ئەھمەت بەگ بولۇپ، ئۇ «سۇلتانلارنىڭ يازمىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمان

بەگدىن ئۈچىنچى مۇراتقىچە بولغان سۇلتانلارغا ئائىت مەكتۇبلارنىڭ بىرەر نۇسخىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئەسەر ئوسمانلى تارىخچىلىرى ئەڭ كۆپ پايدىلانغان ئەسەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ.

سۇلتان ئۈچىنچى مۇراتنىڭ ئوغلى مەھمەت ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن سۈننەت تويى، ئوسمانلى سارىيىنىڭ ھەشەمەت ۋە ئىسراپخورلۇقتا قايسى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش نۇقتىسىدىن تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالىدۇ. 1582- يىلى 29- مايدىن 24- ئىيۇلغىچە داۋاملاشقان 57 كۈنلۈك تويدا خەلققە يېمەك ـ ئىچمەك تارقىتىلىدۇ، ئوخشاش بولمىغان جايلاردىن كەلگەن سەنئەتكارلار ھۆنەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ، يەرلىك ۋە چەت ئەللىك مېھمانلار ناھايىتى قىممەتلىك ھەدىيەلەرنى تەقدىم قىلىشىدۇ. «سۇرنامە» دېيىلىدىغان تويلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ ھەشەمەتلىكى ئۈچىنچى مۇراتنىڭ ئوغلى مەھمەتنىڭ سۈننەت تويى ئۈچۈن قىلىنغان تەييارلىقلاردۇر. لېكىن بۇ سۈننەت تويى ئەسناسىدا كۆرسىتىلگەن ھۆنەرۋەنلەرنىڭ يەنىچەرى قانۇنىغا زىت ھالدا، ئەسكەر بولۇشنى خالايدىغانلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە بۇنىڭ ئۈچىنچى مۇرات تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى بىر قىسىم ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى، ئۈچىنچى مۇراتنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى بىلەن ئۆزىنى قانۇندىن يۇقىرى ئورۇندا قويۇشى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ئىشلىرىدا قانۇنلارنىڭ ئەمەس، خالىغانچە سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش ئەھۋاللىرى كۆپىيىپ قالىدۇ. يەنە بىر سەلبىي نەتىجىسى بولسا، ئوسمانلى ئەسكىرىي كۈچى ئىچىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان يەنىچەرىلەر ئارىسىغا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر شەكىلدە كۆپ ساندا ئەسكەر ئېلىنىشى بولىدۇ. بۇ خىل سىياسەتلەرنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى بىلەن ئەسلىدىكى ئىشى ئەسكەرلىك بولمىسىمۇ يەنىچەرى كىيىملىرىنى كىيگەنلەرنىڭ ساندا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئېشىش كۆرۈلىدۇ. نەتىجىدە ئەسكەركە مائاش بېرىشتە ئېغىر قىيىنچىلىقلار تۇغۇلىدۇ. خەزىنە قۇرۇقدىلىش بىلەن بىرگە، ھاكىمىيەت سىپىدىكى بوشلۇقمۇ سۈرئەت بىلەن كېڭىيىدۇ ۋە ئوسمانلى دۆلىتى يۈكسەك نۇقتىدىن چېكىنىشكە يۈزلىنىدۇ.

سۇلتان ئۈچىنچى مۇرات 1595 - يىلى يانۋار ئېيىدا 49 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى ۋە ئاياسوفيا جامەسىنىڭ ھويلىسىدىكى قەبرىگە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ شاھزادىلىكى زامانىدا مانىسادا ئىنشا قىلدۇرۇلغان مۇرادىيە كۈللىيەسى ھازىرقى كۈندىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

Mücteba İlgürcl, "Zirveden Dönüş: II. Selimden III. Mehmed'e" Türkler, c. 9, An?
kara

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-24

ئۈچىنچى مەھمەت ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئۈچىنچى مەھمەت (1595-1603)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئۈچىنچى مەھمەت (1595-1603)»

ئۈچىنچى مەھمەت، ئاتىسى ئۈچىنچى مۇراتنىڭ مانىسادا سانجاق (ۋىلايەت) بېگى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، يەنى 1566 - يىلى 26 - مايدا دۇنيا كېلىدۇ. ئانىسى ھازىرقى ئالبانىيە تەۋەلىكىدىكى دۇكاكىن ۋىلايىتىنىڭ رەزى يېزىسىدىن سەفىييە سۇلتاندۇر. ئاتىسى ئۈچىنچى مۇرات 1574 - يىلى

سۇلتان بولغاندىن كېيىن، ئۇمۇ 1575 - يىلى ئىستانبۇلغا كېلىدۇ. ئۈچىنچى مەھمەت توققۇز يېشىدىن ئون يەتتە يېشىغىچە ئىستانبۇلدا تۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە مانىسادا باشلىغان ئوقۇشىنى ئىستانبۇلدا داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاتىسى بىلەن تەخت تالىشىش كۈرىشىگە كېرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سارايدا سياسىي كۈچ مەركىزىدە بولۇش ئېھتىمالى بولغان كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورناتماسلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. 1582 - يىلى ئىستانبۇلدا، يەنى ئۇ 16 ياشقا كىرگەن چېغىدا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوسمانلى تارىخي مەنبەلىرىدىن ئورۇن ئالغان ئەڭ ھەشەمەتلىك سۈننەت تويى ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، توي ئىككى ئايغا يېقىن داۋاملىشىدۇ.

ئۈچىنچى مەھمەت 17 ياشقا كىرگەندە، شاھزادە بولۇشتىن چىقىپ ۋىلايەت سانجاقىغا ئايلانغان سارۇخان سانجاقىنىڭ مەركىزى مانىساغا ئەۋەتىلىدۇ. ئوسمانلى تەخت ۋارىسى ئەنئەنىسگە كىرگۈزۈلگەن ئۆزگەرتىشلەر بىلەن ئەڭ چوڭ ئوغۇل بولغان ئۈچىنچى مەھمەت ئالدىن تەخت ۋارىسى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ئىستانبۇلدىن مانىساغا بارغان ئۈچىنچى مەھمەت ئۇ يەردە ئون ئىككى يىل ھۆكۈمدار بولىدۇ.

1595 - يىلى 16 - يانۋاردا ئاتىسى ئۈچىنچى مۇراتنىڭ تويۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىشىدىن كېيىن، مەۋسۇمنىڭ قىش بولۇشىغا قارىماي، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن مۇدانيا، ئۇ يەردىن ھەربىي كېمە بىلەن ئىستانبۇلغا كېلىدۇ ۋە دەرھال جۇلۇس (يېڭى سۇلتان تەختكە ئولتۇرغاندا ئەسكەرلەر ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە تارقىتىلىدىغان پۇل) ۋە بەيئەت (دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ يېڭى سۇلتانغا بويسۇنىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىغا دائىر قەسەم) مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇ ئىستانبۇلغا كەلگەنگە قەدەر مەخپىي تۇتۇلغان ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئەينى كۈنى جۈمە نامىزىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خۇتبە ئۈچىنچى مەھمەتنىڭ نامىغا ئوقۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچىنچى مەھمەت ئوسمانلى تارىخىدا تەختكە ئولتۇرغان ئون تۆتىنچى سۇلتان بولىدۇ.

........................................................................

ئۈچىنچى مەھمەت تەختكە ئولتۇرغاندا، ئوسمانلىلار غەرب ئالدىنقى سېپىدە ئاۋستىرىيەدە ھاكىمىيەتنى قوللىرىدا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ھابسبۇرگلارغا قارشى ھازىرقى رىم ۋە ۋېنگرىيە زېمىنلىرىدا ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. ئوسمانلى قوشۇنى ئۇق ـ دورا ۋە مىلتىق جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى مەغلۇب قىلالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قانچە قېتىم ھوقۇق بېرىلگەن كوجا سىنان پاشا بىلەن فەرھات پاشا ئوتتۇرىسىدىكى خۇسۇمەتمۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. 1595 - يىلى كوجا سىنان پاشا قوماندانلىقىدىكى ئوسمانلى قوشۇنىنىڭ يەركۆيىدىن رۇسچۇكقا قاراپ يۈرۈش قىلىش سەپىرى ئەسناسىدا تۇنادا ئاۋستىرىيەلىكلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئەفلاك ۋويۋودا (باشلىقى) سى مىلىئال تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنىشى، ھۇجۇمچى كۈچلەرنىڭ يوقۇتىلىشى ئوسمانلى چېرىقىنىڭ ئۈچىشىگىمۇ سەۋەپ بولىدۇ. كەيپىياتى ناچارلىشىپ كەتكەن قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى قانۇنى دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا سۇلتانىنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئانىسى ئۈچىنچى مۇراتنىڭ ئۇستازى بولغانلىقى ئۈچۈن «خوجا» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان سائادەتتىن ئەپەندىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن، ئۈچىنچى مەھمەت قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، يۈرۈشكە ئاتلىنىشنى قوبۇل قىلىدۇ.

يۈرۈشكە ئاتلىنىش تەييارلىقلىرى ئەسناسىدا سىنان پاشانىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن كېيىن، ئۈچىنچى مەھمەتنىڭ ئۈستىدە كۈچلۈك تەسىر كۈچى بار بولغان ئانىسى سەفىيیە سۇلتانىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، دامات ئىبراھىم پاشانى ۋەزىرىئەزەملىك مەنسىپىگە تەيىنلەيدۇ. ئۈچىنچى مەھمەت 1596 - يىلى 20 - ئىيۇن كۈنى قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ھالدا ئىستانبۇلدىن ئايرىلىدۇ. ئەدىرنە، فىلىبە، سوفىيا ۋە نىش يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلىگەن قوشۇن، ئاۋستىرىيەنىڭ ۋېنگرىيە زېمىنلىرىدىكى مۇھىم قەلئەلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەگرى قەلئەسىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، 1596 - يىلى 12 - ئۆكتەبىردە 19 كۈنلۈك مۇھاسىرىدىن كېيىن ئەگرى قەلئەسى قولغا كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ قەلئەنىڭ قولغا كىرگۈزۈلۈشى

ئۈچىنچى مەھمەتكە «ئەگرى فاتىھى» ئۇنۋانىنى بېغىشلايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ. لېكىن، قەلئەنىڭ ئېلىنىشىدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي خاچوۋا (مېزۆكېرېزتېس) غا كەلگەن ئاۋسترىيە ئىمپېراتورلۇق قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىش قارار قىلىنىدۇ. ئاۋسترىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئارشىدۇك ماكسىملىيەن ئىدى. ئۇ، يۇقىرى توپچى قىسىملىرىغا ئىگە بولغان ۋە ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ئوسمانلى قىسىملىرى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 1596 - يىلى 26 - ئۆكتەبىردە ئاۋسترىيە قوشۇنىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. كۆرىنەرلىك دەرىجىدە قورال، ئوق ـ دورا قولغا چۈشۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، گېرمان، ئىسپان، پاپالىق، فلورېنسا، ۋېنگر، چېخ ۋە لەھ ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئاۋسترىيە ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قوشۇنىنىڭ تەرتىپى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، خاچوۋا ئۇرۇشى ئوسمانلى تارىخىنىڭ زەپەر بىلەن نەتىجىلەنگەن ئەڭ ئاخىرقى چوڭ ئۇرۇشى بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سۇلتانىنىڭ بالدۇرراق ئىستانبۇلغا قايتىشنى تەلەپ قىلىشى بىلەن، كۈتۈلگەن نەتىجە قولغا كەلمەيدۇ ۋە ئاۋسترىيەلىكلەر ئوسمانلى قوشۇنىنىڭ چېكىنىشىدىن كېيىن، قايتىدىن سەرھات قەلئەلىرىنى قولغا كىرگۈزۈشكە باشلايدۇ. 1593 - يىلى باشلىنىپ 1606 - يىلىغىچە داۋاملاشقان ۋە تارىخي مەنبەلەردە «ئون بەش يىل ئۇرۇشى» ياكى «ئۇزۇن ئۇرۇش» دېگەن نام بىلەن ئورۇن ئالغان ئوسمانلى ـ ئاۋسترىيە مۇجادىلىسى خاچوۋا ئۇرۇشىدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ. بۇ ئۇرۇشلار ئەسناسىدا، 1595 - يىلى 2 - سېنتەبىردە ئەستەرگون قەلئەسى قولدىن كېتىدۇ، 1601 - يىلى كانىجە قەلئەسى قولغا كىرگۈزۈلىدۇ. خۇسرەۋ كانىجە قەلئەسىنىڭ قوماندانى تېرىياكى ھاسان پاشانىڭ ئاۋسترىيە قوماندانى فېرناندقا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشى ئۇنتۇلماس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگىدۇر. ھەر ئىككى قەلئەدە مەيدانغا كەلگەن ئىشلار كېيىنچە تۈرك ئەدەبىياتى ۋە مىللىي مارشىنىڭ تېمىسىغا ئايلىنىدۇ.

..........................................................................

ئۈچىنچى مەھمەت دەۋرىدە ئوسمانلى دۆلىتى بىر تەرەپتە غەربىي ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورلۇقى بىلەن ئىزچىل هالدا ئۇرۇش قىلىشنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتە، 16- ئەسىرنىڭ بېشىدا بوزوكلۇ شەيخ جەلالنىڭ ئانادولۇدا كۆتۈرگەن ئىسيانىنى باستۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بولۇپمۇ 1595- يىلىدىكى خاچوۋا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان يوقلىمىغا قاتناشمىغان ئەسكەرلەرنىڭ ئۇنۋانلىرىنىڭ بىكار قىلىنىشى ۋە ئۆلارنىڭ ئانادولۇدىكى جەلالىلەر (ئىسيان كۆتۈرگۈچىلەر) گە قوشۇلۇپ كېتىشى ئىسيانىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇشلار ۋە بولۇپمۇ ئۈچىنچى مۇرات دەۋرىدە سارايدىكى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ئىسراپچىلىقلار ئىقتىسادنىڭ قۇرۇلمىسىنى بۇزۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككىنچى سەلىم دەۋرىدىن بويان ئوسمانلى دۆلىتىدە پۇل پاخاللىقى كىرىزىسى بار ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، خەلق بارلىق نەرسىلىرىنى تاشلاپ، ئىسيانچىلارنىڭ يېنىغا كېتىدۇ ۋە ئاسىيلىق قىلىشقا باشلايدۇ. بۇلار «زېمىننى تاشلاپ كەتكەنلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوسمانلى ئىقتىسادىنىڭ نېگىزىنى تەشكىل قىلىدىغان تېرىقچىلىق ئىشلىرى پالەچ هالغا چۈشۈپ قېلىش بىلەن بىرگە، ئامانلىقنى ساقلاشمۇ قىيىن هالغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىدىن بىرى بولغان قورۇقچىلىق سىستېمىسى يىمىرىلىشكە باشلايدۇ. ئانادولۇدىكى بۇ خىل قالايمىقانچىلىقلاردىن پايدىلانغان ئىرانلىقلار 1603- يىلى تەبرىزنى قولغا كىرگۈزۈۋالىدۇ.

ئۈچىنچى مەھمەت دەۋرىدە مەدەنىيەت ساھەسىدە بولسا، 1598- يىلى شەيخۇل ئىسلاملىق مەنسىپىگە تەيىنلەنگەن خوجا سائادەتتىن ئەپەندىنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى (1299- يىلى) دىن باشلاپ ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ (1520- يىلى) ۋاپاتىغا قەدەر ئۆتكەن جەريان ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان تاجۇتتەۋارىخ (تارىخلارنىڭ تاجى) ناملىق ئەسىرى يېزىلىدۇ. تەختكە ئولتۇرغىنىدا 19 شاھزادىنىڭ ۋە 1603- يىلى چوڭ ئوغلى مەھمۇتنىڭ تەخت ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلۈشى ئۈچىنچى مەھمەتنىڭ خاراكتېرىدە چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرىدۇ ۋە ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلار يۈز بەرگەندە سوغۇققانلىقنى ساقلاپ قالالمايدىغان

بىر خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا ئانىسى سەفىييە سۇلتاننىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان ۋە «ئادلى» تەخەللۇسى ئاستىدا شېئىرلارنى يازغان ئۈچىنچى مەھمەت، 1603 - يىلى ئىستانبۇلدا تارقالغان بىر قېتىملىق ۋابا كېسىلى ئەسناسىدا 38 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

Feridun Emecen, « Haçova Meydan Savaşı » TDVİA

Feridun Emecen, « Mehmet III» 1DVİA

Mücteba İlgürel, "Zirveden Dönüş: II. Selimden III. Mehmed'e" Türkler, c. 9, An?kara 2002.

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى- 25

بىرىنچى ئەھمەد ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «بىرىنچى ئەھمەد (1603-1617)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«بىرىنچى ئەھمەد (1603-1617)»

ئۈچىنچى مەھمەتنىڭ سارۇخان ۋالىيلىقى ئەسناسىدا، يەنى 1590- يىلى مانسادا دۇنياغا كەلگەن بىرىنچى ئەھمەد، سانجاقتا چىقماستىنلا سۇلتان بولغان تۇنجى ئوسمانلى پادىشاھدۇر. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئوسمانلى تەختىگە ئولتۇرۇش ئۇسۇلىدا يېڭى بىر سىياسەت يولغا قويۇلىدۇ. بۇ سىياسەت نەتىجىسىدە ئاتىسى ئۈچىنچى مەھمەتنىڭ بىر تۇغقانلىرىنى تەخت ئۈچۈن ئۆلتۈرگۈزۈشى پەيدا قىلغان چوڭقۇر ھەسرەتنىڭ تەسىرى بار ئىدى. بىرىنچى ئەھمەد، 1603- يىلى ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن 14 يېشىدا تەختكە ئولتۇرغان چاغدا، ئىلگىرىكى سۇلتانلارنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش بىر تۇغقانلىرىنى ئۆلتۈرگۈزىۋەتمەي، سارايىنىڭ ‹قەپەس› دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس جايىدا نەزەربەنت قىلىش يولىنى تاللايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە تەختكە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ‹ئەكبەرىييەت› ۋە ‹ئەرشەدىييەت›يەنى خانىدانلىقنىڭ ئەڭ چوڭ كىشىسىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ئۇسۇلى قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن كېيىنكى ئوسمانلى سۇلتانلىرى بىرىنچى ئەھمەدنىڭ قېرىندىشى بىرىنچى مۇستاپادىن باشقا ئانادولۇدىكى ئاماسيا، مانىساغا ئوخشاش سانجاق مەركەزلىرىدە ئەمەس، ئىستانبۇلدا تۇغۇلغان بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

بىرىنچى ئەھمەد تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدا ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن بولۇشىغا قارىماي، قەتئىي ئىرادە بىلەن سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، باشلىنىشى قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدىن باشلانغان سارايدىكى ئاياللارنىڭ تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. بۇ مەقسەتتە ئۈچىنچى مۇرات بىلەن ئۈچىنچى مەھمەت مەزگىللىرىدە دۆلەت ئىشلىرىدا پائال رول ئويناپ كەلگەن ئانا تەرەپ مومىسى سەفىييە سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى كونا سارايغا ئەۋەتىۋېتىدۇ. ئارقىدىن ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندا ھەل بولماي قالغان ئاۋستىرىيە، ئىران ۋە جەلالى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيدۇ. بۇ

مەقسەتتە ۋېنگرىيەگە قارشى يۈرۈشكە ئاتلانغان لالا مەھمەت پاشا، ئوسمانلىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغان ئەردەل بېگى ئەتئېننى بوچكاينىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 1605 - يىلى ئەستەرگون قەلئەسىنى ئالدۇ. بوچكايمۇ ئوسمانلى ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇيۋارنى، تېرياكى ھەسەن پاشامۇ ۋېزپرېم ۋە پولاتانى پەتھى قىلدۇ. لېكىن ئانادولۇدا شىددەتتى بارغان كۆچىيىپ كەتكەن ئىسيانلارنى باستۇرماقچى بولغان ئوسمانلى دۆلىتى ئاۋستىرىيە بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشنى تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ. بۇ مەقسەتتە قودۇقچى مۇرات پاشا بۇدىن (بۇداپېشت) غا ئەۋەتىلدۇ. بۇدىن بەگلەر بېگى قازىزادە ئەلى پاشا قوماندانلىقىدىكى بىر ئوسمانلى ھەيئىتى ئاۋستىرىيەلىكلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالايدۇ. ئاۋستىرىيە ھەيئىتىنىڭ بېشىدا بولسا، بارون دي موللارد ۋە كومتې ئالتان بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، 1606 - يىلى ئىككى دۆلەت ئارىسىدا زىتۋاتوروك كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ. كېلىشىمنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاۋستىرىيەنىڭ قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدىن باشلاپ بېرىپ كەلگەن يىللىق 30 مىڭ زىققا ئالتۇن تۆلىمى بىكار قىلىنىدۇ. ئوسمانلى سۇلتانى بىلەن ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى ئوخشاش ئورۇندا ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنى روما سەزارى دەپ ئاتاش ماقۇللىنىدۇ.

..................................................................

كېيىنكى مەزگىللەردە تارىخچىلار، زىتۋاتوروك كېلىشىمگە ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى دەلىللەنگەن بىر كېلىشىم ئىدى دەپ باھا بېرىدۇ. بۇ كېلىشىم بىلەن ئوسمانلىلارنىڭ ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۈستىدىكى ئۈستۈنلۈكى ئاخىرلىشىدۇ. ئوسمانلىلارنى بۇ كېلىشىمنى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئانادولۇدىكى جەلالى ئىسيانىنىڭ ناھايىتى خەۋپلىك باسقۇچلارغا يەتكەنلىكى ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، بىرىنچى ئەھمەد دەۋرىدە زىتۋاتوروك كېلىشىمى 1608، 1615 ۋە 1616 - يىللىرى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈلۈپ يېڭىلىنىدۇ.

ئوسمانلىلار كۈنتەرتىپىگە ئالغان جەلالى ئىسيانىنى باستۇرۇش سالاھىيتى قودۇقچى مۇرات پاشاغا بېرىلىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئاۋستىرىيە ۋە ئىران بىلەن ئۇزۇن ۋاقىتتىن بويان ئۇرۇش ھالىتىدە بولۇشى ئانادولۇدا خەلقتىن ئارتۇق باج ئېلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ، بۇ ئەھۋالمۇ خەلقنىڭ دۆلەتتىن نارازى بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇزۇن داۋاملاشقان ئۇرۇشلاردا قورۇقچىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ياكى ئۇزۇن داۋاملاشقان يۈرۈشلەر تۈپەيلى مەھسۇلات ئېلىش پەيتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشلىرى ۋەياكى ئەسكەربي يۈرۈشلەردە قاچقۇنغا ئايلىنىپ قېلىشى قورۇقچىلىق سىستېمىسىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا يول ئاچىدۇ. ئانادولۇدا قورۇقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، سابىق دۆلەت ئەمەلدارلىرى ۋەياكى مەھەللىي كۈچتىن تەشكىللەنگەن كۆپلىگەن زوراۋان گۇرۇپپىلار پەيدا بولىدۇ. بۇلار قوراللىق كۈچ تەشكىل قىلىپ، دۆلەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. 1607 - يىلى 30 مىڭ مىلتىقلىق ئەسكەردىن تەشكىل تاپقان ئاسىيلار، ۋەزىرىئەزەملىككە تەيىنلەنگەن قودۇقچى مۇرات پاشا ۋە تېرياكى ھەسەن پاشا تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ. بىرىنچى ئەھمەد، جەلالى ئىسيانلىرى سەۋەبىدىن تاشلىنىپ قالغان يەرلەرگە قايتىدىن ئاھالىلەرنى ئولتۇراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. 1607 - يىلى بىلەن 1611 - يىللىرى ئارىسىدا ئانادولۇدا نىسبەتەن بولسىمۇ ئامانلىقنى كۈچكە ئىگە قىلغان قۇدۇقچى مۇرات پاشا ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ باشقا بىر مەسىلىسى بولغان ئىرانغا قارشى يۈرۈش قىلىدۇ، تەبرىزگە قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ، 1611 - يىلى دىيارىبەكىردە ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. يېڭى سەدرىئەزەم نۇسۇخ پاشا بولسا، 1612 - يىلى ئىران بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. بۇ كېلىشىمدە، 1555 - يىلى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن چېگرا ئاساس قىلىنىش بىلەن بىرگە، سەفەۋى سۇلتانى شاھ ئابباس ھەر يىلى ئوسمانلى سۇلتانىغا مۇئەييەن مىقداردا يىپەك ئەۋەتىپ تۇرۇشى قوبۇل قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ كېلىشىم 1615 - يىلى بۇزۇلىدۇ ۋە ھەر ئىككى تەرەپ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئوسمانلى - ئىران ئۇرۇشى باشلىنىدۇ.

........................................................................

بىرىنچى ئەھمەد مەزگىلىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئىش بولسا ، دېڭىز قىسىملىرىنىڭ كۈچلەندۈرۈلىشى بولۇپ ، بۇنىڭ سايىسىدا ئىسپانىيە پادىشاھلىقى ۋە ئىتالىيەنىڭ شىمالىدىكى توسكانا بۈيۈك خانلىقى بىلەن مالتا قىلىچۋازلىرىنىڭ مورادىكى كورىنتوس ۋە كوس ئاراللىرىغا قاراتقان ھۇجۇملىرىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ ، شۇنداقلا شىمالىي ئافرىقىدا ئوسمانلى نوپۇزىنىڭ داۋام قىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ . بىرىنچى ئەھمەد ، ئىلگىرى ئەنگلىيە ، فىرانسىيە ۋە ۋەنەدىك بىلەن ئىمزالانغان سودا كېلىشىملىرىنى يېڭىلايدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، ئىسپانىيە ، پورتۇگالىيە ، كاتالان ، دۇبىروۋنىك ، ئانكونا ۋە فلورېنساغا تەۋە پاراخوتلارنىڭ فىرانسۇز بايرىقى ئاستىدا سودا قىلىشلىرىغا رۇخسەت قىلىدۇ . گوللاندىيە بىلەنمۇ تۇنجى قېتىم 1612 - يىلى سودا كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ .

بىرىنچى ئەھمەد 14 يىل سەلتەنەت سۈرگەندىن كېيىن ، 1617 - يىلى 22 - نويابىر كۈنى 28 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ . تارىخىي مەنبەلەردە ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى 51 كۈن داۋاملاشقان مەيدە ئاغرىقى ئىدى دەپ كۆرسىتىلمەكتە . بىرىنچى ئەھمەد كىچىك ياشتىلا تەختكە ئولتۇرغان بولغانلىقى ئۈچۈن ، پادىشاھلىق مەزگىلىدە سۈننەت تويى ئۆتكۈزۈلىدۇ . تارىخىي مەنبەلەر ئۇنى مىجەزى چۇس ۋە دىيندار بىر كىشى ئىدى دەپ تەرىپلەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ، يىقىلىشقا يۈزلەنگەن كەبىنىڭ تاملىرىنى ئىستانبۇلدىن ئۇستىلارنى ئەۋەتىپ رېمونت قىلدۇرىدۇ ، خەتلىرىنى يېڭىلاپ يازغۇزىدۇ ۋە مەدىنىدىكى مەسجىدى نەبەۋىي (پەيغەمبەر مەسجىدى) نىڭ مىنبەرلىرىنىمۇ ئىستانبۇلدا ئاق مەرمەردىن ياساتقۇزۇلغان مىنبەر بىلەن ئالماشتۇرغۇزىدۇ . ئۇ نەيزە ئېتىش ۋە ئوۋ ئوۋلاشقا ئامراق بولۇپ ، بۇ مەقسەتتە پات - پات ئەدىرنە ۋە بۇرساغا بارىدىغانلىقى مەلۇم . «بەختى» تەخەللۇسى ئاستىدا شېئىرلارنى يازغان بىرىنچى ئەھمەدنىڭ كىچىكراق بىر دىۋانىمۇ بار .

ئەمما بىرىنچى ئەھمەدنىڭ نامىنىڭ زامانىمىزغا قەدەر داۋام قىلىشى ۋە پۈتۈن دۇنياغا تونۇلىشىغا سەۋەب بولغان ئەسىرى سۇلتان ئەھمەد جامەسىدۇر . ۋىزانتىيەلىكلەر «ھىپودروم» ، ئوسمانلىلار «ئات مەيدانى» دەپ ئاتايدىغان ھازىرقى كۈندىكى سۇلتان ئەھمەد مەيدانىغا ئىنشا قىلىنغان بۇ جامە ئوسمانلى دەۋرىدە

‹ئەھمەدىيە› دەپ ئاتىلاتتى. كېيىنچە ‹سۇلتان ئەھمەد جامەسى› دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. جامەنىڭ ئىچ بىزەكلىرىدە ئىشلىتىلگەن كۆپ قىسمى قويۇق ھاۋا رەڭلىك چىنە خىشلىرى يۈزىسىدىن غەربلىكلەر ‹Blue Mosque›‹ھاۋا رەڭ جامە› دەپ ئاتالغان. جامەنىڭ ئۇل تېشى 1609 - يىلى 27 - سېنتەبىردە بىرىنچى ئەھمەدىنىڭ بىر ئالتۇن گۈرجەك بىلەن ئۆزى بىۋاستە ھالدا تاكى تەرلىگەنگە قەدەر ئىشلىشى بىلەن قويۇلىدۇ. جامەنىڭ مىمارى سەدەپچى ئەھمەد بەگدۇر. جامەنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتى 1617 - يىلى تاماملىنىدۇ. جامەنىڭ مەدرەسە، سىبيان (باللار) مەكتىپى، قەبرە، دۇكان، ھامام، دارۇششىفا (دوختۇرخانا)، ئاشخانا ۋە ئۈچ قۇدۇقتىن تەشكىل تاپقان كۇللىيەسىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىنشا قىلىنىشى 1620 - يىلىغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. سۇلتان ئەھمەد جامەسى سۇلايمانىيە جامەسىدىن كېيىن ئىستانبۇلدا بىنا قىلىنغان ئەڭ چوڭ سەنئەت ئابىدىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ 14 شەرەفەسى بىرىنچى ئەھمەدىنىڭ ئوسمانلى پادىشاھلىرىنىڭ ئون تۆتىنچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

سۇلتان ئەھمەد جامەسى بىلەن بىرگە يەنە بىر ھۈنكار (سۇلتان) سارىيى ئىنشا قىلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش پادىشاھنىڭ نامازدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ئولتۇرۇپ ئارام ئالىدىغان، سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان بىر يەر سۈپىتىدە لاھىيىلەنگەن ھۈنكار سارايلىرىنىڭ تۇنجىسى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى كۈندە بۇ ساراي ۋەقفلەر باش مودىرلىكىگە قاراشلىق ھالى مۇزېي سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

Mücteba İlgürel, "I· Ahmet", TDVİA·

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999·

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى- 26

بىرىنچى مۇستاپا ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «بىرىنچى مۇستاپا (1622-1623)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«بىرىنچى مۇستاپا (1622-1623)»

بىرىنچى مۇستاپا، ئوسمانلى سۇلتانى ئۈچىنچى مەھمەتنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى مانىسادىكى مەزگىلدە ھىجرىيە 1000- يىلى مىلادى 1591- يىلى دۇنيا كېلىدۇ. ئۈچىنچى مەھمەت تويۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتكەندە ئارقىسدا بىرى ئون ئۈچ يېرىم، يەنە بىر ئون ئىككى ياشلاردا ئىككى كىچىك ئوغلى قالىدۇ. چوڭ ئوغۇل ئەھمەت دەرھال ئوسمانلى تەختىگە ئولتۇرغۇزىلىدۇ، مۇستاپا ئۆلتۈرۈلمەستىن توپقاپى سارىيىنىڭ ھارەم قىسمىدىكى ‹قەپەس› دېيىلىدىغان جايغا سۇلاپ قويۇلىدۇ. بىرىنچى ئەھمەدنىڭ نېمىشقا قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگۈزىۋەتمەي (ئوسمانلىلاردا مۇشۇنداق بىر ئەنئەنە بار ئىدى- ت) ھايات قويۇپ قويغانلىقى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن. بىر قىسىم تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇلارنىڭ بىر ئانىدىن توغۇلغان قېرىنداشلار بولۇش ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرىنچى ئەھمەت، بالا دېگۈدەكلا كىچىك ياشتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنىسىنى ئۆلتۈرگۈزۈشنى قارار قىلغۇدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئىككىنچى بىر قاراشقا ئاساسلانغاندا، بىرىنچى ئەھمەدنىڭ 1603- يىلى تەختكە ئولتۇرغاندا ئوغۇل پەرزەنتىنىڭ بولماسلىقى ۋە ئوسمانلى ۋارىسلىق ئەنئەنىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى بىرىنچى مۇستاپانىڭ ھاياتىغا مۇداخىلە قىلمىغان. ئەمما، بىرىنچى ئەھمەدنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى دۇنياغا كەلگەندىن ئېتىبارەن بىرىنچى مۇستاپا ئىزچىل ھالدا ئۆلتۈرۈلۈش

قورقۇنچى ئىچىدە هايات كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. 1617 - يىلى بىرىنچى ئەھمەد ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، دۆلەت ئەركانى ئۇنىڭ ئون ياشلىق ئوغلى ئىككىنچى (ياش) ئوسماننى ئەمەس، ئىنىسى بىرىنچى مۇستاپانى تەختكە چىقىرىدۇ.

بىرىنچى مۇستاپا دەۋرى ئوسمانلى تارىخىدا ناھايىتى كۆپ يېڭىلىقلار ۋۇجۇدقا چىققان زامان قاتلىمىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئەڭ باشتا، بىرىنچى مۇستاپا 1302 - يىلى باشلانغانلىقى قوبۇل قىلىنغان ئوسمانلى تارىخىدا قېرىنداشىنىڭ ئورنىدا تەختكە ئولتۇرغان تۇنجى سۇلتان بولۇپ، بۇ ئىش ئوسمانلى تارىخىدىكى تەخت ۋارىسلىرى ئەنئەنىلىرىنىڭ بورۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. بىرىنچى ئەھمەد دەۋرىدە دەسلەپكى قەدىمى بېسىلغان بۇ سىياسەت ئارقىلىق سەلتەنەتنىڭ ئاتىدىن ئوغۇلغا مىراس قىلىش ئادىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئوسمانلى خانىدانلىقىنىڭ ياشتا ئەڭ چوڭ ئەر مەنسۇبىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىنى مەزمۇن قىلغان ‹ئەكبەرىييەت› سىستېمىسىنىڭ تۇنجى قېتىم يولغا قويۇلۇشىمۇ بىرىنچى مۇستاپانىڭ جۇلۇسى ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. ئوسمانلى تارىخىدا بىرىنچى مۇستاپا دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر يېڭىلىق بولسا، 1617 - يىلى 22 - سېنتەبىردە تەختكە ئولتۇرغان يېڭى سۇلتاننىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇدەك ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئادەتتىكى تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرغىدەكمۇ ئەقلى قابىلىيىتىنىڭ بولماسلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئوسمانلى تارىخىدا بىرىنچى مۇستاپا «ساراڭ مۇستاپا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بىرىنچى مۇستاپا 1617 - يىلى 22 - سېنتەبىردە تەختكە ئولتۇرۇپ، 96 كۈن سەلتەنەت سۈرىدۇ. 1618 - يىلى بىرىنچى مۇستاپانى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ تەختنى تارتىۋالغان جىيەنى ئىككىنچى ئوسمان، ئۇنى تۆت يىل بويىچە ناھايىتى ناچار شارائىتلار ئاستىدا نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. ياش ئوسمان (ئىككىنچى ئوسمان) نىڭ بىر قېتىملىق ئىسيان ئەسناسىدا ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كېيىن 1622 - يىلى 19 - مايدا ئىككىنچى قېتىم ئوسمانلى تەختىگە ئولتۇرىدۇ ۋە 1623 - يىلى 10 - ئىيۇلغىچە سەلتەنەت سۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ فاتىھ سۇلتان مەھمەتتىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم تەختكە ئولتۇرغان

ئوسمانلى سۇلتانى بولىدۇ. فاتىھنىڭ ئىككىنچى قېتىم تەختكە ئولتۇرۇشى ئاساسلىقى ئاتىسىنىڭ ئىستىكى ۋە كونتروللۇقى ئاستىدا روياپقا چىققان بولسا، بىرىنچى مۇستاپانىڭ ئىككىنچى قېتىم تەختكە ئولتۇرۇشى دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان گۇرۇپپىلارنىڭ مۇجادىلىسىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە روياپقا چىقىدۇ.

........................................................................

فاتىھ سۇلتان مەھمەت دەۋرىدىن بۇيان ئىجرا قىلىنىپ كەلگەن قېرىنداشنى ئۆلتۈرۈش سىياسىتىگە كۆرە، بىرىنچى ئەھمەد قېرىندىشى مۇستاپانى ئۆلتۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئىستانبۇلدىكى ۋەنەدىك كونتارىنىنىڭ قارىشىچە، بىرىنچى ئەھمەد ئىنىسى بىرىنچى مۇستاپانى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىغان، بىراق بۇ ئوي ئۇنى شۇنچىلىك بىئارام قىلغانكى، نەتىجىدە ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن ۋاز كەچكەن.

بىرىنچى ئەھمەد ۋاپات بولغاندا ئوغلى ئوسمان ئون ئۈچ ياشتا ئىدى. ئىلگىرىكى مەزگىللەردە بۇ ياشتىكى بىر بالا ئوسمانلى تەختىگە ئولتۇرالايتتى، بىرىنچى ئەھمەد ئۆلگەندە بولسا، ئوغلى ئوسمان ئەمەس، سوفى مەھمەت پاشا ۋە شەيخۇلئىسلام ئەسات ئەپەندى قاتارلىق دۆلەت ئەركانىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، قەپەستە ياشاۋاتقان قېرىندىشى مۇستاپا تەختكە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوسمانلى خانىدانلىقى تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئائىلىدىكى شاھزادىلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئوسمانلى سۇلتانى بولۇشى مۇۋاپىق دەپ قارىلىدۇ. لېكىن كاتىپ چەلەبىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، ئارىدىن ئۈچ ئاي 10 كۈن ئۆتكەندە يەنە شۇ دۆلەت ئەركانى تەرىپىدىن بىرىنچى مۇستاپانىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلالمايدىغانلىقى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ئورنىغا ئىككىنچى ئوسماننى ئولتۇرغۇزۇش قارار قىلىنىدۇ. لېكىن 1622- يىلى يەنىچەرىلەر ئىككىنچى ئوسمانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە قايتىدىن بىرىنچى مۇستاپانىڭ تەختكە ئولتۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

بىر ئوسمانلى سۇلتانىنىڭ ئاتقا مىنگەن ھالدا خەلقنىڭ ئارىسىغا چىقىشى ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنىڭ ئىشارىتىدۇر. لېكىن بىرىنچى مۇستاپانىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ئەسلىدىنلا نورمال بولمىغان ئەقلىي ئىقتىدارى يۈزىسىدىن قەيەستىكى چېغىدا تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتكەنىدى. خەلق ئارىسىدىكى سۆز – چۆچەكلەرگە كۆرە، 1623 – يىلىغا كەلگەندە ئاتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرالىغۇدەكمۇ ماجالى قالمىغانىدى. دۆلەت ئەركانى بۇ خىل سۆز – چۆچەكلەرگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، بىرىنچى مۇستاپانى گويا ئاتقا مىنىپ ئايلىنىۋاتقان ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتىدە باشقا بىرىنى ئۇنىڭغا ئوخشاش كىيىندۈرۈپ، خەلقنىڭ ئارىسىغا چىقىرىدۇ. ئوسمانلى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلار، بىرىنچى مۇستاپانىڭ ئۇ مەزگىللەردە ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى يېزىشىدۇ. ئىككىنچى ئوسماننى ئۆلتۈرگەن يەنىچەرىلەر، بىرىنچى مۇستاپانى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن توپقاپى سارىيى، ھەرەم قاتارلىق جايلاردا ئۇنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ ۋە ئۇنى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىدىغاندەك ھالدا ئۇچرىتىدۇ. يەنىچەرىلەر بىرىنچى مۇستاپانى تاپقاندا، ئۇ، قوللىرىنى قۇۋۇشتۇرۇپ تۇرغان ئىككى خىزمەتچى خوتۇننىڭ ھۇزۇرىدا ناچار بىر كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. بەلكىدە ساراي ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقلار يۈزىسىدىن باشقىلار ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىرىنچى مۇستاپانىڭ بىر نەرسە يېمىگىنىگە ئۈچ كۈن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يەنىچەرىلەرنى كۆرگەندە ئىچىش ئۈچۈن سۇ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنىچەرىلەر ئۇنى بىر ئاتقا مىنگۈزۈپ ئورتا جامەگە ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ، بىرىنچى مۇستاپا شۇنچىلىك ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدىكى، ئورتا جامەگىمۇ سارايىنىڭ بىر ھارۋىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بىرىنچى مۇستاپانىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سەلتەنىتىمۇ ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. 1623 – يىلى 10 – ئىيۇلدا بىرىنچى مۇستاپا تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، ئورنىغا بىرىنچى ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئىككىنچى ئوسماننىڭ بىر تۇغقىنى تۆتىنچى مۇستاپا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

.........................................................................

بىرىنچى ئەھمەدنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەن ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىدا تۈنجى قېتىم «قەپەس تۈزۈمى» ئىجرا قىلىنىشقا باشلىنىدۇ. بۇ تۈزۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىنىشى بىرىنچى مۇستاپانىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ ۋە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇنىڭ ئىككى قېتىم تەختكە ئولتۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. «قەپەس تۈزۈمى» قانداق بىر تۈزۈم ئىدى؟ تەختكە ئولتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بىر تۇغقانلار بىر – بىرلىرىنى ئۆلتۈرمىسىمۇ بولاتتى، لېكىن شۇنداق بىر تۈزۈم ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك ئىدىكى، ھېچ بولمىغاندىمۇ سەلتەنەت سۈرىۋاتقان سۇلتاننىڭ ئىشلىرىغا باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ توسالغۇلۇق پەيدا قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. مانا بۇ قاراشقا ئاساسەن، ئوسمانلى تەخت ۋارىسى سىستېمىسىدا «قەپەس» تۈزۈمى يولغا قويۇش ۋە بۇ مەقسەتتە سارايىنىڭ چەكلەنگەن قىسمىدىكى ئەندەرۇندا باشقا بىر تۇغقانلارغا يەر ئاجرىتىش، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كېسىپ تاشلاش كېرەك ئىدى. ئوسمانلى سارىيىدا ئىلگىرى شاھزادىلەر ياشايتتى. بولۇپمۇ 16 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا شاھزادىلەرنى سانجاق (ۋىلايەت) لارغا ئەۋەتىش سىياستى قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سارايدا ياشىغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز. لېكىن ئۇ مەزگىللەردە سارايدا تۇرغان شاھزادىلەر، ئوسمانلى تەختىدە ئولتۇرغان سۇلتاننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. بىرىنچى مۇستاپا دەۋرىدىن باشلاپ، سارايدا پەقەت سۇلتاننىڭ ئوغلىلا ئەمەس، بىر تۇغقىنىمۇ تۇرۇشقا باشلايدۇ. ھەتتاكى كېيىنكى مەزگىللەردە سارايدا سۇلتاننىڭ بىر تۇغقانلىرىدىن باشقا جىيەن ۋە نەۋرە تۇغقانلىرىمۇ تۇرالايدىغان بولىدۇ. «قەپەس» شاھزادىلەر قۇرقۇنچلۇق ھاياتقا مەھكۇم قىلىنغان توپقاپى سارىيى ھەرەم قىسمىنىڭ بىر بۆلمىسى ئىدى. شاھزادىلەرنى بۇ يەردىن پەقەت ئۆلۈم ياكى تەختكە چىقىشلا قۇتقۇزۇپ قالالايتتى. ھەرەمنىڭ قورقۇنچلۇق ۋە سىرلار بىلەن تولغان بۇ قىسمى ئون ئىككى بۆلمىدىن تەشكىل تاپاتتى. بۇ بۆلمىلەرنىڭ ھەممىسى ۋالدە سۇلتان باغچىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا ئىدى. بۇ

يەرگە يېقىن يەردە شەمشات باغچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن «قەپەس» ، «شەمشادلىق» ياكى «شەمشادلىق ئۆيى» دەپ ئاتىلاتتى. لېكىن «قەپەس» دېگەن نام دەسلەپكى مەزگىللەردە خەلق تەرىپىدىن كۆپلەپ ئىستمال قىلىنغان بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «شەمشادلىق» ياكى «شەمشادلىق ئۆيى» دېگەن ئىسىم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ۋە بارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئىستمال قىلىنىدىغان ھالغا كەلگەن. بۇ يەرگە نەزەربەنت قىلىنغان ئوسمانلى خاندانىنىڭ ئەر مەنسۇپلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى توختىتىپ قويىلاتتى. بالىلىق ۋە ياشلىق يىللىرىنىڭ بىرى قىسمىنى «قەپەس» تە ئۆتكۈزگەن بىرىنچى مۇستاپامۇ يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى ياخشى تەلىم ـ تەربىيە ئالالمىغان ۋە خەتتى ھۆمايۇن (ئەمىر ـ پەرمان) لىرىنى باشقىلارغا يازدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. بىرىنچى مۇستاپا 1639 ـ يىلى ۋاپات بولغان دەپ قارىلىدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ يىگىرمە ئالتىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


N. Vatin-G. Veinstein, Le serail ébranlé, Paris 2003.

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999.

M, Münir Aktepe, "Mustafa I", İslam Ansiklopedisi, c. 8.

M. Zeki Pakalın, Osmanlı Tarih Deyimleri ve Terimleri Sözlüğü, 3 cilt.


## ئوسمانلى سۇلتانلىرى- 27

ئىككىنچى ئوسمان ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئىككىنچى ئوسمان (1618-1622)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىككىنچى ئوسمان (1618-1622)»

ئوسمانلى سۇلتانى بىرىنچى ئەھمەدنىڭ ماھىپرۇز سۇلتاندىن بولغان ئوغلى ئىككىنچى ئوسمان، ئوسمانلى تارىخ مەنبەلىرىدە «شېھىت ئوسمان» ياكى «ياش ئوسمان» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. 1603-يىلى 15-نويابىردا ئىستانبۇلدا دۇنياغا كەلگەن ئىككىنچى ئوسمان، ئاتىسى بىرىنچى ئەھمەد تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان ئوسمانلى تەخت ۋارىسى تۈزۈمىگە ئۇيغۇن ھالدا، ئوغۇل پەرزەنتلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بولغانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى ياخشى تەلىم-تەربىيىگە ئىگە قىلىنىدۇ. ئەدەبىيات، تارىخ ۋە جۇغراپىيە بىلەن بىرگە، خېلى يۇقىرى سەۋىيەدە فىلولوگىيە دەرسى ئالىدۇ، تۈركچىدىن باشقا پارس، ئىتالىيە، ئەرەب ۋە گىرىك تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. ياخشى تەلىم-تەربىيە ئالغان ئىككىنچى ئوسماننىڭ ئوسمانلى شاھزادىلىرى ئىچىدىكى مەدەنىيەت-سەۋىيەسى ئەڭ يۇقىرى شاھزادىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئوسمانلى دۆلىتى تەۋەلىكىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن چەت ئەل ئەلچىلىرى تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇلاردىن ئەنگلىيە ئەلچىسى توماس روي، ئىككىنچى ئوسماننىڭ ئېسىل ۋە جەسۇر بىر ياش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئەجدادىنىڭ زەپەرلىرىگە ھەۋەس قىلىدىغان ۋە ئۇلار ئېرىشكەن نام-شۆھرەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بىرى ئىدى، دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

ئىككىنچى ئوسمان بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئاتىسى بىرىنچى ئەھمەد 1617-يىلى 22-نويابىر كۈنى ۋاپات بولغاندا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىككىنچى ئوسمان ئەمەس، تاغىسى بىرىنچى

مۇستاپا تەختكە ئولتۇرغۇزۇلۇپ پادىشاھ ئىلان قىلىنىدۇ. لېكىن بىرىنچى مۇستاپانىڭ تۇراقسىز ئىش - ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزغان دۆلەت ئەركانى، ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن 1618 - يىلى 26 - يانۋار كۈنى ئىككىنچى ئوسمان سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ. باشقا ئوسمانلى سۇلتانلىرىغا ئوخشاشلا ئىككىنچى ئوسمانمۇ تەختكە ئولتۇرۇشنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە جۇلۇس پۇلى تارقىتىدۇ. جۇلۇس، يېڭى پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغاندا دۆلەت خادىملىرى دائىرىسىگە كىرىدىغان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ھەدىيە بولۇپ، بۇ ئادەت ئوسمانلىلاردىن ئىلگىرىكى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىدىمۇ بار ئىدى. ئوسمانلى دۆلىتىدە بولسا، فاتىھ سۇلتان مەھمەت دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ ئىش قانۇن ئارقىلىق ئەنئەنىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. لېكىن بىرىنچى مۇستاپانىڭ تەختكە ئولتۇرۇپ 96 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى ئوسماننىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى ۋە جۇلۇس پۇلى تارقىتىشى دۆلەت خەزىنىسىنى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. تەختكە ئولتۇرۇشنىڭ يەنە بىر خىل رەسمىيىتى، ياۋروپادىكى تاج كىيىش مۇراسىمغا ئوخشاش ، قىلىچ ئويىنىتىش ئىدى.

قىلىچ ئويىنىتىش مۇراسىمى ئىستانبۇلنىڭ پەتھى قىلىنىشىدىن كېيىن، بولۇپمۇ ئەييۇب رايونىدىكى ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ قەبرىسى بار جايدا ئۆتكۈزىلەتتى. يېڭى پادىشاھ بىلەن بىرلىكتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دۆلەت ئەركانلىرى بىر ھەيئەت تەشكىل قىلىپ، سارايدىن قورۇقلۇق ۋەياكى دېڭىز يولى ئارقىلىق ئەييۇب رايونىغا باراتتى. بۇ ھەيئەت قىلىچ قىسىملىرى دەپ ئاتىلاتتى. پادىشاھنىڭ قىلىچ ئويىنىتىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلاتتى ۋە دېڭىز يولى بىلەن كەلگەن بولسا قۇرۇقلۇق ئارقىلىق، قۇرۇقلۇق بىلەن كەلگەن بولسا دېڭىز يولى ئارقىلىق سارايغا قايتىپ كېتەتتى. ئەينى شەكىلدە ئىككىنچى ئوسمانمۇ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، قىلىچ ئويىنىتىدۇ ۋە ئىككىنچى ئوسمان دەۋرى باشلانغان بولىدۇ.

ئىككىنچى ئوسمان پادىشاھ بولۇشىنىڭ ئەنئەنىۋى رەسمىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، تاغىسىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىغا سەۋەب بولغان سوفى مەھمەت پاشانىڭ ئورنىغا دامات مەھمەت پاشانى تەيىنلەيدۇ، شەيخۇلئىسلام ئەسات ئەپەندىنىڭ ئورنىغا ئۇستازى ئۆمەر ئەپەندىنى تەيىنلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا شەيخۇلئىسلاملىق ئۇنۋانىنى بېرىدۇ.

.................................................................................

ئىككىنچى ئوسمان تەختكە ئولتۇرغاندا ئىران بىلەن ئوسمانلى دۆلىتى ئارىسىدىكى ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، ۋەزىرىئەزەم خەلىل پاشا، ئىراندا سەراۋ كېلىشىمىنى ئىمزالايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئوسمان، دىققىتىنى شىمال تەرەپكە مەركەزلەشتۈرىدۇ. پولشالىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئۇكرائىنا قازاقلىرى ئوسمانلىلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. سىنوپ ۋە ئىستانبۇلنىڭ قارا دېڭىز ساھىلىدىكى قىسمىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەفلاك ۋە بوغدان (ھازىرقى رۇمىنىيە) دىن باشقا ئەردەل (ترانسىلۋانىيە) نىمۇ ئوسمانلىلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈشى، بۇ رايونغا ئەسكىرىي يۈرۈش قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. تەختكە ئولتۇرغان چېغىدا ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن ئىككى ئوسماننىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا يۈرۈشلەرگە ئاتلىنىپ، فاتىھ ئۇنۋانىنى ئالماقچى بولۇشى ۋە يېقىن ئەتراپىدىكىلەرنىڭمۇ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا قىزىقتۇرۇشى نەتىجىسىدە 1621- يىلى خوتىن يۈرۈشى دەپ ئاتىلىدىغان ئەسكىرىي يۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ.

ئىككىنچى ئوسمان ئۆزى بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان بۇ قېتىملىق يۈرۈشكە يەنىچەرىلەر ئىستەكسىز ھالدا قاتنىشىدۇ. ئىككىنچى ئوسمان، بۇ يۈرۈشكە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى ئىستانبۇلدا ئۆزىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىرىلىش ئېھتىمالى بار دەپ گۇمان قىلىپ، ئىنىسى شاھزادە مەھمەتنى بوغۇپ ئۆلتۈرگۈزىدۇ. 1621- يىلى 21- ماي كۈنى ئىستانبۇلدىن قوزغالغان قوشۇن 1- سېنتەبىر كۈنى ھازىرقى ئۇكرائىنانىڭ باسارابىيا

رايونىدىكى تۇرلا دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرەپ قىرغىقىغا جايلاشقان ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە خوتىن قەلئەسىگە يېتىپ بارىدۇ. قەلئە مۇھاسىرە قىلىنىدۇ، لېكىن يەنىچەرىلەرنىڭ تۈزۈملەرگە رىئايە قىلماسلىقلىرى يۈزىسىدىن قەلئەنى پەتھى قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. پولشالىقلارنىڭ تىنچلىق ئورنىتىش تەلپىي قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە پولشالىقلار بىلەن قانۇنى دەۋرىدىكى چېگرالارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، قازاقلارنىڭ ئوسمانلى زېمىنلىرىغا كىرمەسلىكى، تۇرلا دەرياسى بويىدىكى ئوسمانلىلارغا قارشى سېلىنغان قەلئەلەرنىڭ يىقىپ تاشلىنىشى ۋە پولشالىقلارنىڭ ئوسمانلىلارنىڭ ھېمايىسى ئاستىدىكى قىرىم خانلىقىغا يىللىق 40 مىڭ ئالتۇن خاراج تۆلەشنى قوبۇل قىلىشى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ناھايىتى چوڭ بىر ئۈتۈق قولغا كەلتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىملىق يۈرۈش ناھايىتى چوڭ بىر غالىبىيەتتەك كۆرسىتىلىپ، 1621- يىلى 28- دېكابىردىن باشلاپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىستانبۇلدا تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەلكىدە بۇ يۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى، ئىككىنچى ئوسماننىڭ ناھايىتى كىچىك ياشتا بولۇشىغا قارىماي، يۈرۈش ئەسناسىدا ئۆزى بىۋاستە شاھىت بولغان قوشۇننىڭ ئىنتائەتسىزلىكى ۋە تۈزۈمگە بويسۇنماسلىقى مەسىلىسىگە چارە تېپىش كېرەكلىكى پىكرىگە كېلىشى بولىدۇ. بۇ پىكىر ئىككىنچى ئوسماننىڭ ھاياتى بەدىلىگە ئېلىپ بارىدىغان ئىسلاھات تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

..................................................................................

خوتىن يۈرۈشىدىن قايتقان ئىككىنچى ئوسمان، ئوسمانلى دۆلىتىدە قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن سارايدىكى جارىيە بىلەن ئۆيلىنىش ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، شەيخۇلئىسلام ئەسات ئەپەندىنىڭ قىزى ئاقىلە بىلەن نىكاھلىنىدۇ. سارايدىكى رەسمىيەتلەرنى بىر قەدەر بوشىتىپ، ئۆزىدىن باشلاپ بارلىق كىشىلەرنىڭ ئاددىي كىيىنىشلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. لېكىن ئىككىنچى ئوسمانغا قارشى ئەڭ كۈچلۈك ئىنكاس قوشۇننىڭ مۇئەييەن ئىنتىزامغا كىرگۈزۈلۈشىنىڭ

مۇھىملىقىغا دائىر پىكىرلىرى يۇزىسىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ يەنىچەرىلەر مەركەزلىك ئەسكىرىي تۈزۈمنى بىكار قىلىپ ئانادولۇ، سۈرىيە ۋە مىسىردىن ئېلىپ كېلىدىغان ئەسكەرلەر بىلەن يېڭى بىر قوشۇن قۇرۇپ، پايتەختنى ئىستانبۇلدىن بۇرسا ياكى قاھىرەگە يۆتكەش پىكرىنىڭ بارلىقىغا دائىر سۆز - چۆچەكلەر تارقايدۇ. مانا بۇ خىل سۆز - چۆچەكلەرنى چىقىش قىلغان 19 ۋە 20- ئەسىردىكى بىر قىسىم تۈركىيەلىك ۋە چەت ئەللىك تارىخچىلار «ئىككىنچى ئوسماننىڭ مىللىي ۋە سىكولار بىر دۆلەت قۇرۇشنى پىلانلىغانلىقى» غا دائىر قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىككىنچى ئوسماننىڭ ئىلمىيە سىنىپىنىڭ سالاھىيىتىگىمۇ چەكلىمە قويۇشى، ئۇنىڭغا قارشى شەكىللەنگەن ئۆكتىچىلەر سېپىنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋېتىدۇ. 1618- يىلى تەختكە ئولتۇرغاندىن بۇيان ئىستانبۇلدا كۆرۈلگەن ئېغىر ئوت ئاپەتلىرى، ۋابا كېسەللىرى، سەل ئاپىتى ۋە ئىستانبۇل بوغۇزىنىڭ توڭلاپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان قاتتىق سوغۇقلارغا ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ شۇملىقىدىن بولدى، دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ تەكشۈرۈشلەرگە چىقىشى، ۋەزىپىسىنىڭ سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان يەنىچەرىلەرنىڭ خەلقنىڭ بىر قىسمىنى جازالىشى، قانۇنسىز شەكىلدە پۇل - مال توپلىشى، ئىستانبۇلنىڭ بايلىرىنىڭ ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئىككىنچى ئوسمانغا ھەر ھەپتە ھەدىيە سۇپىتىدە تەقدىم قىلىدىغان گۈزەلجە ئەلى پاشانى سەدرىئەزەملىككە تەيىنلىشى قاتارلىقلار خەلق ئىچىدە ئىككىنچى ئوسمانغا بولغان نارازىلىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئىككىنچى ئوسماننىڭ يېڭى بىر قوشۇن تەشكىللەش مەقسىتىنى يوشۇرۇپ، «ھەجگە بارىمەن» دېگەن باھانە بىلەن ئىستانبۇلدىن ئايرىلماقچى بولۇشى نەتىجىسىدە، 1622- يىلى 18- ماي كۈنى يەنىچەرىلەر ۋە ئۆلىمالارنىڭ باشلامچىلىقىدا ئىسيان باشلىنىدۇ. ئىسياننىڭ مەقسىتى دەسلەپتە ئىككىنچى ئوسماننى ھەجگە بېرىشتىن ۋاز كەچتۈرۈش ۋە ئۇنى ئىسلاھات پىكىرلىرىگە ئىشەندۈرگەن يېقىن ئەتراپىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىشىدىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن ئىككىنچى

ئوسماننىڭ قاتتىق پوزىتسىيەسى ئىسياننىڭ تېخىمۇ كېڭىيىپ 3 كۈن داۋاملىششى ۋە نىھايىتىدە ئۇنىڭ ئىسيان نەتىجىسىدە ئۆلگەن تۇنجى ئوسمانلى پادىشاھى بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزىدىن ئىلگىرى 3 ئاي تەختتە ئولتۇرغان تاغىسى بىرىنچى مۇستاپا قايتىدىن سۇلتان دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى ئوسماننىڭ قىسقا داۋاملاشقان سەلتەنىتى دەۋرىدىن زامانىمىزغا ھېچقانداق بىر بىناكارلىق ئەسىرى قالمىغان بولسىمۇ، ‹فارىسى› تەخەللۇسى ئاستىدا يازغان كىچىك بىر دىۋانى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى بۆلۈمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


N. Vatin-G. Veinstein, Le serail ébranlé, Paris 2003.
Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999.
Şinasi Altundağ, "Osman II", İslam Ansiklopedisi, c. 9.
M. Zeki Pakalın, Osmanlı Tarih Deyimleri ve- Terimleri Sözlüğü, 1 ve 3 cilt.
Mehmet Öz, "II. Viyana Seferine Kadar XVII. Yüzyıl" Türkler, c.9.
Osmanlı c. 12.
Tezcan, "II. Osman Örneğinde 'İlerlemeci' Tarih ve Osmanlı Tarih Yazıcılığı" Osmanlı, I


# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-28

## تۆتىنچى مۇرات ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «تۆتىنچى مۇرات (1623-1640)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«تۆتىنچى مۇرات (1623-1640)»

تۆتىنچى مۇرات، ئوسمانلى سۇلتانى بىرىنچى ئەھمەدنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئانىسى مەشھۇر كۆسەم سۇلتاندۇر. ئۇ 1612- يىلى دۇنيا كەلگەن بولۇپ، بىرىنچى ئەھمەدنىڭ ئوسمان ۋە ئىبراھىم بىلەن بىرلىكتە ئوسمانلى تەختىگە ئولتۇرغان ئۈچ ئوغلىنىڭ بىرىدۇر. ‹قەپەس›سىستېمىسى ئاستىدا ياشىغان بولغانلىقى ئۈچۈن تەلىم -تەربىيە سەۋىيەسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ‹مۇرادى›ۋە ‹شاھ مۇراد›تەخەللۇسى ئاستىدا يازغان شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرى بار. بۇلار، ئۇنىڭ ياخشى تەلىم -تەربىيە ئالغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ نادىر كۆرۈلىدىغان دەرىجىدە كۈچ -قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئادەمنى بىر قەدەر گۇمانلاندۇرۇپ قويسىمۇ، ئۇنىڭ 200 ئۇققا (256 كىلو گرام) ئېغىرلىقتىكى بازغاننى ئىشلىتىدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. مەزكۇر بازغان ھازىرقى كۈندە توپقاپى سارىيىدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا. ئۇنىڭ يەنە ئۇرۇش مەشقلىرىگە قىزىقىدىغانلىقى، ئوق ۋە يا ئىشلىتىشكە ماھىر ئىكەنلىكى ۋە ھەر دائىم 30، 40 ئاتنى مىنىش ئۈچۈن تەييار ھالەتتە تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلمەكتە. مەشھۇر ئوسمانلى تارىخچىسى خامېر ئۇنى ئۇزۇن بويلۇق، قارا چاچلىق، يۈزى كەڭ، كۆزلىرى چوڭ ۋە ئاق پىشماق بىر كىشى ئىدى دەپ تەرىپلەيدۇ.

تۆتىنچى مۇرات تاغىسى بىرىنچى مۇستاپانىڭ قالايمىقان ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە ئىككىنچى قېتىم تەختتىن چۈشۈرۈلىشىدىن كېيىن 1623- يىلى 11 يېشىدا تەختكە ئولتۇرىدۇ. تۆتىنچى مۇرات 1617-

يىلىدىن كېيىنكى ئالتە يىل ئىچىدە تەختكە ئولتۇرغان تۆتىنچى ئوسمانلى سۇلتانى بولىدۇ. ھەر بىر سۇلتان تەختكە ئولتۇرغاندا ‹جۇلۇس›ھەدىيەسى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، دۆلەت خەزىنىسى ئېغىر دەرىجىدە چىقىمدار بولىدۇ. بۇنى ياخشى بىلىدىغان دۆلەت خادىملىرى تۆتىنچى مۇرات تەختكە ئولتۇرغاندا، ئۆز ئىختىيارلىقلىرى بىلەن ‹جۇلۇس›ھەدىيەسى ئالمايدىغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ. لېكىن تۆتىنچى مۇرات تەختكە ئولتۇرغاندا بولۇپمۇ يەنىچەرىلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ، بۇ قېتىممۇ جۇلۇس ھەدىيەسىنىڭ تارقىتىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

11 ياشلىق بالا سۇلتان تۆتىنچى مۇرات باشقا ئوسمانلى سۇلتانلىرىغا ئوخشاشلا سەلتەنەتنىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدە ئەييۇب سۇلتانغا بېرىپ قىلىچ ئويىندۇ. تۆتىنچى مۇرات ناھايىتى كىچىك ياشتا تەختكە ئولتۇرغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ 1640 - يىلىغا قەدەر داۋام قىلغان سەلتەنەت مەزگىلىنى ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن. 1632 - يىلىغىچە داۋام قىلغان دەسلەپكى توققۇز يىللىق سەلتەنىتىنى ئانىسى كۆسەم سۇلتاننىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆتكۈزىدۇ ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ئاساسلىق دەرىجىدە ئۆزىنى تەختكە ئولتۇرغۇزغان ۋەزىرىئەزەم كەمانكەش ئەلى پاشا ۋە شەيخۇلئىسلام يەھيا ئەپەندى بىلەن ئانىسىغا تاپشۇرىدۇ. تۆتىنچى مۇراتنىڭ سەلتەنىتىنىڭ بۇ بىرىنچى باسقۇچى ئاساسلىقى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ مەركىزى ئىستانبۇلدا ھاكىمىيەتنى كۆرىنەرلىك دەرىجىدە قولىغا كىرگۈزىۋالغان يەنىچەرىلەر بىلەن، سىرتتا بولۇپمۇ ئانادولۇدىكى ئۆلكە ۋە ۋالىيلىقلاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان خانلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى خەلق ئارىسىدا ‹سەگمەن›دەپ ئاتىلىدىغان ئەسكىرىي گۇرۇپپىلارغا قارشى مۇجادىلە قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئىككىنچى ئوسماننىڭ قەتلى قىلىنىشىنى باھانە قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان ئابازا مەھمەت پاشا، ئەرزۇرۇمدىن تارتىپ ئەنقەرەگىچە بولغان ئانادولۇنىڭ كۆپ قىسمىنى قولىغا كىرگۈزىۋالىدۇ، ئىستانبۇلدا ئىسيان قوزغىتىدۇ. ئىستانبۇلدا بولسا، يەنىچەرىلەر ئۆلىمالارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ھاكىمىيەت سېپىدىكى نوپۇزىنى كۈچەيتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيدۇ. ‹تاشرا ئەسكىرى›دەپ ئاتىلىدىغان سەھرادىكى ئەسكەرلەر بىلەن

ئاساسەن ئىستانبۇلدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مەركىزى ئارمىيەنىڭ نۇقتىلىق گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان يەنىچەرىلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپ، قوشۇنىنىڭ بىرلىكىنى بوزۇش بىلەن بىرگە، دۆلەتنىمۇ پالاكەت پاتقىقىغا ئىتتىرىدۇ. تۆتىنچى مۇرات سەلتەنىتىنىڭ دەسلەپكى توققۇز يىلىنى مانا بۇ خىل مۇشكۈلاتلارنىڭ ئىچىدە دۆلەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى ئىزدەش، ئويلىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

.........................................................................

تۆتىنچى مۇراتنىڭ 1632- يىلى باشلىنىپ 1640- يىلىغىچە داۋام قىلغان سەلتەنەتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بىرىنچىسىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولىدۇ. ئانىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا دۆلەت ئىشلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆرىنەرلىك دەرىجىدە دۆلەت ئەركانىغا قويۇپ بەرگەن تۆتىنچى مۇراتنىڭ ئورنىغا دۆلەت ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي كونتروللۇقى ئاستىغا ئالغان، ئەسكەر فورمىسى بىلەن خەلققە زورلۇق-زومبۇرلۇق قىلغان يەنىچەرىلەرنى تىزگىنلىيەلىگەن ئىقتىدارلىق، كۈچلۈك بىر پادىشاھ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. باشقىچە ياسىنىپ چىقىپ تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى كونتروللۇق ئاستىغا ئالىدۇ. تاماكا ۋە ھاراقنى مەنئىي قىلىدۇ، قەھۋەخانىلارنى تاقاتقۇزىۋېتىدۇ. ئانادولۇ ۋە لىۋاندا دۆلەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ئاسىي پاشالارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قىسمىنى باشقا جايلاردا ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئاساسىدا يوقىتىش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ نوپۇزىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. دۆلەت ئىچىدە بۇ نوپۇزنى تىكلىگەندىن كېيىن، تۆتىنچى مۇراتنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ سىرتتىكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى (بۇ) ئىككىنچى باسقۇچىدا باشلىنىدۇ. ئۇ، 1633- يىلى پولشاغا يۈرۈش قىلىدۇ، لېكىن ئەدىرنەدىكى چېغىدا پولشا باش ئەلچىسى كېلىپ، ئوسمانلىلار ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەر ئاساسىدا تىنچلىق ئورنىتىش تەكلىپىنى سونغاندىن كېيىن، بۇ يۈرۈشنى توختىتىپ قايتىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا 1618- يىلدىن 1648- يىللىرىغىچە بولغان جەرياندا ياۋروپانىڭ 30 يىل ئۇرۇشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشى، ئوسمانلىلارنىڭ دىققىتىنى شەرققە مەركەزلەشتۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ. تۆتىنچى مۇرات

1635- يىلى ئۆز قوماندانلىقى ئاستىدىكى قوشۇن بىلەن ئىرانغا يۈرۈش قىلىپ، ئەرىۋان قەلئەسىنى پەتھى قىلىدۇ. ئارقىدىن ئىراننىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ ۋە تەبرىزگىچە يېتىپ بارىدۇ. لېكىن ئەزەربەيجان ۋە ئىراننى كونتروللۇق ئاستىغا ئالالمايدۇ. چۈنكى سەفەۋىيلەر ياۋۇز سۇلتان سەلىم زامانىدىن بېرى ئوسمانلى سۇلتانلىرى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ چىققان يۈرۈشلەرگە قارشى جەڭ قىلىش يولىنى ئەمەس، ئىراننىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا چېكىنىپ، ئوسمانلى قوشۇنى رايوندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەرلەردە قالغان ئوسمانلى مۇھاپىزەت قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى تەكرار قولغا كىرگۈزۈش سىياسىتىنى تۆتىنچى مۇرات دەۋرىدىمۇ ئىشقا سالىدۇ.

................................................................................

تۆتىنچى مۇراتقا «باغداد فاتىھى»دېگەن ئۇنۋاننىڭ بېرىلىشىگە سەۋەب بولغان ئەسكىرىي يۈرۈش بولسا، 1638- يىلى ئىشقا ئاشىدۇ. باغداد، سەفەۋىيلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنىپ، ئوسمانلى زېمىنلىرىغا قوشۇۋېتىلىدۇ. تۆتىنچى مۇرات باغدادنى قولغا كىرگۈزگەندە، باغدادنىڭمۇ باشقا شەرق شەھەرلىرىگە ئوخشاش قايتىدىن ئوسمانلىلارنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، سۈننىي تۈركلەرنى مەجبۇرىي ھالدا باغدادقا يەرلەشتۈرىدۇ. بۇ سىياسەتنىڭ نەتىجىسىدە ئەرىۋان پەتھى قىلىنىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوسمانلىلارنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، باغداد 1917- يىلىغا قەدەر ئوسمانلىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالىدۇ. باغداد يۈرۈشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم نەتىجىسى بولسا، سەفەۋى دۆلىتىنىڭ 1639- يىلى ئوسمانلى دۆلىتى بىلەن «قەسرى شىرىن»كېلىشىمىنى ئىمزالىغان بولۇشىدۇر. بۇ كېلىشىم ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئاخىرقى چېگرىلارنى بېكىتىش بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىش بىلەن بىرگە، يېڭى ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدۇ. زامانىمىزدىكى تۈركىيە –ئىران چېگراسىمۇ ئاساسەن دېگۈدەك «قەسرى شىرىن»كېلىشىمىدە كۆرسىتىلگەن چېگرالارغا يېقىن كېلىدۇ.

تۆتىنچى مۇرات سەلتەنىتىنىڭ ئاخىرقى سەككىز يىلىدا دۆلەت مىقياسىدا تەرتىپ ـ ئىنتىزامنى يېڭىدىن كۈچكە ئىگە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇ مەزگىلدە ئۆز دەۋرىنىڭ دانىشمەنلىرىدىن كوچى بەگنىڭ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىسلاھاتلارغا دائىر تەكلىپلىرىدىن كۆرىنەرلىك دەرىجىدە پايدىلىنىدۇ. كوچى بەگ مەركىزى قوشۇننىڭ سانىنىڭ ئازايتىلىشى، سەھرادىكى قورۇقچى ئەسكەر سانىنىڭ كۆپەيتىلىشى ۋە كىرىم ـ چىقىم مۇۋازىنىتىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ مەقسەتتە تۆتىنچى مۇرات 1632 ۋە 1633 ـ يىللىرىدا سەھرادىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يېڭىدىن تىزىملىككە ئالدۇرىدۇ. باج تۆلەيدىغانلار سانىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق قورۇقدىلىپ قالغان دۆلەت خەزىنىسىنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە ئادەتتە ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئېلىنىغان ‹ئاۋارىز›ئىسىملىك پەۋقۇلئاددە باجنى نورمال باجغا ئايلاندۇرىدۇ ۋە بۇ باجنى تۆلەيدىغانلارنىڭ سانىنى 120 مىڭغا چىقىرىدۇ. ئىلگىرى تۆت، بەش يىلدا بىر قېتىم يىگىرمە ئاقچە ئېلىنىدىغان باج مىقدارى 40 ئاقچىغا، ئارقىدىن 300 ئاقچىغا چىقىرىلىدۇ. تۆتىنچى مۇرات، كوچى بەگنىڭ ‹قانۇنى قەدىم›يەنى كونا قانۇن دەپ ئاتىلىدىغان، كۆپىنچە فاتىھ سۇلتان مەھمەت ۋە قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرلىرىگە ئىشارەت قىلىدىغان سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش تەكلىپى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەرىۋان ۋە باغدادنىڭ پەتھى قىلىنىشى، ئىدارە ئىشلىرىدا مۇقىملىق ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، دۆلەت تۈزۈمىنىڭ قايتىدىن تەسىس قىلىنىشى ۋە ئوسمانلىنىڭ بىر ئەسكىريي كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشى ئوسمانلى ئىدارە ئورگانلىرىنىڭ تۆتىنچى مۇراتقا ئوخشاش ئىقتىدارلىق بىر پادىشاھنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى شەرت ـ شارائىتلار بىلەن ماسلىشالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

تۆتىنچى مۇرات گويا ئاتىسى بىرىنچى ئەھمەدكە ئوخشاشلا 28 ياش ۋاقتىدا يەللىك بوغۇم ئاغرىقى كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلىدۇ. ئەرىۋان ۋە باغداد يۈرۈشلىرى ئەسناسىدا شەرقىي ئانادولۇدىكى ‹مۇرات سۈيى›نامىنى تۆتىنچى مۇراتتىن ئالىدۇ. تۆتىنچى مۇرات تەرىپىدىن بۇ ئىككى يۈرۈشنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن

ياساتقۇزۇلغان،باغداد ۋە ئەرۋان سارايلىرى،توپقاپى سارىيىدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا. بۇنىڭدىن باشقا 1631- يىلى گالاتا مۇناردىن ئۇسكۇدارغا قاراپ ئۇچۇشقا مۇۋەپپەق بولغان هازەرفەن ئەهمەد چەلەبى ۋە 1633- يىلى بىر روكېت بىلەن ئۇچۇشتا غەلىبە قازانغان لۇگارى هەسەن چەلەبىمۇ تۆتىنچى مۇرات دەۋرىدە يېتىشىپ چىقىپ، ئىلىم تارىخىدىن ئورۇن ئالغان كىشلەردۇر.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى بۆلۈمىنى هۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

Necdet Sakaoğîu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999

M. Cavit Baysun, "Murat IV", İslam Ansiklopedisi, c. 8

M. Zeki Pakalın, Osmanlı Tarih Deyimleri ve Terimleri Sözlüğü,! ve 3 cilt

Mehmet Öz, "II. Viyana Seferine Kadar XVII. Yüzyıl" Türkler, c.9

Osmanlt c.1

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-29

سۇلتان ئىبراهىم ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

«ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «سۇلتان ئىبراھىم (1640-1648)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«سۇلتان ئىبراھىم (1640-1648)»

سۇلتان ئىبراھىم، سۇلتان ئەھمەدنىڭ ئىككىنچى ئوسمان ۋە تۆتىنچى مۇرادتىن كېيىن پادىشاھ بولغان ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، ئانىسى مۇراتنىڭمۇ ئانىسى بولغان كۆسەم سۇلتاندۇر. 1615- يىلى ئىستانبۇلدا دۇنياغا كەلگەن ئىبراھىم، ئاتىسى بىرىنچى ئەھمەدنىڭ 1617- يىلى ئۆلۈپ كېتىشىدىن باشلاپ تاكى تەختكە چىققان 1640- يىلىغا قەدەر 23 يىل قەپەستە ياشايدۇ. بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدىغان بۇ يىللار ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئەڭ بوھرانلارغا دۇچ كەلگەن يىللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىبراھىم قەپەس ھاياتى ئەسناسىدا تاغىسى بىرىنچى مۇستاپانىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلۈشى، ئاكىسى ئىككىنچى ئوسماننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە يەنە بىر قېرىندىشى تۆتىنچى مۇراتنىڭ بىر تۇغقانلىرى بەيازىت، سۇلايمان ۋە قاسىمنى بوغدۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزۈشى قاتارلىق ۋەقەلەرگە شاھىت بولىدۇ، ئىزچىل ھالدا ئۆلتۈرۈلۈش ئەندىشىسى ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ ۋەقەلەر ئىبراھىمنىڭ پىسخىكىسىغا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ كېسىلى ئەقلى مۇۋازىنىتىنى ساقلاپ قالالمىغۇدەك دەرىجىدە ئېغىرلىشىدۇ.

تۆتىنچى مۇرات، 1640- يىلى 28 ياش ۋاقتىدا ۋاپات بولغاندا، ئوسمانلى خانىدانلىقىنىڭ بىردىنبىر ئەر ئەزاسى ئىبراھىملا قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۇلتان تۆتىنچى مۇراتقىمۇ سەدرىئەزەملىك قىلغان كەمانكەش قارا مۇستاپا پاشا بىر خىزمەتچى ئارقىلىق ئۇنىڭ سۇلتان بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يوللىغاندا، ئىبراھىم بۇنى ئۆزىگە قارشى پىلانلانغان بىر سۇيىقەست دەپ قارايدۇ ۋە گويىكى باشقا بىر تۇغقانلىرىغا ئوخشاش تۆتىنچى مۇرات تەرىپىدىن ‹ئۆلتۈرۈلمەن›دەپ ئويلايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ بىر قىسىم مەنبەلىرىدە، سەكراتقا چۈشكەن مۇستاپانىڭ ئىبراھىمنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكى ۋە ئوسمانلى

خانىدانىنىڭ ئورنىغا يېقىنلىرىدىن مۇستاپا پاشانى سۇلتان قىلماقچى بولغانلىقى ياكى قىرىم خانىنىڭ ئوسمانلى پادىشاھى بولۇشى ئۈچۈن ئىستانبۇلغا چاقىرىلغانلىقى شەكلىدىكى رىۋايەتلەرمۇ بار. كۆسەم سۇلتان دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىسى بىلەن ئوغلى ئىبراھىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ سۇلتان بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ئىبراھىم بۇنىڭغا قېرىندىشى تۆتىنچى مۇراتنىڭ جەسىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىشىنىدۇ ۋە قەپەس دېيىلىدىغان يەردىن چىقىپ، سۇلتان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

سۇلتان ئىبراھىم 1648 - يىلىغىچە داۋاملاشقان سەككىز يىللىق سەلتەنىتىنىڭ دەسلەپكى تۆت يىلىدا دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش سالاھىيىتىنى ئاساسەن دېگۈدەك كەمانكەش قارا مۇستاپا پاشاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى قەپەستە ـنەزەربەنت ئاستىدا ئۆتكۈزگەن سۇلتان ئىبراھىممۇ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا خېلىلا تەجرىبىسىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆتىنچى مۇراتنىڭمۇ مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن كوچى بەگ، سۇلتان ئىبراھىم چۈشىنەلەيدىغان شەكىلدە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرىغا دائىر بىر پارچە ئەسەر يېزىپ چىقىدۇ. ئانىسى كۆسەم سۇلتانمۇ دۆلەت ئىشلىرىدىكى نوپۇزىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىبراھىمنىڭ ئوسمانلى خانىدانلىقىنىڭ بىردىنبىر ئەر ئەزاسى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىپ، خانىدانىنىڭ ئاخىرلاشماسلىقى ئۈچۈن بالا تېپىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ ۋە ئوغلىنىڭ ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى سارايدا چۆرىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۆتىنچى مۇراتنىڭ قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى بىر قەدەر كەڭ قويۇۋېتىلگەن بىر تۈزۈم ئىگىلەيدۇ.

..................................................................................

سۇلتان ئىبراھىم دەۋرىدە، تۆتىنچى مۇراتنىڭ سەلتەنىتى ئەسناسىدا ئىران بىلەن ئىمزالانغان تىنچلىق كېلىشىمى يېڭىلىنىدۇ. ئەينى شەكىلدە 1618 –1648 يىللىرى ئارىسىدا ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن ‹30

يىل ئۇرۇشلىرى»ئەسناسىدا قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئاۋستىرىيە بىلەنمۇ تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ.

شىمالدا بولسا، 1637 - يىلىدا رۇسلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى دون دەرياسى بويىدا ياشايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن «دون قازاقلىرى»دەپ ئاتالغان قازاقلار تەرىپىدىن قولغا كىرگۈزۈۋېلىنغان قىرىمدىكى ئازاك قەلئەسى 1642 - يىلى قايتۇرىۋېلىنىدۇ. ئىستانبۇلدىن يولغا چىققان سۇلتانزادە مەھمەت پاشا، رۇس چارىغا بېسىم ئىشلىتىپ، قازاقلارنىڭ ئازاك قەلئەسىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئازاك قەلئەسى ئوسمانلىلار تەرىپىدىن يېڭىدىن كونتروللۇق ئاستىغا ئېلىنىپ ئىنشا قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا پولشانىڭ ھامىيلىقىدىن چىققان ئۇكرائىنا قازاقلىرىنىڭ ئوسمانلى كونتروللۇقى ئاستىدا بىر دۆلەت قۇرۇشلىرىنىڭ تۇنجى قەدىمى بۇ قېتىملىق يۈرۈش ئەسناسىدا ـسۇلتان ئىبراھىم دەۋرىدە بېسىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيەنىڭ قارادېڭىزغا كىرىشى يېرىم ئەسىر كەينىگە سۈرۈلىدۇ.

تاشقى مۇناسىۋەتلەر نۇقتىسىدىن سۇلتان ئىبراھىم دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ مۇھىم ۋەقە شۈبھىسىزكى گىرىتنىڭ پەتھى قىلىنىش ۋەقەسى ھېسابلىنىدۇ. ئوسمانلىلار «30 يىل ئۇرۇشلىرى»يۈزىسىدىن پروتېستان دۆلەتلەر ئالدىدا قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئاۋستىرىيەنىڭ ئورنىغا ۋەنەدىكنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى گىرىتگە قارشى ئەسكىرىي يۈرۈش قىلىش يولى تاللىنىدۇ. ئەسكىرىي يۈرۈشنىڭ مەقسىتىنىڭ مالتا ئىكەنلىكىگە ئىستانبۇلدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئەلچىلىرى ئىشەندۈرۈلىدۇ. 1645 - يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيىدا دېڭىز ئارمىيەسى قوماندانى يۈسۈف پاشا رەھبەرلىكىدىكى 106 پاراخوت يولغا چىقىدۇ. رۇمئەلى، ئانادولۇ ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى ئوسمانلى زېمىنلىرىدىنمۇ 100 مىڭغا يېقىن ئوسمانلى ئەسكىرى قۇرۇقلۇق ئۇرۇشى ئۈچۈن گىرىتكە ئەۋەتىلىدۇ. 50 كۈن داۋاملاشقان مۇھاسىرىدىن كېيىن ھاينا پەتھى قىلىنىدۇ. بۇ ۋەقە ئىستانبۇلدا ئۈچ كېچە ـكۈندۈز تەبرىكلىنىدۇ. لېكىن ئارالنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم قەلئەسى بولغان كاندىيەنى قولغا كىرگۈزۈش مۇمكىن بولمايدۇ. كاندىيە بىلەن بىرلىكتە گىرىتنىڭ بىر پۈتۈن شەكىلدە قولغا كىرگۈزۈلۈشى 24 يىل داۋاملاشقان مۇھاسىرىدىن كېيىن، يەنى 1669 - يىلىغا كەلگەندە

روياپقا چىقىدۇ. ئۇرۇشنى قۇرۇقلۇقتىن بەكرەك دېڭىز تەرەپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، چاناققەلئە بوغۇزىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئارقىلىق ئىستانبۇلنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ۋەنەدىك قارشىسىدىكى ئوسمانلى دېڭىز قىسىملىرىنىڭ ئاجىزلىقى گىرىت يۇرۇشىدىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە سۇلتان ئىبراھىم دەۋرىدە گىرىت، ئوسمانلى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مەشىق مەركىزىگە ئايلىنىدۇ. گىرىتتە ئەنئەنىۋى ئوسمانلى پەتھى سىياسەتلىرى ئىجرا قىلىنمايدۇ، ئانادولۇ ۋە رۇمئەلىدىن مۇسۇلمان تۈركلەر ئارالغا كۆچۈرۈلۈپ يەرلەشتۈرۈلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئوسمانلى ھاكىمىيتى ۋەنەدىك ئىدارىسىدىكى كاتولىكلارنىڭ بېسىمغا دۇچ كەلگەن ئورتودوكسلارغا مەزھەب ئەركىنلىكلىرى بېرىلىدۇ.

..............................................................

سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بىر قىسىم تارىخچى ۋە مۇتەخەسسىس دوختۇرلار، ئۇنىڭ 23 يىللىق «قەپەس»ياكى نەزەربەنت ھاياتى ئەسناسىدا پىسخىك كېسەللىككە دۇچار بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. سۇلتان ئىبراھىم ئاغرىقلىرى سەۋەبىدىن تاماق يېيەلمەيتتى، پات –پات ھۇشىدىن كېتەتتى... داۋالاش ئۈچۈن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلتۈرۈلگەن دوختۇرلار تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك دورىلار، شەربەتلەر ۋە مەجۇنلار تەييارلىنىدۇ. لېكىن ئىبراھىم تولۇق شەكىلدە ساقىيىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرۈشى ۋە ياخشىلىنىشى ئۈچۈن كۈچلۈك نەپەسلىرى بىلەن تونۇلغان ئۇستازلار ئىستانبۇلغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئافرىقىدىن كەلگەن تېۋىپلارمۇ بولىدۇ. ئەمما ھېچكىمنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە جىنجى ئۇستا دېيىلىدىغان سافرانبولۇلۇق ھۇسەيىن ئەپەندىچىلىك تەسىرى بولمايدۇ. جىنجى ئۇستا سارايغا كەلگەندىن كېيىن سۇلتان ئىبراھىمنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشىلىنىشقا باشلىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. 1642 - يىلىدا ئىبراھىمنىڭ تۇنجى ئوغۇل پەرزەنتى مەھمەت دۇنياغا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، جىنجى ئۇستىنىڭ سارايدىكى نوپۇزى كۆرۈنەرلىك

دەرىجىدە ئاشىدۇ ۋە ئىمپېراتورلۇقنىڭ بارلىق دىنىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىش بىلەن بىرگە، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش ئىشلىرىغىمۇ مۇداخىلە قىلىدۇ، نەتىجىدە بۇرۇن قوغلاندى قىلىنغان سۇلايمانىيە مەدرەسىسىگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. سۇلتان ئىبراھىم دەۋرىدە پۈتۈن ئىستانبۇل تىۋىپلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.

سۇلتان ئىبراھىم، كۆڭۈل ئېچىش ۋە ھەدىيە قوبۇل قىلىشقا ئامراق بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىچىك ياشتىكى قىزلارنى سەدرىئەزەم ۋە ۋەزىرلەر بىلەن ئۆيلەندۇرىدۇ. گەرچە بۇ خىل ئادەت بىرىنچى ئەھمەد زامانىدا باشلانغان بولسىمۇ، سۇلتان ئىبراھىم دەۋرىدە ئەقىل قوبۇل قىلمىغۇدەك سەۋىيەگە بېرىپ يېتىدۇ. سۇلتانىنىڭ ئىككى يېرىم ياشلىق قىزى فاتىمە سۇلتان ئەللىك ياشلىق يۈسۈپ پاشا بىلەن رەسمىيەت يۈزىسىدىن نىكاھلاندۇرۇلىدۇ ۋە يۈسۈپ پاشا گىرىتنى پەتھى قىلىش ئىشىغا مەسئۇل قىلىنىپ، ئارالغا ئەۋەتىلىدۇ.

سۇلتان ئىبراھىم دەۋرىدە كۆرۈلگەن ئەڭ غەلىتە ئىشلارنىڭ بىرى قۇندۇز قامىسى بېجىدۇر. قۇندۇز قامىسى خۇمارى بولغان سۇلتان پۈتۈن سارايىنى قۇندۇز قامىسى بىلەن بىزەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇندۇزنىڭ باھاسى قاتمۇ قات ئېشىپ كېتىدۇ. سۇلتان ئىبراھىمنىڭ چىقىمنى تولۇقلاش ئۈچۈن يەنچەرىلەرگىمۇ قۇندۇز قامىسى بېجى قويۇشقا ئورۇنۇشى نەتىجىسىدە 1648- يىلى ئىستانبۇلدا ناھايىتى چوڭ بىر ئىسيان قوزغىلىدۇ. ئۆلىمالار، ئەسكەرلەر ۋە دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابلىرىنىڭ پىكرى، ئانىسى كۆسەم سۇلتانىنىڭ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشى نەتىجىسىدە سۇلتان ئىبراھىم 8- ئاۋغۇست كۈنى تەختتىن چۈشۈرۈلىدۇ ۋە توپقاپى سارىيىدىكى بىر خانىگە قامىلىدۇ ۋە سۇلتانلىق تەختىگە ئالتە ياشلىق ئوغلى مەھمەت تەختكە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىبراھىم بوغدۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

تاغسى بىرىنچى مۇستاپانىڭ ئاياسوفيادىكى قەبرىسىگە تۇتاش بىر قەبرىگە دەپنە قىلىنغان سۇلتان ئىبراھىم دەۋرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئەسىرى سىۋەتچى سارىيىدۇر.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999· Feridun Emecen, "İbrahim", TDVJA, c· 21·

Mehmet Öz, "M· Viyana Seferine Kadar XVII· Yüzyıl" Türkler, c· 9· Osmanlı c· 12·

Erhan Afyoncu, "Deli olan İbrahim değil, Mustafa idi", Hürriyet Tarik


# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-30

## تۆتىنچى مەھمەت ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «تۆتىنچى مەھمەت (1648-1687)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«تۆتىنچى مەھمەت (1648-1687)»

سۇلتان تۆتىنچى مەھمەت سۇلتان ئىبراھىمنىڭ تۇرخان خەدىچە سۇلتاندىن بولغان ئوغلى بولۇپ، 1642-يىلى ئىستانبۇلدا دۇنياغا كېلىدۇ. ئاتىسى سۇلتان ئىبراھىمنىڭ 1648-يىلىدا مومىسى كۆسەم سۇلتاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يەنىچەرى ئىسيانىنىڭ نەتىجىسىدە ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كېيىن، ئالتە ياش چېغىدا تەختكە چىقىرىلىپ، سۇلتانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ. يېشى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن

‹جۇلۇس›ناھايىتى قىسقا ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ئارقىدىنلا سۈننەت تويى بولىدۇ. تەخمىنەن 30 يىللىق جەريان ئىچىدە ئوسمانلى تەختىگە ئولتۇرغان بەشىنچى پادىشاھ بولۇشى ۋە ئاتىسى سۇلتان ئىبراھىمنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىسراپخورلىقى يۈزىسىدىن خەزىنىدە ‹جۇلۇس›ھەدىيەسىگە يەتكۈدەك دەرىجىدە پۇل -پىچەك قالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزغان يەنىچەرىلەر، جۇلۇس ھەدىيەسى تەلەپ قىلمايدىغانلىقلىرىنى ۋەدە قىلىشقان بولسىمۇ، تۆتىنچى مەھمەت تەختكە چىققاندا ئامانلىقنى خەۋپكە ئىتتىرگۈدەك دەرىجىدە جۇلۇس ھەدىيەسى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، بۇ پۇل سۇلتان ئىبراھىم دەۋرىدە ھەر خىل چىرىكلىكلەرگە ئارىلىشىپ، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئىشلىرىدا كۆرىنەرلىك رول ئوينىغان جىنچى ئۇستىنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش يولى ئارقىلىق تەمىنلىنىدۇ.

تۆتىنچى مەھمەتنىڭ سەلتەنىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى يەنىچەرىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن مومىسى كۆسەم سۇلتان بىلەن ساراي خىزمەتچىلىرىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن ئانىسى تۇرخان خەدىچە سۇلتانىنىڭ ئارىسىدىكى مۇجادىلە بىلەن ئۆتىدۇ. كۆسەم سۇلتان 1651- يىلى تۆتىنچى مەھمەتنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ئورنىغا يەنە بىر نەۋرىسى سۇلايماننى تەختكە چىقىرىش پىلانى تۇرخان سۇلتان تەرىپىدىن ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، بوغدۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە بولسا، خەزىنە مائاشلارنى بېرەلمىگۈدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن قىممىتى تۆۋەن كۈمۈش پۇل بېسىپ، ئەسكەرلەرنىڭ مائاشلىرىنى بېرىدۇ، لېكىن سودىگەرلەر قىممىتى تۆۋەن بۇ پۇلنى ئەسكەرلەردىن ئېلىشنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، يەنىچەرىلەر ئىسيان كۆتۈرىدۇ ۋە بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارى دەپ قارىغان 30 كىشىنى 1656- يىلى سۇلتان ئەھمەد مەيدانىدىكى چىنار دەرىخىگە ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ۋەقە تارىخ سەھىپىلىرىدىن ‹چىنار ۋەقەسى›ياكى شەرق مىسالىدىكى ئادەمگىياھ مېۋىسى بېرىدىغان ۋاقۋاق دەرىخىنى كۆزدە تۇتۇپ ‹ۋاقىئايى ۋاقۋاقىيە›دېگەن ئىسىملار بىلەن ئورۇن ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ كۈرەش دۆلەت ئەركانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تالاش-تارتىشلىرىنى ئاساس قىلاتتى. دۆلەت ئەركانى ئاڭلىق ھالدا

دۆلەت ئىشلىرىغا يېتەرلىك دەرىجىدە مۇداخىلە قىلالمايدىغان كىچىك بىر بالىنى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇش بىلەن بىرگە ، ئۇنىڭ ئۇبدان تەلىم ـتەربىيە ئېلىشىغىمۇ تۇسالغۇلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ، دۆلەت ئىشلىرىدىكى نوپۇزى بارغانچە كۈچىيىدۇ. تۆتىنچى مەھمەتنى دۆلەت ئىشلىرىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان بىر قىسىم ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا تۆتىنچى مەھمەتنىڭ قىلىدىغان، قىزىقىدىغان ئىشى ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ خىل قىزىقىشلىرى يۈزىسىدىن تۆتىنچى مەھمەت ئوسمانلى تارىخ مەنبەلىرىدە «ئوۋچى مەھمەت»دەپ خاتىرىلىنىدۇ. تۆتىنچى مەھمەت ئوۋچىلىققا شۇنچىلىك بېرىلىدۇكى، سەلتەنەت دەۋرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئوۋچىلىق قىلىشقا مۇۋاپىق جاي بولغان ئەدىرنەدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخچىلىرى، پايتەخت ئىستانبۇلنىڭ تۆتىنچى مەھمەتنىڭ بۇ ھەۋىسى تۈپەيلى بەكلا تاشلىنىپ قېلىپ، گوياكى بىر يېزىسىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى يازىدۇ. تۆتىنچى مەھمەتنىڭ ئۆۋچىلىق ھەۋىسى ئەدىرنە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى. بەزىدە سلىسترە، شۇمنۇ، فلىبە، تېسېليا ۋە مورا رايونلىرىغىچە سوزۇلىدىغان كەڭ كەتكەن رايونلاردا ئوۋچىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۇرخان سۇلتان 1656- يىلى 15- سېنتەبىردە كۆپرۈلۈ مەھمەت پاشاغا ئالاھىدە ھوقۇق بېرىپ، دۆلەتنى ئوغلى سۇلتان مەھمەتنىڭ نامىدا باشقۇرۇشى ئۈچۈن ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ.

.........................................................................................

تۆتىنچى مەھمەتنىڭ بۇ ئىشتىن كېيىنكى سەلتەنەت دەۋرى «كۆپرۈلۈلەر» دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپرۈلۈ مەھمەت پاشادىن كېيىن ئوغلى فازىل ئەھمەد پاشا ۋە كېيىنچە كىيئوغلى مەرزىفونلۇ قارا مۇستاپا پاشا ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ناھايىتى كەڭ كەتكەن سالاھىيەتلەر بىلەن تۆتىنچى مەھمەت نامىدىن ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنى ئىدارە قىلىدۇ. كۆپرۈلۈ مەھمەت پاشا نوپوزىنى تولۇق شەكىلدە كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن دۆلەت ئىچىدىكى رەقىبلىرىنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئارقىلىق

ئىستانبۇلدىن يىراقلاشتۇرۇش ياكى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر ـ بىرلەپ يوقىتىدۇ. سۇلتان مەھمەتنىمۇ ئەدىرنەدە ئولتۇرۇش ۋە ئوۋ ئوۋلاشقا كۆندۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سۇلتان نامىدىن پايتەخت ئىستانبۇلنىڭ رەسمىي ھۆكۈمدارىغا ئايلىنىدۇ. كۆپرۈلۈ مەھمەت پاشا تەختكە ئولتۇرار ـ ئولتۇرمايلا دۇچ كەلگەن يەنە بىر مەسىلە بولسا، تۆتىنچى مۇرات، سۇلتان ئىبراھىم ۋە تۆتىنچى مەھمەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان قازىزادىلەر ھەرىكىتىدۇر. ئىسمىنى قازىزادە مەھمەت ئەپەندىدىن ئالغان بۇ دىنىي ھەرىكەتنىڭ پىلانلىغۇچىسى بولسا، ئىبنى تەيمىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە 1573 - يىلى ۋاپات بولۇپ كەتكەن مەھمەت ئەپەندىدۇر. بۇ قويۇق مۇتەئەسسىپ بىر ھەرىكەت بولۇپ، تارىخ، پەلسەپە ۋە ماتېماتىكا دېگەندەك پەنلەرنىڭ ئوقۇتۇلۇشىغا قارشى چىقىدۇ، دىنغا كېيىنچە ئېلاۋە قىلىنغان بىدئەتلەرنىڭ تازىلىنىشى پىكرىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە ئىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئۈستىۋانى مەھمەت ئەپەندىنى كۆپرۈلۈ مەھمەت پاشا قىبرىسقا سۈرگۈن قىلىپ، بۇ ھەرىكەتنى ئىستانبۇلدا توختىتىدۇ ۋە بۇ ئىشتىن كېيىن چەت ئەللەردىكى مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلايدۇ. سۇلتان ئىبراھىم دەۋرىدە گىرىتتىكى خانىيانىڭ پەتھى قىلىنىشى ۋە كاندىيەنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنغانلىقى تۈپەيلى ۋەنەدىكلىكلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بوزجائادا ۋە لىمنى ئاراللىرى 1657 - يىلى قايتۇرۇۋېلىنىش بىلەن بىرگە چاناققەلئە بوغۇزى مۇھاسىرىسىمۇ بىكار قىلىپ تاشلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، گىرىتتىكى كاندىيە مۇھاسىرىسىگە ياردەم بېرىلىدۇ. 1658 - يىلى كۆپرۈلۈ مەھمەت پاشا ئەردەل (ترانسلۋانىيە ـ ۋېنگرىيە) رايونىدىكى يانوۋا ۋە ۋاراد قەلئەلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئەردەل مەركەزگە تېخىمۇ كۈچلۈك شەكىلدە باغلىنىدۇ. مەھمەت پاشا بەش يىل ئىچىدە قوشۇن ۋە ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى ئىنتىزاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئەردەل ۋە گىرىت مەسىلىسىدىمۇ ئوسمانلى دۆلىتىنى ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ.

.............................................................

1661- يىلى ۋاپات بولۇپ كەتكەن كۆپرۈلۈ مەھمەت پاشانىڭ ئورنىغا ئوغلى فازىل ئەھمەت پاشا سەدرىئەزەملىككە تەيىنلىنىدۇ. فازىل ئەھمەت پاشا سلوۋاكىيەدىكى ئۇيۋارغا قارشى يۈرۈش قىلىدۇ ۋە ئۇ يەرنى پەتھى قىلىپ، ئاۋستىرىيەلىكلەر بىلەن 1664- يىلى 3- ئاۋغۇست كۈنى ۋاسۋار كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ، شۇنداقلا ئەردەلدىكى ئوسمانلى ھۆكۈمدارلىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. فازىل ئەھمەت پاشا يۇقىرىقى ئىشلاردىن كېيىن دىققىتىنى گىرىتكە مەركەزلەشتۈرىدۇ. 1667- يىلى گىرىتكە بارىدۇ ۋە ئىككى يىل داۋام قىلغان مۇھاسىرىدىن كېيىن 1669- يىلى 5- سېنتەبىر كۈنى كاندىيە قەلئەسىمۇ ئوسمانلىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. 1645- يىلى باشلانغان گىرىتنى پەتھى قىلىش ئۇرۇشلىرى ئارىدىن 24 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ. 1672- يىلى تۆتىنچى مەھمەت ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان يۈرۈش جەريانىدا ھازىرقى ئۇكرائىنانىڭ پودولىئا رايونى پەتھى قىلىنىدۇ ۋە شۇ يىلى ئىمزالانغان بۇجاش كېلىشىمگە ئاساسەن پولشا بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزگەندىن كېيىن ئۇكرائىنادا قازاقلارغا بېرىلىدۇ.

1676- يىلى فازىل ئەھمەت پاشانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ۋەزىرىئەزەملىككە كۆپرۈلۈ مەھمەت پاشانىڭ كىيئوغلى مەرزىفونلۇ قارا مۇستاپا پاشا تەيىنلىنىدۇ. يەنە بىۋاستە پادىشاھ ۋە يېڭى سەدرىئەزەمنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن كىيىۋغا يېقىن دىنېپىر دەرياسى بويىدىكى جەھرىن قەلئەسى پەتھى قىلىنىدۇ.

1681- يىلى رۇسلار بىلەن باغچەساراي كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ، قىرىم ۋە بۇغداندىكى ئوسمانلى ھاكىمىيىتى رۇسىيە تەرىپىدىنمۇ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. مەرزىفونلۇ قارا مۇستاپا پاشا قوماندانلىقى ئارقىسىدا ۋەنەدىك، ئاۋستىرىيە، پولشا ۋە رۇسىيە بىلەن ئېلىپ بېرىلغان مۇجادىلىلەر ئارقىمۇ ئارقا ۋە سۈرئەت بىلەن نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئوسمانلىلار ئارىسىدا ۋېيېننانى ئىككىنچى قېتىم مۇھاسىرىگە ئېلىش مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە كېلىدۇ.

لېكىن ئوسمانلى قوشۇنى 1683 - يىلىدىكى ۋىيانا يۇرۇشىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. تۇرخان سۇلتانىنىڭ ۋاپات بولۇشىدىن كېيىنكى بۇ مەغلۇبىيەت سەۋەبىدىن مەرزىفونلۇ قارا مۇستاپا پاشا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. تۆتىنچى مەھمەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت يىللىق سەلتەنىتى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ كۆپلىگەن زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى بىلەن ئۆتىدۇ. ۋەنەدىكلىكلەر ئايا ماۋرا ئارىلىنى قولغا كىرگۈزۈش بىلەن بىرگە مورادا پرەۋەزە، كورون، مودون، ئاناۋارىنىي، ئارقىدىن ئاتىنانى كونتروللۇقى ئاستىغا ئالىدۇ. بوسنىيە ۋە ئالبانىيەگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاۋستىرىيە قوشۇنى ۋېنگىرىيەگە كىرىپ، پېشتە، پولشانى، گېرمان قوشۇنى بۇدىنىنى قولغا كىرگۈزىدۇ. بۇ مەغلۇبىيەتلەر ئوسمانلىلارنىڭ ياۋروپادىكى يېڭىلمەسلىك دەۋرىگە خاتىمە بېرىش بىلەن بىرگە، زېمىنلاردىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭمۇ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۆتىنچى مەھمەت تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، شەمشادلىق ئۆيگە قاملىدۇ ۋە قېرىندىشى ئىككىنچى سۇلايمان 1687 - يىلىدا تەختكە ئولتۇرغۇزىلىدۇ. تۆتىنچى مەھمەت 1692 - يىلى ۋاپات بولىدۇ.

تۆتىنچى مەھمەت دەۋرىدە دۇنيا مىقياسىدا تونۇلغان ئىككى قىممەتلىك يازغۇچى يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچى 1611 - 1685 - يىللىرى ئارىسىدا ياشىغان ئەۋلىيا چەلەبى بولۇپ، ئۇ گېرمانىيەدىن ئىرانغىچە، قىرىمدىن سۇدانغىچە بولغان كەڭ كەتكەن رايوننى ئايلىنىپ چىقىپ، بارلىق ئوسمانلى تارىخچىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان 12 جىلدلىق مەشھۇر ساياھەتنامىسىنى يېزىپ چىقىدۇ. يەنە بىرى غەربتە ھاجى قالفا دېگەن نام بىلەن تونۇلغان، 1608 - 1657 - يىللىرى ئارىسىدا ياشاپ ئۆتكەن كاتىب چەلەبىدۇر. ئۇنىڭ 10 مىڭ ئىسلام يازغۇچىسى قەلەمگە ئالغان 14500 ئەسەرنى تونۇشتۇرغان بىبلوگرافىك ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى شەرق ۋە غەربتە تۈركىلوگىيە ۋە شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىدا مەنبە كىتاب سۈپىتىدە پايدىلىنىلماقتا. قۇرۇلۇشى 1597 - يىلى باشلىنىپ 1663 - يىلى پۈتكەن ئەمىنۆنۈدىكى يېڭى جامە تۆتىنچى مەھمەت دەۋرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي ئەسەر بولۇپ، تۆتىنچى مەھمەتنىڭ قەبرىسى بۇ يەردىدۇر.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ ئوتتۇزىنچى بۆلۈمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul i'999

Semiramis Çavuşoğlu, "Kadızadeliler", T·D·Vİslam Ansiklopedisi, c·

Abdülkadir Özcan, "Mehmed IV", T·D:V İslam Ansiklopedisi, c· 28·

İeltmet Öz, "II· Viyana Seferine Kadar XVII· Yüzyıl" Türkler, c·9·

Osmanlı c·12


# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-31

## ئىككىنچى سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئىككىنچى سۇلايمان (1687-1691)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىككىنچى سۇلايمان (1687-1691)»

ئىككىنچى سۇلايمان سۇلتان ئىبراھىمنىڭ دىلاشۇب خانۇنىدىن بولغان ئىككىنچى ئوغلىدۇر. سۇلتان ئىبراھىمنىڭ تۆتىنچى مەھمەت ۋە ئىككىنچى ئەھمەت بىلەن بىرلىكتە ئوسمانلى تەختىگە چىققان ئۈچ ئوغلىنىڭ بىرىدۇر. ئۆزىدىن پەقەت ئۈچ يېرىم ئايلىق چوڭ بولغان ئاكىسى تۆتىنچى مەھمەت 1648-يىلى تەختكە ئولتۇرغىنىدا، ئىككىنچى سۇلايمان ئۇچۇن باشقا بىر تۇغقىنى ئەھمەت بىلەن بىرلىكتە توپقاپى

ساراينىڭ شەمشادلىق بۆلۈمدە 39 يىل داۋام قىلغان قاماق ھاياتىنى باشلىغان بولىدۇ. كۆسەم سۇلتانىنىڭ 1651 - يىلى تۆتىنچى مەھمەتنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ئورنىغا ئىككىنچى سۇلايماننى پادىشاھ ئېلان قىلىش پىلانىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن كېيىن، نەزەربەنت ئاستىدا ياشاۋاتقان ئىككىنچى سۇلايماننىڭ ئۇستىدىكى بېسىملار تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەلتەنەت ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىستانبۇلنىڭ سىرتىدا –ئەدىرنەدە ئۆتكۈزگەن تۆتىنچى مەھمەت ئۆزىگە قارشى ئىستانبۇلدا ئوتتۇرىغا چىقىش ئېھتىمالى بولغان سىياسي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر تۇغقىنى سۇلايمان ۋە ئەھمەتنى ئەدىرنەگە ئەۋەتىدۇ. ھەتتا تۆتىنچى مەھمەت ياۋروپاغا قاراتقان يۈرۈشلىرى ئەسناسىدىمۇ قېرىنداشلىرىنى قەپەسكە سولاپ بىرلىكتە ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن 1683 - يىلىدىكى ۋىيېنا مەغلۇبىيىتىدىن كېيىنكى بېسىملار نەتىجىسىدە ئىستانبۇلغا قايتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان تۆتىنچى مەھمەت بىر تۇغقانلىرىنى ئىستانبۇلغا ئېلىپ كېلىپ، شەمشادلىقتىكى قەپەس بۆلمىسىگە نەزەربەنت قىلىدۇ.

ئىككىنچى ۋىيېنا مەغلۇبىيىتىدىن كېيىنكى تۆت يىل ئىچىدە ئاۋستىرىيە، پولشا، رۇسىيە ۋە ۋەنەدىكلىكلەرنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىغان ئوسمانلى دۆلتى ناھايىتى كۆپ زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. 1687 - يىلى قوشۇنىنىڭ پۈتۈن ۋىنگىرىيەنى قولدىن بېرىپ قويۇشىغا سەۋەب بولغان ئېغىر مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن ئەدىرگە قايتىپ، تۆتىنچى مەھمەتكە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىسيان ئەسناسىدا دۆلەت ئەركانى ۋە ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن ئىككىنچى سۇلايمان پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ قارار ئىككىنچى سۇلايمانغا يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ بۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش يولىدا پىلانلانغان بىر سۇيىقەست دەپ ئويلايدۇ، لېكىن كۆپ ئۆتمەي ئۆزىنىڭ سۇلتان بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. تارىخي مەنبەلەردە ئىككىنچى سۇلايمان خەيىر سۆيەر، سوغۇققان بىرى دەپ تەرىپلىنىش بىلەن بىرگە، كۈچلۈك نوپۇزغا ئىگە ئەمەسلىكى ۋە ئەتراپىدىكىلەر تەرىپىدىن مۇئەييەن نۇقتىلارغا بۇرىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قەپەس ھاياتىغا مەھكۇم قىلىنغانلىقى ئۈچۈن تەلىم –تەربىيە ئىشلىرىنى توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر

بولۇپ قالىدۇ. لېكىن سۇلتان بولغاندىن كېيىن پادىشاھ بولغان باشقا ئوسمانلى خاندانلىقى ئەزالىرىنىڭ ئەكسىچە، ئىلىم ئىگىلەش ئىشلىرىنى سۇلتان بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك تەلىم-تەربىيە كۆرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سۇلايمانىيە مەدرەسەسى مۇدەررىسلىرىدىن ئەرەبزادە ئابدۇلۋاھاب ئەپەندىنى ئۆزىگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. نويابىر ئېيىدا تەختكە ئولتۇرغان ئىككىنچى سۇلايمان دېكابىر ئېيىنىڭ بېشىدا ئەييۇب سۇلتانغا بېرىپ قىلىچ ئۇيىنىتىدۇ.

........................................................................

لېكىن ئىككىنچى سۇلايماننىڭ سەلتەنىتىنىڭ دەسلەپكى تۆت ئېيى ئىستانبۇلدا ھەقىقىي مەنىدىكى پالاكەتلەر دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. دۆلەت خەزىنىسىدىن ئەسكەر ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بېرىلىدىغان «ئۇلۇفە» دەپ ئاتىلىدىغان مائاشلارنى ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇشلار يۈزىسىدىن تۆلىيەلمەي قالىدۇ. خەزىنىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغان بولۇشىغا قارىماي، يەنىچەرىلەر مائاشلىرى بىلەن بىرلىكتە جۇلۇس ھەدىيەلىرىنى تەلەپ قىلىپ، سارايغا قاراپ يۈرۈشكە ئۆتىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، سارايدا بار بولغان ئالتۇن-كۈمۈشكە ئوخشاش قىممەتلىك ماددىلار ئېرىتىلىپ، پۇل باستۇرۇلىدۇ. لېكىن بۇ پۇلمۇ جۇلۇس ھەدىيەسى ئۈچۈن يېتىشمەي قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇش پەيتلىرىدە ياكى جىددىي ئەھۋاللاردا «سەپەرى ئىمدادىيە» نامى ئاستىدا توپلىنىدىغان باج، بۇ قېتىم ئىستانبۇلنىڭ بايلىرىدىن «ئىمدادىيە» نامى ئاستىدا ئەسكەرلەرگە جۇلۇس ھەدىيەسى بېرىش ئۈچۈن توپلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، يەنىچەرىلەر ئىستانبۇل سودا-سانائەتچىلىرىنى مۇسۇلمان، غەيرى مۇسۇلمان دېمەستىن بولاڭ-تالاڭ قىلىدۇ. نەتىجىدە ئىستانبۇل خەلقى يەنىچەرىلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. خەلقنىڭ سېپىدىن ئورۇن ئالغان ئىككىنچى سۇلايمان يەنىچەرىلەرنىڭ باشلامچىلىرىنى دارغا ئېسىپ، 1688-يىلى قايتىدىن ئىستانبۇلدا تەرتىپ-ئىنتىزامنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ئىككىنچى سۇلايمان دەۋرىدە ئوسمانلى باج ۋە پۇل تارىخى نۇقتىسىدىن مۇھىم ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنىڭ بىرى، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئېتىبارەن ئىشلىتىلىشكە باشلىغان ۋە ھازىرغا قەدەر تېپىلغان 1327 - يىلى بېسىلغان ئەڭ قەدىمىي ئوسمانلى پۇل بىرلىكى «ئاقچا» نى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا 1688 - يىلى يېڭى پۇل بىرلىكى سۈپىتىدە قۇرۇشنى قوبۇل قىلىشىدۇر. ئاقچا دەپ ئاتىلىدىغان 1142 گرام ئېغىرلىقتىكى ئوسمانلى سىككىسىنىڭ ئېغىرلىقى، ئارىدىن 361 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قىممىتى ۋە قىزىل رەقەملەر يۈزىسىدىن 1688 - يىلى 188٠0 گرامغا چۈشۈپ قالىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، 1327 - يىلى تەخمىنەن 307 گرامغا توغرا كېلىدىغان 100 دەرھەملىك 269 دانە كۈمۈش سىككە بېسىلسا، 1688 - يىلغا كەلگەندە ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى كۈمۈشتىن 1700 سىككە بېسىلىدۇ. ئوسمانلى ئاقچىسى 361 يىل جەريانىدا قىممىتىنى تەخمىنەن 6 يېرىم ھەسسە يوقىتىپ قويىدۇ. ئاقچا شۇنچىلىك يەڭگىللەپ كېتىدۇكى، تېخىمۇ تۆۋەنلىتىش ئىمكانىيىتى قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقچىنىڭ ئورنىغا يەنە كۈمۈشتىن كېسىپ تەييارلانغان پۇل بىرلىك قۇرۇش قوبۇل قىلىنىدۇ. قۇرۇش نامىنى غەرب ئەللىرىدە 8 - ئەسىردىن بۇيان بېسىلىپ كەلگەن، ئىتالىيەدە گروسسو، ئوتتۇرا ياۋروپادا گروسچېن دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان پۇل بىرلىكىدىن ئالىدۇ. دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوسمانلىلار گۇرۇش دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان بۇ سۆز ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قۇرۇش» دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ ۋە ئوسمانلى دۆلىتىدە يېڭى بىر پۇل بىرلىكى سۈپىتىدە لىرا بېسىلغان 1879 - يىلغا قەدەر 191 يىل ئىشلىتىلىدۇ. 1688 - يىلى ئۆز دەۋرىنىڭ ھازىرقى دوللىرى ئورنىدىكى ئالتۇندىن بېسىلغان بىر ۋەنەدىك دۇكاسى 160 ئاقچە ئورنىدا قوبۇل قىلىنىدۇ. بىر قۇرۇشقا 80 ئاقچە قىممىتى بېرىلىدۇ. قۇرۇشنىڭ قىرىقتىن بىرىگە تەڭ ئىككى ئاقچە قىممىتىدىكى كىچىكلىرى بولسا، پۇل دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما بۇ، قىممىتىگە كۆرە ئاتىلىشى بولۇپ، بازارلاردا فلورىنىنىڭ قىممىتى خېلىلا يۇقىرى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قۇرۇش، كلاسسىك ئوسمانلى پۇل بىرلىكى بولغان ئاقچىنىڭ ئورنىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىگىلەيدۇ. ئاقچە بولسا

پەقەت ھېساۋاتلاردا قوشۇمچە ئىشلىتىلىدىغان، ئەمەلىيەتتە بازارلاردا سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلمەيدىغان بىر خىل پۇل بىرلىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىككىنچى سۇلايمان دەۋرىدە ئوسمانلى پۇل تارىخى ساھەسىدە كۆرۈلگەن يەنە بىر ئىش، مىس پۇلنىڭ بېسىلىشىدۇر. ئوسمانلى تارىخىدا سۇلتان ئورھان زامانىدىن بېرى «مانگىر» دەپ ئاتىلىدىغان مىس پۇل ئاقچا بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلمەكتە ئىدى. ئىككىنچى سۇلايمان دەۋرىدە ئىقتىسادىي كىرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1688 - يىلى 12 - سېنتەبىردە ئىستانبۇلنىڭ تاۋشانتاش رايونىدا بىر پۇل بېسىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، «مانگىر» نامى ئاستىدا ئىككى ئاقچىنىڭ قىممىتىدىكى مىس تەڭگىلەر بېسىلىدۇ. لېكىن، ئالدامچىلارنىڭ بۇ پۇلنىڭ ساختىلىرىنى بېسىپ بازارغا سېلىشى نەتىجىسىدە 1691 - يىلى كۈز ئايلىرىدا مانگىرلارنى بېسىشنى توختىتىدۇ.

..............................................................................

ئىككىنچى سۇلايمان مالىيە ساھەسىدە، بولۇپمۇ باج ئىشلىرىدا يېڭىلىقلار كۆرۈلىدۇ. باجلارنىڭ يىغىلىدىن تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە ئۇنى يىغىش ئىشلىرىغا ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ ئۆزگەرتىشلەر كۆپرۈلۈزادە فازىل مۇستاپا پاشا تەرىپىدىن روياپقا چىقىرىلىدۇ. خۇسۇسەن ئۇرۇش پەيتلىرىدە قول ـ ئىلكىدە بار كىشىلەردىن نەق پۇل شەكلىدە ئېلىنىدىغان «ئاۋارىز خانىسى» بېجى ئىزچىل ئېلىنىدىغان نورمال باجغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 1692 - يىلى خامچوتىنىڭ تەخمىنەن 22% نى ئاۋارىز بېجى ئارقىلىق قامدايدۇ. قوشۇننىڭ ھەربىي يۈرۈش ئەسناسىدا لەڭگەر قىلغان جايلىرىدا «نۇزۇل (يەنى چۈشۈش)» ياكى «نۇسرەت» نامى ئاستىدا بۇغداي، ئۇن ۋە ياغ شەكلىدە توپلىنىدىغان باج نەق پۇل شەكلىدە توپلىنىشقا باشلىنىدۇ. دىنىي ئورگانلارغا مالىيە جەھەتتىن بېرىلگەن ئىمتىياز ۋە كەچۈرۈملەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. مۇناستىر ۋە جامەلەرگە بېرىلگەن كەچۈرۈم قىلىش ھەقلىرى بىكار قىلىنىدۇ،

ۋەقفلەرنىڭ كىرىملىرىدىن باج ئېلىنىشقا باشلىنىدۇ. بۇ خىل تەدبىرلەر نەتىجىسىدە ئومۇمىي كىرىم نۇقتىسىدىن مالىيە ئاساسەن ئىككى ھەسسە ئاشىدۇ.

ئەسكىرىي ساھەدە بولسا، ئاۋستىرىيە، رۇسىيە ۋە ۋېنەدىك بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئوسمانلى دۆلىتى، ۋېنگىرىيەدە ئەگرى قەلئەسىنى، 1688- يىلى سېربىيەدە بېلگراد، نىش، بۇلغارىيەدە ۋىدىن، گىلادوۋا (فەتھۇل ئىسلام)، ماكېدونىيەدە ئۈسكۈپ، ئالبانىيەدە بېرات (يىپەك) ۋە ئاۋلونىيا ۋىلايەتلىرىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدۇ. مۇسۇلمانلار ئانادولۇغا قاراپ كۆچۈشكە باشلايدۇ، لېكىن 1689- يىلى كۆپرۈلۈ فازىل مۇستاپا پاشانىڭ ئىككىنچى قېتىم ۋەزىرىئەزەم بولۇشى بىلەن، ئوسمانلىلار قايتىدىن ئالدىنقى سەپلەردە غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ. 1689- يىلى قىرىمغا ھۇجۇم قىلغان رۇسىيە قىرىم خانى سەلىم گىراي تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنىدۇ. ۋېنەدىكلىكلەر تەرىپىدىن مۇھاسىرە قىلىنغان ئەگرىبوز ئارىلى ناھايىتى ياخشى مۇداپىئە قىلىنىپ، ئوسمانلىلارنىڭ قولىدا قالىدۇ. مورا ۋە رودوس دېڭىز تەۋەلىكلىرىدە ۋېنەدىك دېڭىز قىسمىلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىلىدۇ. 1690- يىلى گىلادوۋا، نىش، بېلگراد، 1691- يىلى بولسا، ئاۋلونىيا قايتۇرىۋېلىنىدۇ. بۇ غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەسكىرىي يۈرۈشلەرگە كېسەللىكى سەۋەبىدىن پەقەت سوفىياغىچىلا ئىشتىراك قىلىپ قوللىغان ئىككىنچى سۇلايمان بولسا، ئارقىدا ھېچقانداق پەرزەنت قالدۇرماستىن ئىستىسقا كېسىلىگە دۇچار بولۇپ، 1691- يىلى ئىيۇن ئېيىدا ۋاپات بولىدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئوتتۇز بىرىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Nicolae Jorga, Osmanlı İmparatorluğu Tarihi, İstanbul 2005·

Mustafa Öztürk, 'Genel Hatlalrıyla Osmanlı Para Tarihi' Türkler, c· 10·

Halil Sahillioğlu, 'Avariz' TDVİA, c· 4·

Halil Sahillioğlu, 'Akçe' TDVİA, c· 2·

Oğuz Teki, 'Mangır', TDVİA, c· 27·

M· Zeki Pakalın, Osmanlı Tarih Deyimleri ve Terimleri Sözlüğü, 1 ve 3 cilt·

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999·

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى -32

ئىككىنچى ئەھمەت ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئىككىنچى ئەھمەت (1691-1695)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىككىنچى ئەھمەت (1691-1695)»

سۇلتان ئىككىنچى ئەھمەت، سۇلتان ئىبراھىمنىڭ تۆتىنچى مەھمەت ۋە ئىككىنچى سۇلايماندىن كېيىن پادىشاھ بولغان ئۈچىنچى ئوغلىدۇر. 1691- يىلى سەدرىئەزەم كۆپرۈلۈ فازىل مۇستاپا پاشانىڭ ئاۋستىرىيە يۈرۈشىگە ئاتلىنىشىدىن كېيىن بىئاراملىق ھېس قىلغان پادىشاھ، ئىككىنچى ئەھمەتنى ئىككىنچى سۇلايمان بىلەن بىرلىكتە ئەدىرنەگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئىككىنچى ئەھمەت بىلەن بۇرۇن پادىشاھ بولغان ئاكىسى تۆتىنچى مەھمەتمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پادىشاھ ئىستانبۇلدا چېغىدا ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ تەختكە چىقىرىلمىسۇن دەپ، ساندۇق ھارۋا بىلەن ئەدىرنەگە ئېلىپ كېلىنگەنىدى. دەرۋەقە بۇ

تەدبىرلەرىنىڭ ئورۇنلۇق بولغانلىقى 1691- يىلى 22- ئىيۇل كۈنى پادىشاھ ئىككىنچى سۇلايمان ۋاپات بولغاندا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

دۆلەت ئەركانى تۆتىنچى مەھمەتنىڭ ئوغلى ئىككىنچى مۇستاپانى ئەمەس، سۇلايماننىڭمۇ قېرىندىشى بولغان ئىككىنچى ئەھمەتنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى ئەھمەت بەش يېشىدىن باشلاپ تولۇق 43 يىل بويىچە شەمشادلىقتىكى خانىسىدە نەزەربەنت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان بىرى ئىدى. تەختكە ئولتۇرغاندا 48 ياشقا كىرگەن ئىككىنچى ئەھمەت، شۇ چاغقىچە تەختكە ئولتۇرغان ئوسمانلى سۇلتانلىرىنىڭ ياشتا ئەڭ چوڭى ئىدى. ئەدىرنەدە تەختكە ئولتۇرۇپ، پەقەت ئۈچ يېرىم يىللا سەلتەنەت سۈرگەن ئىككىنچى ئەھمەت ئىستانبۇلغا پەقەت بېرىپ باقماي، ھاياتىنى ئەدىرنەدە ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئەدىرنەدە تۇرۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرىنىڭ، دۆلەت ئەركانىنىڭ پادىشاھنى ئىستانبۇلدىكى سارايىنىڭ تەسىرىدىن قۇتقۇزۇش تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىش مۇمكىن.

ئۇ، فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ ئىستانبۇلنى پەتھى قىلىشىدىن كېيىن ئەدىرنەدە تەختكە ئولتۇرغان تۇنجى پادىشاھتۇر. ئىستانبۇلنىڭ پەتھى قىلىنىشىدىن ئىلگىرى ئوسمانلى سۇلتانلىرىنىڭ بىر قىسمىلىرى ئەدىرنەدە تەختكە ئولتۇرغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچى مۇراتتۇر. ئىككىنچى ئەھمەت تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ تەسىرىدە، گوياكى ئىككىنچى مۇراتقا ئوخشاشلا 1691- يىلى 23- ئىيۇن كۈنى ئەدىرنە سارىيىدا جۇلۇس مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ئوسمانلى رەسمىي مۇراسىملار تارىخىدا كۆپىنچە ئىستانبۇلدىكى ئەييۇب رايونىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىلىچ ئۇيىنش مۇراسىمى بولسا، 1691- يىلى 13- ئىيۇل كۈنى ئەدىرنە كونا جامەدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. سۇلتان ئەدىرنەدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، سەدرىئەزەم، ۋەزىر ۋە دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقا ئەمەلدارلىرىمۇ ئەدىرنەگە بارىدۇ ۋە ئۈچ يېرىم يىل بويىچە ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى ئىستانبۇلدىن ئەمەس، ئەدىرنەدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. ئۇ مەزگىلدە ئەدىرنە مەدەنىيەت

جەھەتتىن ئىستانبۇلدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرمايتتى. چۈنكى بىرىنچى مۇرات دەۋرىدىن ئېتىبارەن ئەدىرنەدە ناھايىتى كۆپ ئوسمانلى بىناكارلىق ئەسەرلىرى ۋۇجۇدقا چىقىرىلغانىدى.

نەزەربەنت ئاستىدا ئىككىنچى ئەھمەت بىلەن بىرلىكتە ئەدىرنەگە كەلتۈرۈلگەن بۇرۇنقى پادىشاھ تۆتىنچى مەھمەت 1692- يىلى دېكابىر ئېيىدا ۋاپات بولىدۇ. لېكىن جىنازىسى ئەدىرنەدە ئەمەس، ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلۈپ ئەمىنئۆنۈدىكى يېڭى جامەنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

.........................................................................

ئىككىنچى ئەھمەت دەۋرىدە ئىلگىرى باشلانغان ئاۋستىرىيە، پولشا ۋە ۋەنەدىك ئۇرۇشلىرى داۋام قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشلاردىن بولۇپمۇ ئاۋستىرىيەلىكلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارنىڭ ئىككىسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى 1691- يىلى چىققان سالانكامەن ئۇرۇشىدۇر. ئۇرۇشقا نامى بېرىلگەن سالانكامەن، ھازىرقى بېلگرادنىڭ شىمالىغا جايلاشقان تۇنا دەرياسى بويىدىكى بىر جايدۇر. ئوسمانلى قوشۇنىنىڭ قوماندانى كۆپرۈلۈ فازىل مۇستاپا پاشا ئىدى. سوفيا ئەتراپىدىكى چېغىدا يېڭى پادىشاھ ئىككىنچى ئەھمەت، فازىل مۇستاپا پاشانىڭ مەۋجۇت ھوقۇقىنى يېڭىلايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتى 1683- يىلىدىكى ئىككىنچى ۋىيېننا مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، يەنە ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىغان بولۇشىغا قارىماي، كۆپرۈلۈ مۇستاپا پاشا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىدىن كېيىن، سۈرئەت بىلەن، ئوسمانلى قوشۇنى سېپىدىكى ئىنتىزامنى كۈچەيتىدۇ ۋە ئوسمانلىلارنىڭ رەقىبلىرى بولغان ئاۋستىرىيە ۋە ۋەنەدىكلىكلەرنى مەغلۇب قىلىشقا باشلايدۇ. فازىل مۇستاپا پاشا قوماندانلىقى ئاستىدىكى ئوسمانلى قوشۇنى ئەدىرنە –سوفيا –نىش يولىنى بويلاپ، 20- ئىيۇل كۈنى بېلگرادقا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يول تارىختا «ۋىئا ملىتارىس» يەنى ئەسكىري يول دەپ ئاتىلىدۇ ۋە روماللىقلار، ۋىزانتىيەلىكلەر تەرىپىدىنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئوسمانلىلار بولسا، بۇ

يولنى «ئانا يول» دەپ ئاتايدۇ؛ ۋېنگىرىيە ۋە ئاۋستىرىيە ئارقىلىق غەربكە قىلىغان يۈرۈشلىرى ۋە سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىدا كۆپلەپ پايدىلىنىدۇ. بادەنلىك لۇئىس ۋىلىيام قوماندانلىقى ئاستىدىكى ئاۋستىرىيە ـ گېرمان قوشۇنى بىلەن ئوسمانلى ئەسكەرلىرى 1691 - يىلى 19 - ئاۋغۇست كۈنى سالانكامەندە قارىمۇ قارشى ھالغا كېلىدۇ. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە ئوسمانلى قوشۇنى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن فازىل مۇستاپا پاشانىڭ ئەسكەرلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە مەيدانغا چۈشۈپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان بىر پەيتتە ئاۋستىرىيە تەرىپىدىن ئېتىلغان بىر پاي ئوقنىڭ تېگىپ كېتىشى نەتىجىسىدە شېھىت بولۇشى ۋە بۇ خەۋەرنىڭ ئەسكەرلەر ئارىسىدا تارقىلىشى نەتىجىسىدە ئوسمانلى قوشۇنى سېپىدىكى قوماندان ـئەسكەر ھالقىسى ئاجىزلاپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان ئوسمانلىلار سالانكامەن ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولىدۇ. بېلگرادقا چېكىنگەن ئوسمانلى قوشۇنى توپ ئوقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن قورال ـياراغلىرىنى ئۇرۇش مەيدانىدا تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئوسمانلى مالىيە سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلغان ۋە قوشۇننى قايتىدىن غەلىبە قىلالىغۇدەك ھالغا كەلتۈرگەن فازىل مۇستاپا پاشانىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلۈپ كېتىشىمۇ، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىش سۈرئىتىنى تېزلەتكەن ۋەقەلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

.....................................................................

ئوسمانلىلار، ئوتتۇرا ياۋروپادا ئاۋستىرىيەلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئاق دېڭىزدىمۇ ۋەنەدىكلىكلەر بىلەن كۈرەش قىلماقتا ئىدى. ئوسمانلى قوشۇنلىرىنىڭ ھازىرقى سېربىيەنىڭ تۇنا بويىدىكى ئىككىنچى چوڭ شەھىرى نوۋى ساد پېتېرۋاراندىنغا يۈرۈش قىلىشنى پۇرسەت دەپ بىلگەن ۋەنەدىكلىكلەر، ساكىز ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاۋستىرىيە يۈرۈشىنىڭ داۋام قىلىۋاتقان بولۇشى ۋە بۇ يەردىكى ئوسمانلى كۈچلىرىنىڭ پېتېرۋاراندىن يۈرۈشكە قاتنىششى يۈزىسىدىن مۇداپىئە كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەن ساكىز ئارىلىنى ۋەنەدىكلىكلەر ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قولغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. ئىككىنچى

ئەھمەت ساكىزنىڭ تەكرار قولغا كىرگۈزۈلۈشى ئۈچۈن بۇيرۇق قىلىدۇ. ساكىز ئارىلى 1695 - يىلى قايتىدىن ئوسمانلىلارنىڭ قولغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئىككىنچى ئەھمەت ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ غەلىبىدىن خەۋەر تاپالمايدۇ. ئاۋسترىيە ئالدىنقى سەپتە بولسا، پېتېرۋاراندىنغىچە ئىلگىرىلىگەن ئوسمانلى قوشۇنى قۇرۇقلۇق ۋە دەريا تەرەپتىن بۇ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ، لېكىن مۇداپىئەسىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ۋە قىش مەۋسۇمىنىڭ كىرىپ قېلىشى سەۋەبىدىن شەھەرنى قولغا كىرگۈزمەيلا بېلگرادقا قايتىدۇ.

ئىككىنچى ئەھمەت دەۋرىدە، يەنى 1695 - يىلى مالىيە ساھەسىدە تەسىرى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشىگىچە داۋام قىلغان «مالىكخانە» دەپ ئاتالغان بىر خىل سىياسەت يولغا قويۇلىدۇ. بۇ سىياسەت دۆلەت «مۇقاتائا» دەپ ئاتايدىغان ئىقتىسادىي پائالىيەت نەتىجىسىدە قولغا كىرگۈزۈلگەن پايدىدىن ئېلىنىغان باجنىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى يىلىدا ئەمەس، ئۆمۈر بويى دۆلەتكە تۆلەشكە ۋەدە بەرگەن «مۇلتەزىم» دەپ ئاتىلىدىغان كىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشىدۇر. مۇلتەزىم بۇ كېرىم مەنبەسىنى دۆلەت نامىدىن ئېلىپ، ئۆمۈر بويى ئۆز نامىدىن ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈشىنىڭ بەدىلىگە «مۇئەججەلە» نامى ئاستىدا دۆلەتكە مۇئەييەن مىقداردىكى باجنى نەق تۆلەيدۇ. تۆلەنگەن نەق مىقدار كېرىمنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. «مالىكخانە» تۈزۈمىنى ھازىرقى كۈندىكى بىر خىل «خۇسۇسىيلاشتۇرۇش» ھەرىكىتى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. خۇسۇسىيلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئېلىنىغان نەق پۇللارنىڭ سايىسىدا ئوسمانلى خامچوتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدۇ. ئىمپېراتورلۇق تەۋەلىكىدە ئومۇملاشقان مۇقاتائا دېيىلىدىغان بۇ خىل كىرىملەردە مالىكخانە تۈزۈمى ئومۇملىشىپ، بارلىق ساھەلەردە ئىجرا قىلىنىدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشكە مالىكخانە تۈزۈمى، ئۇزۇن زامان قاتلىمى ئىچىدە بىر قىسىم سەلبىي ئەھۋاللارنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دۆلەتكە مۇئەييەن مىقداردا نەق پۇل بېرىپ، بۇ يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزگەن مۇلتەزىملەر دۆلەتكە

تۆلگەن پۇلنى تېخىمۇ كۆپ مىقداردا ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، بۇ ساھەدىكى كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئىشلەش ۋە تېخىمۇ كۆپ باج تۆلەشكە مەجبۇرلايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئادىللىق پىرىنسىپى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرايدۇ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەتكە بولغان ئىشەنچىسى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كېيىنكى مەزگىللەردە «ئايان» دەپ ئاتالغان يەرلىك بايلارنىڭ ئىمپېراتورلۇقنىڭ سەھرالىرىدا ئوتتۇرىغا چىقىشلىرىغا سەۋەب بولىدۇ ۋە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايان قاتلىمى دۆلەتنىڭ مەركىزى كۈچى بىلەن توقۇنۇشىدىغان ھالغا كېلىدۇ.

ئىككىنچى ئەھمەت شۇ چاغقىچە ئۆتكەن ئوسمانلى سۇلتانلىرى ئارىسىدىكى قوشكېزەك پەرزەنتى بولغان بىردىنبىر سۇلتان بولۇپ، بۇ قوشكېزەكلەردىن سەلىم 1693 - يىلى، ئىبراھىم بولسا، 1714 - يىلى ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. 1695 - يىلى ئوسمانلى خاندانلىقى ئەزالىرى ئىچىدە كۆپلەپ كۆرۈلگەن ئىستىسقات كېسەللىكى تۈپەيلى ئەدىرنەدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىككىنچى ئەھمەت ئىستانبۇلغا ئەۋەتىلىپ، قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ قەبرىگاھىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Mucteba İlgürel, -II· Ahmet'· TDViA· c· 2·

Mehmet Genç, "Malikane", TDVIA, c· 27

M· Zeki Pakalın, Osmanlı Tarih Deyimleri ve'I'erimleri Sözlügü,I ve 3 cilt·

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, Istanbul 1999·


# ئوسمانلى سۇلتانلىرى - 33

ئىككىنچى مۇستاپا ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئىككىنچى مۇستاپا (1695-1703)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىككىنچى مۇستاپا (1695-1703)»

ئىككىنچى مۇستاپا، 1664- يىلى ئەدىرنەدە دۇنياغا كېلىدۇ ۋە بۇ شەھەردە تەختكە ئولتۇرۇپ، يەنە بۇ شەھەردە تەختتىن چۈشۈرۈلىدۇ. پادىشاھ ئىككىنچى مۇستاپا تەخمىنەن سەككىز يېرىم يىل سەلتەنەت سۈرگەندىن كېيىن، 1703- يىلى 39 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئاتىسى تۆتىنچى مەھمەتنىڭ پادىشاھلىقى دەۋرىدە چوڭ شاھزادە سۈپىتىدە دۇنياغا كەلگەن ئىككىنچى مۇستاپا، ئەدىرنە سارىيىدا ياخشى تەلىم-تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ھۆسنىخەت، مۇزىكا ۋە شېئىرغا ئوخشاش مەدەنىي پائالىيەتلەرگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. تاغىسى ئىككىنچى ئەھمەتنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، 1695- يىلى 31 يېشىدا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ. ئاتىسى تۆتىنچى مەھمەت ۋە تاغىسى ئىككىنچى ئەھمەتكە ئوخشاش سەلتەنىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى پايتەخت ئىستانبۇلدا ئەمەس، ئەدىرنەدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ، تاغىسى ئىككىنچى ئەھمەتتىن كېيىن ئىستانبۇلنىڭ پەتھى قىلىنىشىدىن بۇيان ئەدىرنەدە تەختكە ئولتۇرغان ئىككىنچى ئوسمانلى سۇلتانى بولىدۇ.

1695- 1703- يىللىرى ئارىسىدا سەلتەنەت سۈرگەن ئىككىنچى مۇستاپانىڭ سەككىز يېرىم يىللىق سەلتەنەت دەۋرىنى ئىككى ئاساسلىق باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ. 1699- يىلىدىكى كارلوفچا شەرتنامىسىگە قەدەر داۋام قىلغان دەسلەپكى تۆت يىلنىڭ ئەۋزەللىكى ئوسمانلى دۆلىتىنى قانۇنى سۇلتان سۇلايمان ۋە تۆتىنچى مۇرات دەۋرلىرىدىكىگە ئوخشاشلا دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ مەقسەتتە، ئىككىنچى مۇستاپا تەختكە ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا ئوسمانلى دۆلىتى ئەنئەنىسىدە كۆرۈلمىگەن بىر خىل شەكىلدە ئۆزىدىن ئىلگىرى سۇلتان بولغان

ئەجدادلىرىنى كەيپ ـساپاغا ئالدىنىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى ئونتۇپ قېلىش بىلەن ئەيىبلىگەن هالدا بىر پەرمان چىقىرىدۇ. دۆلەت ئەركانىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قارىماي، قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى بىۋاستە ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاۋستىرىيەدىكى هابسبۇرگ خانىدانلىقىغا قارشى ئۈچ قېتىم ئەسكىري يۈرۈشكە چىقىدۇ.

بۇ يۈرۈشلەرنىڭ بىرىنچىسى 1695 - يىلىدىكى گېرمانىيە يۈرۈشى بولۇپ، ئىيۇل ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئەدىرنەدىن يولغا چىققان قوشۇن ئارىدىن ئىككى هەپتە ئۆتكەندىن كېيىن سوفىياغا يېتىپ بارىدۇ. 2 - ئاۋغۇست كۈنى بېلگرادقا يېتىپ بارغان ئوسمانلى قوشۇنى هازىرقى رۇمېنىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ۋېنگىرىيە بىلەن سېربىيە چېگرىسىغا يېقىن بىر جايدىكى تامىشۋار شەهرىگە كېلىدۇ. ئوسمانلى مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، تەمەشۋارغا كەلگەن تۇنجى ئوسمانلى سۇلتانى ئىككىنچى مۇستاپا بولىدۇ. ئاۋستىرىيە قوشۇنىغا قارشى هەرىكەتكە ئۆتكەن ئوسمانلى قوشۇنى، هازىرقى كۈندىكى رۇمېنىيەنىڭ لىپپا رايونىنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، 1695 - يىلى 22 - سېنتەبىر كۈنى لۇگوج سەهراسىدا ئاۋستىرىيەلىكلەرنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. لۇگوج قەلئەسى بىلەن بىرلىكتە ۋېنگىرلارنىڭ شەبەش قەلئەسىمۇ قولغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئوسمانلى تارىخىدا، لۇگوج زەپىرى دەپ ئاتالغان بۇ يۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدە، شىمالدا مۇرەش (ماروس) دەرياسى، جەنۇبتا تۇنا دەرياسى، شەرقتە ترانسىلۋانىيە ئالپىلىرى دەپمۇ ئاتىلىدىغان كارپات تاغ تىزمىلىرى، غەربتە بولسا، تىسا (تىسزا) دەرياسى بىلەن چېگرىسى بار بولغان ۋە تارىختا بانات دەپمۇ ئاتالغان هازىرقى ۋېنگىرىيە، سېربىيە ۋە رۇمېنىيە دۆلەت چېگرىلىرىنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدىكى 26 - 28 كىلومېتىرلىق رايوندا، 1683 - يىلىدىكى ۋىيېننا مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن مەۋجۇدىيىتىنى يوقىتىپ قويغان ئوسمانلى هۆكۈمرانلىقى تەكرار سەهنىگە چىقىدۇ. ترانسىلۋانىيە دەپمۇ ئاتىلىدىغان ئەردەلنىڭ غەربىي جەنۇبى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ تەمەشۋار ئۆلكىسىگە تەۋە قىلىنىدۇ. هازىرقى رۇمېنىيەنىڭ شىمالىغا جايلاشقان پۈتۈن ئەردەل رايونىنى قايتۇرۇۋېلىش ئەسكىري جەهەتتىن

مۇمكىن بولىدىغان بىر ئىش بولسىمۇ، كۆز مەۋسۇمى كىرىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئوسمانلى قوشۇنى ئەردەلنى ئالماستىنلا ئىستانبۇلغا قايتىدۇ.

..........................................................................................

غەربىي ئالدىنقى سەپتە يۇقىرىقىغا ئوخشاش غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، شىمالدا چار چوڭ پېترو رەھبەرلىكىدىكى رۇسىيە قارا دېڭىزغا كېڭىيش سىياستىنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرىدۇ. چار پېترو، 1695 - يىلىدىكى نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان ئازاك (روستوۋ) مۇھاسىرىسىدىن كېيىن ۋەنەدىك، شۋېتسىيە، دانىيە، گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيەدىن كەلتۈرۈلگەن ئىنژېنىرلار بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك دېڭىز قىسمى تەسىس قىلىپ چىقىدۇ. رۇسىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىنىمۇ شوتلاندىيە ۋە فىرانسىيەلىك قوماندانلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ تەييارلىقلارنى تولۇقلىغان پېترو 1696 - يىلى ئازاكنى قايتىدىن مۇھاسىرە قىلىدۇ ۋە ئىككى ئاي داۋام قىلغان مۇھاسىرىدىن كېيىن 6 - ئاۋغۇست كۈنى قولغا كىرگۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ رۇسلار قارا دېڭىزغا كېڭىيدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوسمانلى تارىخىدىن تېخىمۇ كۆپ ئورۇن ئېلىشقا باشلايدۇ. ئازاك رۇسلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئەسنادا، سۇلتان ئىككىنچى مۇستاپا ئاۋستىرىيەگە يۈرۈش قىلىش مەقسىتىدە بېلگرادتا ئىدى. ئۇلاش دېيىلىدىغان بىر يەردە ئاۋستىرىيە قوشۇنى بىلەن قارىمۇ قارشى ھالغا كەلگەن ئوسمانلىلار، يەنە بىر قېتىم رەقىبلىرىنى مەغلۇب قىلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئاۋستىرىيە قوشۇنى 16 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، قوشۇن ئەردەل تەرەپكە ئىلگىرىلىمەستىن تەمەشۋارغا كېلىدۇ ۋە بۇ يەردىن ئەدىرنەگە قايتىدۇ.

1683 - يىلىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ۋىيېننا مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن ئوسمانلى دۆلىتى، ئاۋستىرىيە، رۇسىيە، پولشا (لېھىستان) ۋە ۋەنەدىك بىلەن ئىزچىل ھالدا ئۇرۇش قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. 1696 - يىلى ئوسمانلى دۆلىتىگە قاراشلىق بولغان قىرىم خانى سائادەت گىراي ھازىرقى پولشانىڭ

شەرقىي جەنۇبى ۋە ئۇكرائىنانىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان گالىچىيا رايونىنىڭ مەركىزى لۋوۋغا قەدەر يۈرۈش قىلىپ، 10 مىڭ كىشىنى ئەسىر ئېلىپ قايتىدۇ. ۋەنەدىك ئالدىنقى سېپىدىكى ئۇرۇش بولسا، ئاساسەن مورا ۋە ئاق دېڭىز ساھىلىدا داۋام قىلماقتا ئىدى. ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا يېتىشتۈرگەن ئاخىرقى ئەڭ داڭلىق دېڭىزچىسى بولغان مېزومورتو ھۈسەيىن پاشا ئوسمانلى دېڭىز قىسىملىرىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ياشلىق مەزگىلىدە قاتناشقان بىر ئۇرۇش ئەسناسىدا ئالتە - يەتتە يېرىدىن يارىلانغان، لاتىنچە ۋە گىرېكچىدە «يېرىم ئۆلۈك» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «مېزومورتو» سۈپىتى بېرىلگەن ھۈسەيىن پاشا دېڭىز ئۇرۇشلىرىدا ۋەنەدىكلىكلەرنى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇب قىلىدۇ. 1695 - يىلى ساكىز ئارىلىنى ۋەنەدىكلىكلەردىن قايتۇرىۋالىدۇ. يەنە شۇ يىلى مىدىللى دېڭىز تەۋەلىكىدە ۋەنەدىكلىكلەرنى دېڭىزدا مەغلۇپ قىلىدۇ. 1701 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر سەككىز قېتىم دېڭىز ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىپ، ھەممىسىدە غەلىبە قىلىدۇ. دېڭىز قىسىملىرىنىڭ كۈچى بىلەن تونۇلغان ۋەنەدىك، مالتا، پاپالىق ۋە توسكاناغا ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز ئارمىيەلىرىنى مەغلۇب قىلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۇتۇقلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئەڭ چوڭ ئامىل مېزومورتو ھۈسەيىن پاشانىڭ كۆرەك بىلەن ھەيدىلىدىغان كادىرگا ناملىق ئۇرۇش پاراخوتلىرىنىڭ ئورنىدا يەلكەنلىك «كاليون» ئىسىملىك ئۇرۇش پاراخوتلىرى بىلەن ئوسمانلى دېڭىز قىسىملىرىنى قايتىدىن تەشكىللەپ چىقىشىدۇر.

.................................................................................

ئىككىنچى مۇستاپا، 1697 - يىلى ئاخىرقى قېتىم قوشۇنغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ يۈرۈشكە چىقىدۇ. ئىيۇل ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئەدىرنەدىن قوزغالغان قوشۇن ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا بېلگرادقا يېتىپ بارىدۇ. ئاۋستىرىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەسكىرىي داھىلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىلىدىغان ساۋوئى شاھزادىسى مارشال ئوجېن ئىدى. ئىككى قوشۇن ھازىرقى رۇمېنىيە، ۋېنگىرىيە ۋە سېربىيە چېگرالىرىنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىغا جايلاشقان سېربىيە چېگراسى ئىچىدىكى تىسا دەرياسى بويىدىكى

سېپتادا قارىمۇ قارشى ھالغا كېلىدۇ. تىسا دەرياسى بويىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتىۋاتقان ئوسمانلى قوشۇنىنى توپ ئوقلىرى ئېتىپ كۆۋرۈكنى بۇزىۋېتىش ئارقىلىق ئىككىگە بۆلىۋەتكەن ئوجىن، دەريادىن ئۆتۈپ بولغان ئوسمانلى قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلايدۇ. ئوسمانلى قوشۇنىنىڭ قوراللىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئاۋستىرىيەلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكىنىدىن سىرت، 20 مىڭغا يېقىن ئوسمانلى ئەسكىرىي ئۇرۇش مەيدانىدا قالىدۇ. ۋېنگىرىيەدىكى بارلىق ئوسمانلى قەلئەلىرى ئاۋستىرىيەلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە ۋېنگىرىيەنىڭ قايتىدىن ئېلىنىش ئۈمىدى تۈگەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوجېن ساراي بوسناغىچە كېلىپ، ئوسمانلى زېمىنلىرىنى بولاڭ-تالاڭ قىلىدۇ. ئوسمانلى تارىخ سەھىپىلىرىدە «زېنتا مەغلۇبىيىتى» دەپ ئاتالغان بۇ ھادىسىدىن كېيىن، ھېچبىر ئوسمانلى سۇلتانى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ ئۇرۇش مەيدانلىرىغا چۈشمەيدۇ.

بۇ ئارىلىقتا ياۋروپادا بولسا، فىرانسىيەگە قارشى ئەنگلىيە، گوللاندىيە ۋە ئاۋستىرىيەدىن تەشكىل تاپقان بىر ئىتتىپاق قۇرۇلىدۇ. ئاۋستىرىيە، فىرانسىيە بىلەن قىلىۋاتقان كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ۋە گوللاندىيە ئەلچىلىرى ئارقىلىق تىنچلىق ئورنىتىشقا ماقۇل كەلتۈرۈلگەن ئوسمانلى دۆلىتى بىلەن 1699- يىلىدا ھازىرقى بېلگرادنىڭ 65 كىلو مېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان كارلوفچادا مەشھۇر كارلوفچا شەرتنامىسىنى ئىمزالايدۇ. بۇ شەرتنامە بىلەن ئوسمانلىلار، پولشا ۋە ۋېنگىرىيەدىن مەڭگۈلۈك چېكىنىپ چىقىدۇ. پولشالىقلارغا كامانىچە، پودوليا ۋە گالىچيا بېرىلىدۇ. لېپانتو، پرېۋەزە ۋە كورىنتوستىن باشقا بارلىق مورا زېمىنلىرى ۋەنەدىكلىكلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ۋېنگىرىيە، سلوۋاكىيە، كرودىيە، سلوۋېنىيە ۋە ئەردەل ئاۋستىرىيەگە بېرىلىدۇ. تەمەشۋارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بانات رايونى بولسا، ئوسمانلىلارغا قالىدۇ. رۇسىيەگە بولسا، 1700- يىلى ئىمزالانغان ئىستانبۇل شەرتنامىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئازاك بېرىلىدۇ.

كارلوۋفچا شەرتنامىسىدىن كېيىن، ئىككىنچى مۇستاپا ئىلگىرىكى ئاكتىپ سىياسەتنى تاشلاپ، ئەدىرنەدە تىنچلىقنى ياقلايدىغان بىر خىل سىياسەتنى ياقلايدۇ. لېكىن ئاتىسى تۆتىنچى مەھمەت بىلەن باشلىنىپ، تاغىسى ئىككىنچى ئەھمەت ۋە ئۆزى بىلەن بىرلىكتە يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلغان جەرياندىكى پادىشاھنىڭ ئەدىرنەدە تۇرۇش ئادىتىگە «ئىستانبۇل سەھراغا ئايلاندى» دەپ نارازىلىق بىلدۈرگەن يەنىچەرىلەر ۋە ئۆلىمالار، ئەدىرنەگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئىستانبۇلدىن ئەدىرنەگە كەلگۈچە سانى 22 مىڭغا يەتكەن بۇ «ئاسىيلار» ئىككىنچى مۇستاپانى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇرلايدۇ ۋە شەيخۇلئىسلام فەيزۇللاھ ئەپەندىنىمۇ دۆلەت ئىشلىرىغا كۆپلەپ مۇداخىلە قىلىش بىلەن ئەيىبلەپ ئۆلتۈرىدۇ. ئىككىنچى مۇستاپانىڭ قېرىندىشى ئۈچىنچى ئەھمەتنى 1703 - يىلى يېڭى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىپ، ئىستانبۇلدا تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ. ئىككىنچى مۇستاپا تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1703 - يىلى ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئوتتۇز ئۈچىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Yılmaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986.
Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999.
J. Hammer, Osmanlı Devleti Tarihi.
Nicolae Jorga, Osmanlı İmparatorluğu Tarihi, İstanbul 2005.


# ئوسمانلى سۇلتانلىرى- 34

ئۈچىنچى ئەھمەت ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئۈچىنچى ئەھمەت (1703-1730)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئۈچىنچى ئەھمەت (1703-1730)»

سۇلتان ئۈچىنچى ئەھمەت، ئاتىسى تۆتىنچى مەھمەت ئەسكىريي يۈرۈشكە چىققان ئەسنادا1673ö- يىلى 31 -دېكابىر كۈنى دوبرۇجادىكى ھاجى ئوغلى بازىرى (ھازىرقى بولغارىيەنىڭ دوبرىچ شەھىرى) دا رابىيە گۈلنۇش ئىسىملىك بىر كېنىزەكتىن دۇنياغا كېلىدۇ. ئاكىسى ئىككىنچى مۇستاپا ئەسكىريي چارىلەرگە مايىل بىرى بولسىمۇ، ئۈچىنچى ئەھمەت تىنچلىق تەرەپدارى، سەنئەتخومار خاراكتېرگە ئىگە بىر كىشى ئىدى.

14 ياش ۋاقتىدا، ئاتىسى تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ ئورنىغا ئىككىنچى سۇلايماننىڭ تەختكە ئولتۇرغۇزۇلىشىدىن كېيىن ئاتىسى ۋە ئاكىسى ئىككىنچى مۇستاپا بىلەن بىرلىكتە توپقاپى سارىيىدىكى شەمشادلىق بۆلمىسىگە نەزەربەنت قىلىنىدۇ. كېيىنچە ئەدىرنەگە يۆتكەپ كېلىنىپ، تاغىسى ئىككىنچى ئەھمەت ۋە ئاكىسى ئىككىنچى مۇستاپا پادىشاھلىق قىلغان مەزگىللەردە ئىزچىل ھالدا نەزەربەنت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. 1703- يىلى يۈز بەرگەن ئەدىرنە ئىسيانىدىن كېيىن، ئەدىرنەدە 30 ياش ۋاقتىدا تەختكە ئولتۇرغان ئۈچىنچى ئەھمەت، پادىشاھلارنىڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئەدىرنەدە تۇرۇش ئەنئەنىسىگە خاتىمە بېرىپ، ئىستانبۇلغا كېلىدۇ ۋە ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزىدۇ.

ئۈچىنچى ئەھمەت بىر سەنئەتخومار بولۇش بىلەن بىرگە، يېتىشكەن بىر خەتتات بولۇپ، ئۆز قولى بىلەن يازغان ھۆسنخەتلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا «نەجىپ» تەخەللۇسى ئاستىدا يازغان شېئىرلىرىمۇ بار...

ئۇچىنچى ئەھمەت دەۋرىدە كۆرۈلگەن مۇھىم سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ بىرى، تارىخ سەھىپىلىرىدىن «پرۇت يۈرۈشى» دەپ ئورۇن ئالغان رۇسىيەگە قارشى ئەسكىرىي يۈرۈشتۇر. رۇسىيە 1699 - يىلىدىكى كارلوفچا شەرتنامىسى بىلەن قارا دېڭىز ساھىللىرىدىكى ئازاكنى ئالدۇ. ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى ۋە رۇسىيە ئارىسىدىكى بۇ تىنچلىق 11 يىلغا يېقىن داۋام قىلدۇ. رۇسىيەنىڭ شىمالدىكى قوشنىسى شۋېتسىيەگە ھۇجۇم قىلىش ۋە چار پېترونىڭ شۋېتسىيە پادىشاھى يەتتىنچى شارلنى مەغلۇپ قىلىشى بىلەن، شۋېتسىيە پادىشاھى ئوسمانلى زېمىنلىرىدا پاناھلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، چار پېترو پادىشاھنى قوغلاپ ئوسمانلى زېمىن تەۋەلىكىگە كېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۈچىنچى ئەھمەتنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئازاكنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشىنى بىر دۆلەت سىياسىتىگە ئايلاندۇرغان دۆلەت ئەركانىنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا، بۇ ئىشتىن رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن پايدىلىنىلىدۇ. بالتىچى مەھمەت پاشا قوماندانلىقى ئاستىدىكى 140 مىڭ كىشىلىك ئوسمانلى قوشۇنى پرۇت دەرياسى بويىدا ھازىرقى رومېنىيە زېمىنلىرى ئىچىدە قالغان قالاس ۋە ياش شەھەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى فالچى رايونىدا 60 مىڭ كىشىلىك رۇس ئەسكىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدۇ. بۇنىڭ بىلەن، رۇس چارى ئازاكنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئوسمانلىلار بىلەن تىنچلىق ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەسكىرىگە دېگەندەك ئىشەنچ قىلالمىغان بالتىچى مەھمەت پاشا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىدۇ. 1713 - يىلى ئەدىرنە كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، ئازاك قايتۇرىۋېلىنىدۇ، رۇسلار پولشادىن چېكىنىدۇ، نەتىجىدە قارا دېڭىز يەنە 60 يىل بويىچە تۈرك كۆلى بولۇپ تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۋېتسىيە پادىشاھى يەتتىنچى شارلمۇ يېنىدىكى 2500 شۋېتسىيەلىك ۋە 600 ئوسمانلى ئەسكىرىي بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان دىمەتوكادىن ئايرىلىپ، ئەفلاك يولى ئارقىلىق ئەردەلگە ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن شۋېتسىيەگە قايتىدۇ. قارا دېڭىزغا كىرىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان رۇسلار، شىمال ئۇرۇشى نەتىجىسىدە بالتىق دېڭىزىغا ئېچىلىدۇ. 1703 - يىلى كېيىنكى مەزگىللەردە لېنىنگراد دەپ ئاتالغان سائىنت پېتېرسبۇرگنى ئىنشا قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، رۇسىيە ئوچۇق دېڭىزغا

ئېچىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا رۇس چارى شەرقى روما (ۋىزانتىيە) ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوسمانلى پادىشاھى بىلەن بىرلىكتە بۇ ئۇنۋاننى ئىشلىتىشكە باشلايدۇ.

.................................................................................

ئۈچىنچى ئەھمەت دەۋرىدىكى يەنە بىر مۇھىم سىياسىي ۋەقە بولسا، مورانىڭ ۋەنەدىكلىكلەرنىڭ قولىدىن ئېلىنىپ، قايتىدىن ئوسمانلى دۆلىتى ھالىغا كەلتۈرۈلىشىدۇر. 1683 - يىلىدىكى ئىككىنچى ۋيېننا مۇھاسىرىسىدىن كېيىن مورانى ئىشغال قىلىشقا باشلىغان ۋەنەدىككە، 1699 - يىلىدىكى كارلوفچا شەرتنامىسى بىلەن زېمىنلار بېرىلىدۇ. بۇ كېلىشىم ئىمزالىنىپ 15 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سەدرىئەزەم ئەلى پاشا قوماندانلىقى ئاستىدىكى ئوسمانلى قۇرۇقلۇق قىسىملىرى ئەدىرنە ئارقىلىق موراغا قاراپ ھەرىكەتلىنىدۇ، مەھمەت پاشا قوماندانلىقى ئاستىدىكى دېڭىز قىسىملىرىمۇ بۇ ھەرىكەتكە ئىشتىراك قىلىدۇ. ئوسمانلى دېڭىز قىسىملىرى 1715 - يىلى كىكلات ئاراللىرىدىن تىنوسنى ۋەنەدىكلىكلەرنىڭ قولىدىن ئالىدۇ. ئەلى پاشا بولسا، قورۇقلۇق ئارقىلىق كورىنتوسنى بېسىپ ئۆتۈپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نائۇپلىئون (ئانابولۇ)، مودون، مونېۋاسىئا (بىنەپشە)، ناۋارىن، كوروننى ئېلىش بىلەن بىرگە، ئىئون دېڭىزىدىكى ئايا ماۋرا ئارىلىنىمۇ قولغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق، ئوسمانلى قوشۇنىنىڭ ئەللىك بەش كۈندەك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مورانى قايتىدىن پەتھى قىلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، 15 يىلغا يېقىن موراغا ھۆكۈمران بولغان ۋەنەدىكلىكلەرنىڭ يەرلىك رۇم خەلقىگە سالغان زۇلۇم ـ ستەملىرى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە يەرلىك خەلقنىڭ ئوسمانلىلارنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىدۇر.

مورا ئالدىنقى سېپىدە ۋەنەدىكلىكلەرگە قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ئەلى پاشا، 1716 - يىلى كورفۇ ئارىلىنى ئېلىش ئۈچۈن ۋەنەدىكلىكلەرگە قارشى يۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەنەدىكنىڭ ئىتتىپاقدېشى ئاۋستىرىيە، ئوسمانلى دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئەلى پاشا

يوْنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ۋېنگىرىيەگە ئاتلىنىپ، بېلگرادقا كېلىدۇ. ئۇنىڭ قارشىسىغا ئاۋستىرىيە قوشۇنىنىڭ مەشھۇر قوماندانى ئوجېن چىقىدۇ. 1716 - يىلى 5 - ئاۋغۇست كۈنى پېتېرۋاراندىندە ئۇرۇش قىلغان ئىككى قوشۇننىڭ غالىبى يەنە خىرىسىيان ئالەمىنىڭ يېڭىلمەس ئەسكىرى ئۇنۋانىنى ئالغان ئوجېن بولىدۇ. چۈنكى ئوسمانلى قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئەلى پاشا، ئۇرۇش ئەسناسىدا ئوق قاناتنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن كېيىن ۋەزىيەتنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن تەدبىرسىزلەرچە سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتىدۇ ۋە پىشانىسىگە ئوق تېگىپ شېھىت بولۇپ كېتىدۇ. بۇ سەۋەبلىك ئوسمانلى تارىخ سەھىپىلىرىدىن «شېھىت ئەلى پاشا» دەپ ئورۇن ئالىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، ئوسمانلى قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش ئەسناسىدا باش قوماندان ئۆلۈپ كەتسە، ئۇرۇشنى توختىتىش ئادىتى يەنە بىر قېتىم كۆرۈلىدۇ ۋە ئوسمانلىلار مەغلۇب بولىدۇ.

..............................................................................

پېتېرۋاراندىن زەپىرىدىن كېيىن شاھزادە ئوجېن 180 مىڭ ئەسكىرى بىلەن تەمەشۋارغا قاراپ ئاتلىنىپ، شەھەرنىڭ قەلئەسىنى قولغا كىرگۈزىدۇ. بانات رايونى پۈتۈنلەي ئاۋستىرىيەلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئوسمانلىلارنىڭ ۋېنگىرىيەگە بولغان قىزىقىشى تامامەن تۈگەيدۇ. 1717 - يىلى ئوجېن بېلگرادنى قولغا كىرگۈزىدۇ. ئاۋستىرىيەلىكلەر ئۇرۇشتا ئەڭ كۈچلۈك نۇقتىدا بولسىمۇ، ياۋروپادىكى ۋارىسلىق ئۇرۇشلىرى يۈزىسىدىن ئوسمانلىلارغا تىنچلىق ئورنىتىش تەكلىپى سۇنىدۇ. 1718 - يىلى 21 - ئىيۇل كۈنى ھازىرقى سېربىيەنىڭ سەمەندىرە شەھىرىنىڭ 24 كىلو مېتىر شەرقىگە جايلاشقان پوجارېۋاچىتا ئىمزالانغان كېلىشىم بىلەن بانات، مەركىزى تەمەشۋار بىلەن بىرلىكتە ئاۋستىرىيەگە بېرىلىدۇ. ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ساۋا دەرياسى چېگرا قىلىپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، بېلگراد ۋە سەمەندىرە ئاۋستىرىيەلىكلەرگە بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بەدىلگە ئوسمانلىلارنىڭ مورادىكى غەلىبىلىرى ئاۋستىرىيەلىكلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. بۇ كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، بېلگراد ۋە سەمەندىرەدىكى بارلىق مۇسۇلمانلار بۇ يەرلەردىن تېخىمۇ بىخەتەر بولغان

ئوسمانلى زېمىنلىرىغا كۆچىدۇ. تەمەشۋارنى ئىككىنچى قېتىم قولغا كىرگۈزۈش مۇمكىن بولمىغان بولسىمۇ، بېلگراد ئارىدىن 22 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتىدىن ئوسمانلىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. لېكىن تەمەشۋاردىكى مۇسۇلمانلار كۆچۈپ چىققان يەرلەرگە سىگانلارنىڭ، بېلگرادقا سېرىپلانىڭ ئورۇنلىشىشى بىلەن، بۇ شەھەرلەردىكى ۋېنگىر ۋە ئوسمانلى كىملىكى يوقىلىپ، سىگان ۋە سېرىپ كىملىكى ئىنشا قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى ئەھمەتنىڭ 1718 - يىلىدىكى پوجارېۋاچ كېلىشىمى بىلەن باشلىنىپ 1730 - يىلىغا قەدەر داۋاملاشقان سەلتەنىتىنىڭ 12 يىلى ئوسمانلى تارىخىي مەنبەلىرىدە "لالە دەۋرى" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەۋردە ئۈچىنچى ئەھمەت گويا ئۆزىگە ئوخشاش تىنچلىق تەرەپدارى بولغان كىيئوغلى ئىبراھىم پاشانى سەدرىئەزەملىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەيدۇ. بۇ ئەسنادا ئوسمانلى دۆلىتى غەرب ئۇسۇلىدا ئولتۇراقلىشىش ھەرىكەتلىرىگە تۇتۇش قىلىدۇ. تۈركچە كىتاب باسىدىغان تۇنجى مەتبەئەنىڭ قۇرۇلۇشى، بوغۇز ۋە كاغىتخانەدە مىللىي ئۇسلۇبتىكى ئىمارەتلەرنىڭ سېلىنىشى، نەدىمگە ئوخشاش شائىرلار، لەۋنىگە ئوخشاش مىنياتۇر سەنئەتچىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ۋە بۇ سەنئەتچىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنى روياپقا چىقىرىشى بۇ مەزگىلدە كۆرۈلىدۇ.

لالە دەۋرىدە دۆلەت ئەركانى ئارىسىدا كۆرۈلگەن ھەشەمەت ۋە غەربكە مايىل تۇرمۇش شەكلى ئىستانبۇلدىكى خەلقنىڭ بەزى قاتلاملىرىنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرايدۇ. دېڭىز ئارمىيەسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن خەلىل ئىسىملىك بىر ئەسكەرنىڭ باشلامچىلىقىدا خەلىل ئىسيانى يۈز بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى دەپ نام بېرىلىدۇ. ئۈچىنچى ئەھمەت تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇرلىنىدۇ ۋە ئورنىغا جىيەنى بىرىنچى مەھمۇت تەختكە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. 1703 - يىلى ئەدىرنە ۋەقەسى دەپ ئاتالغان بىر قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە تەختكە ئولتۇرغان ئۈچىنچى ئەھمەت يەنە 1730 - يىلىدىكى گېنېرال خەلىل باشلامچىلىقىدىكى ئىسيان بىلەن 56 يېشىدا تەختتىن چۈشۈرۈلىدۇ. ئالتە يىلغا يېقىن ئىستانبۇل توپقاپى سارىيىدا قەپەس ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن 1736 - يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئوقيا ئېتىش ماھارىتى بىلەن تونۇلغان ئۈچىنچى ئەھمەتنىڭ كۆپ ساندا پەرزەنتى بولغان بولسىمۇ، پەقەت مۇستاپا ۋە ئابدۇلھەمىد ئىسىملىك ئوغۇللىرى كېيىنكى مەزگىللەردە پادىشاھ بولدۇ. لېكىن ئۇ، ئاساسلىقى سۇلتان ئەھمەت رايونى ۋە ئۈسكۈدارغا سالدۇرۇپ ئۆز نامىنى بەرگەن چەشمىسى بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئوتتۇز تۆتىنچى بۆلۈمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Ydrnaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi;İstanbul 1986·

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999·

J· Hammer, Osmanlı Devleti Tarihi·

Nicolae Jorga, Osmanlı İmparatorluğu Tarihi, İstanbul 2005·

Abdulkadir Özcan, "Lale Devri", TDVİA, c· 27·

Münir Aktepe, "Ahmet III", TDVİA, c· 2·


# ئوسمانلى سۇلتانلىرى- 35

لالە دەۋرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «لالە دەۋرى (1718-1730)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«لالە دەۋرى (1718-1730)»

سۇلتان ئۈچىنچى ئەھمەت 1703 - يىلدىن تارتىپ تاكى 1730 - يىلغىچە جەمئىي 27 يىل سەلتەنەت سۈردى. ئۈچىنچى ئەھمەتنىڭ پوجارىۋاچ كېلىشىمدىن كېيىن، يەنى 1718 -يىلدىن 1730 - يىلغىچە بولغان 12 يىللىق سەلتەنەت دەۋرى «لالە دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي مەنبەلىرى بۇ ئىبارىنى ئىشلەتمىگەن بولسىمۇ، تۈنجى قېتىم يەھيا كەمال بەياتلى تەرىپىدىن ئەينى يىللاردىكى ئەھۋاللارنى ئايدىڭلىتىپ بېرىش مەقسىتىدە قوللىنىلىدۇ. 1913 - يىلى تارىخچى ئەھمەت رەفىق ئالتىنئاي تەرىپىدىن يېزىلغان بىر پارچە ماقالىدە ئىشلىتىلگەن لالە دەۋرى ئىبارىسى كېيىنكى مەزگىللەردە ئوسمانلى تارىخ يازمىلىرىدا قوبۇل قىلىنىپ، كەڭ ئومۇملىشىدۇ.

لالە دەۋرىنىڭ ئەڭ ئالاھىدە كىشىسى ئەلۋەتتە ئىككىنچى ئەھمەت بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ كىيئونلى سەدرىئەزەم نەۋشەھەرلىك ئىبراھىم پاشادۇر. بۇ دەۋردە، دۆلەت بىر خىل يېڭىلىنىش سىياسىتىنى يولغا قويغان بولۇپ، ۋىيېننا، پارىژ، موسكۋاغا ئوخشاش يەرلەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، غەربنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي قۇرۇلمىلىرىنى چۈشىنىشلىرى ۋە دوكلاتلار شەكلىدە ئىستانبۇلغا يوللاپ بېرىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئون بەشىنچى لوئىسنىڭ يېنىغا پارىژغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن يىگىرمە سەككىز چەلەبى مەھمەت ئەپەندى غەربتە كۆرگەنلىرىنى ساياھەتنامە شەكلىدە يېزىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ۋارساي سارىيى قاتارلىق پارىژدىكى ئادەمنى مەھلىيا قىلىۋالىدىغان بىنالار ۋە باغچىلارنىڭ خەرىتە ۋە مودىللىرىنى سىزدۇرۇپ كېلىپ، ئىستانبۇلدا بەربا قىلدۇرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىستانبۇلدا فىرانسىيە بىنكارلىقىنىڭ تەسىرى كۆرۈلىدۇ، ئىستانبۇلدا، باروك ۋە روكوكو ئۇسلۇبلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەنئەنىۋىي ئوسمانلى ۋە ئەجەمىي بىناكارلىقىنىڭمۇ ئىزنالىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان نىئو (يېڭى) كلاسسىكىزم ناملىق بىر بىنكارلىق ئېقىمى شەكىللىنىدۇ. بۇ ئېقىمنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى، سۇلتان ئەھمەت مەيدانىدىكى ئۈچىنچى ئەھمەت چەشمىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ ۋە بۇ چەشمە كېيىنچە باشقا مەيدانلارغا ياساتقۇزۇلىدىغان چەشمىلەرنىڭ مودېلىغا ئايلىنىدۇ. ئۇ مەزگىللەردىن زامانىمىزغىچە يېتىپ

كەلگەن ئاساسلىق بىنكارلىق ئەسەرلىرى ئۈسكۈدار مەيدانىدىكى ئۈچىنچى ئەھمەت چەشمىسى ۋە توپقاپى سارىيىدىكى ئۈچىنچى ئەھمەت كۇتۇبخانىسىدۇر. ئۆز دەۋرىگە ئائىت يەنە بىر مۇھىم بىنكارلىق ئەسىرى ئۈچىنچى ئەھمەتنىڭ ئانىسىغا ئاتاپ ئۈسكۈداردا سالغۇزغان «يېڭى ۋالىدە جامەسى» بولۇپ، بۇ جامەنىڭ قۇرۇلۇشى 1708 - يىلى باشلىنىپ 1711 - يىلى تاماملىنىدۇ. ئۈچىنچى ئەھمەت دەۋرىدە، 40 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئىشلىتىلمەي تاشلىنىپ قالغان گالاتا سارىيىنىڭ يېڭىدىن سېلىنىشى ۋە رېمونت قىلىنىشى تاماملىنىپ، 1715 - يىلى قايتىدىن ئىشلىتىلىشكە باشلىنىدۇ. بوغازئىچى، كاغىتخانە ۋە خالىچتە دۆلەت ئەركانلىرىغا يەر سېتىپ بېرىپ، بۇ يەردە سارايلارنى سېلىشلىرىغا يول قويۇلىدۇ.

بوغازنىڭ قىرغىقىغا سېلىنغان ھۇمايۇنى ئاباد (پادىشاھ شەھىرى) ناملىق ساراي كېيىنكى مەزگىللەردە بەبەك دەپ ئاتىلىدىغان بىر رايوننىڭ بەرپا قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. «لالە دەۋرى» دەپ ئاتالغان 12 يىللىق تارىخىي جەريان بويىچە ئىستانبۇل ئاقارتىش مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى ساراي دەرۋازىلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ، پۈتۈن ئىستانبۇلنى بىناكارلىقتىكى بۇ يېڭى شەكىل بىلەن تونۇشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. لالە دەۋرى ئانادولۇدا نەۋشەھىردە ئەكس ئېتىدۇ. دامات (كىيئوغۇل) ئىبراھىم پاشانىڭ تۇغۇلغان يېرى بولغان بۇ يەر ئىلگىرى مۇشكارا دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بولسىمۇ، ئىبراھىم پاشا سالدۇرغان بىنالارنىڭ سايىسىدا شەھەرگە ئايلىنىدۇ ۋە يېڭى شەھەر مەنىسىدە نەۋشەھىر دەپ ئاتىلىشقا باشلىنىدۇ. لالە دەۋرىدە خەلق بىناكارلىقىغا ئېغىرلىق بېرىلىپ، باغچە بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىلىدۇ. گۈل -چېچەكلەرنىڭ ئۆستۈرۈلىشى، بولۇپمۇ ئۆز دەۋرىگە نامى بېرىلگەن لالە گۈلىنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشى پادىشاھتىن تارتىپ يوقسۇلغا قەدەر بارلىق كىشىلەرنىڭ مەلىكە بولىدىغان ئىشىغا ئايلىنىدۇ.

.............................................................................

يېڭىلىنىش تىرىشچانلىقلىرى پەقەت بىناكارلىق ساھەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. يىگىرمە سەككىز چەلەبى مەھمەت ئەپەندىنىڭ پارىژ ئەلچىلىكى جەريانىدا، ئۇ يەردىكى باسمىخانىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان مەھمەت سەئىد ئەپەندى ئىستانبۇلغا قايتىدۇ ۋە پادىشاھنىڭ قوللاپ -قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا ئىبراھىم مۇتەفەررىقە بىلەن بىرلىكتە تۇنجى تۈركچە كىتاب باسىدىغان باسمىخانىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. باسمىخانا ئوسمانلى دۆلىتىدە 16- ئەسىردىن بۇيان غەيرى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلىۋاتقان بولسىمۇ، شەيخۇلئىسلامنىڭ تارىخ، لوغەت ۋە پەلسەپىگە دائىر كىتابلارنىڭ بېسىلىشىنىڭ جائىزلىقى توغرىسىدىكى پەتۋاسىدىن كېيىن، دۆلەت باسمىخانىسى شەكلىدە قۇرۇلۇپ پائالىيەت باشلايدۇ.

دۆلەت بىر تەرجىمە ھەيئىتى قۇرۇپ شەرق ۋە غەرب تىللىرىدىكى ئەسەرلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلدۇرىدۇ. بىر قىسىم تۈركچە ئەسەرلەر فىرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇلىدۇ. قىممەتلىك قولما يازما ئەسەرلەرنىڭ چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىلىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. مۇئەييەن سىستېمىغا قاراشلىق بولمىغان شەكىلدە مۇھاپىزەت قىلىنغان كىتابلار كۇتۇپخانىلار ئىنشا قىلىنىپ، خەلقنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلىدۇ.

ئىستانبۇلدا پەيدا قىلىنغان تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ھاۋاسى ئىلىم ۋە سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ... ئىستانبۇلدا ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە بۇلار لالە گۈلى باغچىلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن «لالىزار سەيرانى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل پائالىيەتلەر ئەسناسىدا شېئىر، ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا ئېغىر سالماقنى ئىگىلىگەن سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەزكۇر سۆھبەتلەر قىش ئايلىرى ئۇستى يېپىق جايلاردا «تاتلىق -تۇرۇم سۆھبەتلىرى» نامى ئاستىدا داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. رامىزان ئايلىرىدا بولسا، 1723- يىلىدىن باشلاپ سۇلتاننىڭ ئەمرىگە ئاساسەن جامەلەرگە پانۇس چىراقلار بىلەن خەت يېزىش ئەنئەنىسى باشلىنىدۇ. بۇ زىياپەتلەرگە كۆپىنچە ھاللاردا چەت ئەل ئەلچىلىرىمۇ قاتنىشىدۇ. چەت ئەللىك ئەلچىلەر بەزىدە رەسساملىرىنىمۇ بىرلىكتە ئېلىپ كېلىدۇ. ئىستانبۇلنىڭ شۇ چاغلاردىكى مەنزىرىسىنى سىزىپ چىققان ئەڭ داڭلىق رەسسام 30 يىل ئىستانبۇلدا

ياشىغان جان باپتىست ۋان موردۇر. ئۇنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن كۆپ ساندىكى ماي بوياق رەسىملىرى لالە دەۋرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. مىنياتور سەنئىتى ساھەسىدە بولسا، بۇ سەنئەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتكەن لەۋنىنىڭ ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلىرى زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەن. بۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىيات بايراقدارى نەدىم ۋە سەييىد ۋەھبىنىڭ شېئىرلىرى لالە دەۋرىنىڭ پاراۋانلىقىنى ئەسىرلەر كېيىنكى ۋاقىتلارغا ھاۋالە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇ دەۋرنىڭ تارىخىنى چەلەبىزادە ئاسىم، راشىد مەھمەت ۋە مۇستاپا سامى قەلەمگە ئالىدۇ.

......................................................................

ئەسلىدە بىر فىرانسۇز بولۇپ، ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن داۋۇت ئاغا دەپ ئاتالغان بىر كىشى شاھزادەپاشادا ھازىرقى ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان «تۇلۇمباجىلار» مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئىلگىرى ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە بولغان بۇ ئورۇن ئىستانبۇلدا پات -پات ئىستىمال قىلىنىدىغان ياغاچ ئەشيالار يۈزىسىدىن كۆرۈلۈپ، پۈتۈن شەھەرگە كېڭىيىپ كېتىدىغان ئوت ئاپەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. دېڭىزچىلىق ساھەسىدە بولسا، تۇنجى قېتىم ئۈچ ئامبارلىق پاراخوتلار ياسىلىدۇ. 1727 - يىلىغا كەلگەندە ياۋروپادىكى تېخنىكا ۋە مائارىپ ئۇسۇللىرىغا كۆرە، ھەندەسەخانە (ئىنژېنېرلىق مەكتىپى) ئىسمى ئاستىدا بىر مەكتەپ سېلىنىدۇ. لېكىن يەنىچەرىلەرنىڭ نارازىلىقى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى نەتىجىسىدە مەكتەپ تاقىۋېتىلىدۇ.

بۇ مەكتەپنىڭ يەنىچەرىلەر تەرىپىدىن تاقىۋېتىلىشى لالە دەۋرىگە قارشى تەرەپنىڭ دەسلەپكى ئىنكاسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. لالە دەۋرى بويىچە ئىستانبۇل سېپىللىرىنىڭ رېمونت قىلىنغان بولۇشى، يېڭى چەشمە ۋە يولۇچىلارغا سۇ بېرىش ئورۇنلىرىنىڭ سېلىنىشى، ئىستانبۇلنىڭ بىناكارلىق خىزمەتلىرىنىڭ سۈرئىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چىنە خىش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلغان بولۇشىغا قارىماي، بۇ

قورۇلۇش پائالىيەتلىرى ئۈچۈن خەلقتىن ئېلىنغان ئېغىر شەكىلدىكى باجلار خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. دامات ئىبراھىم پاشانىڭ ئوسمانلى تارىخىدا ئۇزۇن ھېسابلاشقا بولىدىغان دەرىجىدە، يەنى 12 يىل بويىچە سەدرىئەزەملىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىشى ۋە ۋەزىپە ئۆتەش ئەسناسىدا دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپلىرىگە ئۆزىنىڭ يېقىن -يۇرۇقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۆكتىچىلەرنىڭ نارازىلىقلىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. لېكىن، لالە دەۋرىگە ئاساسلىقى ئىراندا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر خاتىمە بېرىدۇ. ئىراندا سەلتەنەتنى قولغا كىرگۈزىۋالغان نادىر خاننىڭ ئىران چېگرىسىدىكى ئوسمانلى شەھەرلىرىنى ئېلىۋېلىشى ۋە خەلققە زۇلۇم سېلىشى ئىرانغا قارشى قوشۇن يوللاشنى تەقەززا قىلىدۇ. يۈرۈش قىلىش قارارى چىقىپ بولغان بولسىمۇ، دامات ئىبراھىم پاشا ۋە سۇلتان ئۈچىنچى ئەھمەتنىڭ مەۋسۇمى ئۆتۈپ كەتتى دېگەن سەۋەبنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۈرۈشنى كېچىكتۈرۈشى ۋە ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىشى ئىستانبۇلدا ئىسيان كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. گېنېرال خەلىل ئىسمىلىك بىر ئاسىينىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىسيانچىلار، دەسلەپتە دامات ئىبراھىم پاشانىڭ قەتلى قىلىنىشى توغرىسىدا ئۈچىنچى ئەھمەتكە بۇيرۇق چىقارغۇزغاندىن كېيىن، ئۇنىمۇ 1730 -يىلى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇرلايدۇ. شۇنداق قىلىپ لالە دەۋرى ئاخىرلىشىدۇ.

لالە دەۋرى كېيىنكى چاغلاردىكى تارىخ يازمىلىرىدا دۆلەت ھاياتىدىكى ئېغىش، ئەخلاقسىزلىق ۋە ئىسراپخورلۇق ۋايىغا يەتكەن ناچار بىر دەۋر سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. لېكىن يېقىنقى مەزگىللەردىكى تەتقىقاتلاردا، لالە دەۋرى ئوسمانلىلاردا كۇلتۇر ئۆزگىرىشى باشلانغان، غەربكە ئېچىلىشنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرى تاشلانغان، يۇقرا زىيالىيلارنىڭ ئورنى گەۋدىلەنگەن ۋە زامانىۋىيلىشىش يولىدا مۇھىم قەدەملەر بېسىلغان بىر باسقۇچ دەپ قارالماقتا.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئوتتۇز بەشىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Ydrnaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi;İstanbul 1986·

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999·

J· Hammer, Osmanlı Devleti Tarihi·

Nicolae Jorga, Osmanlı İmparatorluğu Tarihi, İstanbul 2005·

Abdulkadir Özcan, "Lale Devri", TDVİA, c· 27·

Münir Aktepe, "Ahmet III", TDVİA, c· 2·


# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-36

بىرىنچى مەھمۇت ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

«ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «بىرىنچى مەھمۇت (1730-1754)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«بىرىنچى مەھمۇت (1730-1754)»

1696-يىلى دۇنياغا كەلگەن بىرىنچى مەھمۇت، ئىككىنچى مۇستاپانىڭ كېيىن چىقىشى چۆرە سالىھە سۇلتاندىن بولغان چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى ئىككى مۇستاپا ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەدىرنەدە ئۆتكۈزگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرىنچى مۇستاپا ئەدىرنە توغۇلدۇ ۋە باللىق دەۋرىنىمۇ مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ. ئاتىسىنىڭ سەلتەنەتى ئەسناسىدا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئالىملىرىدىن دەرس ئىلگەن بىرىنچى مەھمۇت، 1703-يىلىدىكى ئەدىرنە ۋەقەسىدە ئاتىسىنىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلۈشى بىلەن ئىستانبۇلغا ئېلىپ كېلىنىپ، توپقاپى سارىيىدىكى شەمشادلىق بۆلمىسىگە نەزەربەنت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ

نەزەربەنتتىكى ھاياتى تاكى 1730 - يىلى تەختكە چىققانغا قەدەر 27 يىل داۋام قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە، بىرىنچى مەھمۇتنىڭ لالە يېتىشتۈرۈش، شېئىر يېزىش، چالغۇلارنى چېلىپ مۇزىكا ئىشلەش، شاھمات ئويناش ۋە زەگەرلىك قاتارلىقلارغا ھەۋەسمەن ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

بىرىنچى مەھمۇت تاغىسى ئۈچىنچى ئەھمەتنىڭ لالە دەۋرىنىڭ ھەشەمەتكە تولغان تۇرمۇش شارائىتىدىن يىراق ئۆتكۈزگەن 27 يىللىق ھاياتىدىن كېيىن، يەنە بىر ئىسيان نەتىجىسىدە 1730 - يىلى تەختكە چىقىرىلىدۇ. بۇ ئىسياننىڭ باشلامچىسى كېلىپ چىقىشى ئالبانىيەلىك پاترونا خەلىلدۇر. تەختتىن چۈشۈرۈلگەن تاغىسى ئۈچىنچى ئەھمەت ئۆز رازىلىقى بىلەن بىرىنچى مۇراتقا بەيئەت قىلغان تۇنجى كىشى بولىدۇ. ئۈچىنچى ئەھمەت جىيەنىگە دۆلەت ئىدارىسىنى بىۋاستە ئۆز قولىغا ئېلىشى ۋە ھېچكىمگە ئىشەنمەسلىكى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. بىرىنچى مەھمۇت پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ تونىمۇ بار بولغانلىقى ئۈچۈن «خىرقائى سائادەت» دەپ ئاتالغان توپقاپى سارىيىنىڭ مۇقەددەس ئامانەتلەر قىسمىغا بېرىپ دۇئا قىلىدۇ ۋە يېرىم كېچە بولغاندا، بىرەر قالايمىقانچىلىقنىڭ چىقىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن سارايدىكى چەكلىك ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن «ئىچكى بەيئەت» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مۇراسىمدا سۇلتان دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. 1730 - يىلى 30 - سېنتەبىردە پادىشاھ بولغان بىرىنچى مەھمەت سەلتەنىتىنىڭ دەسلەپكى ئىككى ئېيىنى پاترونا خەلىل ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۇلارنىڭ تەلەپ -ئىستەكلىرىنى ئورۇنداش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ جەريان ئىچىدە دۆلەت تەجرىبىسىدىن مەھرۇم بولغان بۇ باندىتلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئەسلەر بويىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ئوسمانلى بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى، كىيىم -كېچەك ۋە يۈرۈش -تۇرۇشلىرى بىلەن كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋالغا چىداپ بولالمىغان بىر قىسىم دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ پادىشاھنى قوللاپ -قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە 1730 - يىلى 25 - نويابىر كۈنى پاترونا خەلىلگە سارايدا سۇيىقەست پىلانلىنىپ، ئەتراپىدىكىلەر بىرلىكتە ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن پاترونا

خەلىلنى قوللاپ -قۇۋۋەتلىگەن كۆپ سانلىق ئىستانبۇلنىڭ ھامامىلىرىدا ئىشلەيدىغان ئالبان ۋە بوشناقلاردىن ئىككى مىڭ كىشى قولغا ئېلىنىپ بىر قىسمىلىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ، بىر قىسمىلىرى سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بۇ ھادىسىدىن كېيىن، مەھمۇت ھەقىقىي مەنىدە ئوسمانلى سۇلتانى بولۇشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ.

بىرىنچى مەھمۇت 1754 - يىلىغا قەدەر داۋام قىلغان 24 يىللىق سەلتەنىتى بويىچە ئادەتتە تاشقى سىياسەتتە تىنچلىق تەرەپدارى يول تۇتۇشقا تىرىشىدۇ. لېكىن، شەرت -شارائىت بەزىدە ئۇرۇش قىلىشنى تەقەززا قىلغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بولۇپمۇ 1731 - يىلى باشلىنىپ 1746 - يىلىغىچە داۋام قىلغان ئىران ئۇرۇشىدا ھەر ئىككى تەرەپ مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ ۋە تەبىئىي چېگرالارنى مەزمۇن قىلغان قەسرى شىرىن كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن شەرق ئالدىنقى سېپىدە تىنچلىق ئورنىتىلىدۇ.

..........................................................................................

غەرب ئالدىنقى سېپىدىمۇ بىر قىسىم ئۇرۇشلاردىن كېيىن تىنچلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. پولشادىكى پادىشاھلىق تالىشىش ئۇرۇشىنى ئۆز پايدىسىغا مۇۋاپىق شەكىلدە ئاخىرلاشتۇرغان رۇسىيە، ئىتتىپاقدېشى ئاۋستىرىيەنىڭ ياردىمى بىلەن، ئىلگىرى ئوسمانلىلار بىلەن ئىمزالىغان كېلىشىمنىڭ روھىغا خىلاپ ھالدا، ئۇكرائىنا ۋە پولشادىكى ئوسمانلى چېگرىسىدا يېڭى قەلئەلەرنى ئىنشا قىلىش بىلەن بىرگە، ئازاك قەلئەسىنىڭ ئەتراپىغا قوشۇمچە ئەسكىرىي كۈچلەرنى يوللايدۇ. 1736 - يىلى رۇس قوشۇنى ئازاك قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئوسمانلى دۆلىتى ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق فىرانسىيە ئەلچىسى ماركىز دۆ ۋىلنۆۋنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. ئوسمانلى دېڭىز ئارمىيەسى قىرىم دېڭىز ساھىللىرىغا يوللىنىدۇ. ئىران چېگراسىدىكى ئوسمانلى ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى كافەگە ئەۋەتىلىدۇ. بوسنادىكى ئەسكەرلەرمۇ باباداغ (رۇمېنىيە) دىكى ئەسكەرلەرگە قوشۇلىدۇ. قىرىم خانى ئىككىنچى گىراي رۇسلارنى مەغلۇپ قىلىپ، قىرىمدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئۇكرائىنانىڭ ئىچكى

قىسملىرىغا قەدەر رۇس قوشۇنىنى قوغلاپ بېرىپ، ئۇلاردىن يۈز مىڭ كىشىنى ئەسىرگە ئېلىپ قىرىمغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، رۇسلارنىڭ ئىتتىپاقدېشى بولغان ئاۋستىرىيەمۇ 1737 - يىلى ئوسمانلىلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوسمانلى دۆلىتى ئىككى ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

رۇسلار، «ئۆزى»نى ئىشغال قىلغان بولسا، ئاۋستىرىيەلىكلەرمۇ نىش، بانيا لۇكا ۋە ئىزۋورنىككە ھۇجۇم قىلىپ، بوكرەشنى قولغا كىرگۈزىۋالىدۇ. بۇ ئەسنادا ئاۋستىرىيەلىكلەرنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۇزۇندىن بېرى تەكىرداغدا تۇرىۋاتقان  ئەردەل شاھزادىسى ئىككىنچى راكوجزى فەرەنجىنىڭ ئوغلى راكوجزى جوسېفى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلۈپ، بىرىنچى مەھمۇتنىڭ ھۇزۇرىدا پادىشاھلىق تونى كىيدۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەردەلگە ئەۋەتىلىدۇ.

ئاۋستىرىيەنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن نىشنى كۆپرۈلۈزادە ئەھمەت پاشا 1737 - يىلى 20 - ئۆكتەبىر كۈنى قايتۇرىۋالىدۇ. ئىۋاز مەھمەت پاشا دىدىن مەيدان ئۇرۇشىدا ئاۋستىرىيەلىكلەرنى مەغلۇب قىلىدۇ. بانيا لۇكا مەيدان ئۇرۇشىدا ئاۋستىرىيەلىكلەر 80 مىڭ ئەسكىرىنىڭ 60 مىڭىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئىۋاز مەھمەت پاشا كلادوۋو، ئاداقەلئە ۋە سەمەندرەنى ئاۋستىرىيەلىكلەردىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. نوئمان پاشا رۇسلاردىن ئۆزى ۋە قىلبۇرۇن قەلئەلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بېلگرادنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرىۋاتقان 42 مىڭ ئاۋستىرىيە ئەسكىرىنىڭ يوقىتىلىشى بىلەن بېلگراد 22 يىل داۋام قىلغان ئىشغالىيەتتىن قۇتۇلۇپ، يېڭىدىن ئوسمانلى دۆلىتىگە قارىتىلىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ بۇ تۈر غەلىبىلىرى ھەم ئاۋستىرىيە ھەم رۇسلارنى تىنچلىق ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ قويىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتى دىپلوماتىيە ساھەسىدىمۇ فىرانسىيە ۋە شىۋېتسىيە بىلەن كېلىشىملەرنى ئىمزالاپ، فىرانسىيەنىڭ بالتىق دېڭىزىغا رۇسلارغا قارشى دېڭىز ئارمىيەسىنى يوللىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوسمانلى دۆلىتى بىلەن ياۋروپا دۆلەتلىرى ئارىسىدا بىر كۈچ مۇۋازىنىتى شەكىللىنىدۇ ۋە 1768 - يىلىغىچە داۋام قىلغان 28

يىللىق تىنچلىق دەۋرى باشلانغان بولىدۇ. بۇ تىنچلىق دەۋرىگە باشلامچىلىق قىلغان شەرتنامە 1739 - يىلى 18 - سېنتەبىر كۈنى ئىمزالانغان بېلگراد شەرتنامىسى بولۇپ، بۇ شەرتنامىنىڭ روھىغا ئاساسەن، بېلگراد ئوسمانلى دۆلىتىگە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سەمەندىرە، بوغۇردەلەن ۋە لوزان شەرتنامىلىرى تۈزۈلگەنگە قەدەر تۈركلەرنىڭ قولىدا قالغان ئادا قەلئە ئوسمانلىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. 1718 - يىلدىكى پاساروفچا شەرتنامىسى بىلەن بانات ۋە تەمەشۋاردىن باشقا ئاۋستىرىيەگە بېرىلگەن يەرلەر تەكرار ئوسمانلى دۆلىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئازاك قەلئەسىمۇ يىقىپ تاشلىنىپ، زېمىنى ئوسمانلى دۆلىتىگە تاپشۇرۇلىدۇ. بۇلاردىن سىرت، ئازاك ۋە قارا دېڭىزدا ھېچبىر رۇس پاراخوتى تۇرغۇزۇلمايدىغان بولۇپ، نەتىجىدە قارا دېڭىز ئوسمانلى كۆلى بولۇش ئورنىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئوسمانلى دۆلىتى رۇسىيە چارىنى ئىمپېراتور دەپ ئاتاشنى رەسمىي قوبۇل قىلىدۇ.

.......................................................................................

بېلگراد كېلىشىمى ئەينى ۋاقىتتا ئىران، رۇسىيە ۋە ئاۋستىرىيە ئالدىنقى سەپلىرىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئەسكىرىي ئۈستۈنلۈكىنىمۇ ماقۇللايتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوسمانلى قوشۇنىنىڭ ھېلىھەم ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، بىرىنچى مەھمۇت ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى پارلاق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىدىن كېيىن سەلتەنەت سۈرايدىغانلار ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىق ۋەزىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. بىرىنچى مەھمۇت سەلتەنىتىنىڭ قالغان 15 يىلىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان مەزكۇر تىنچلىق ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. دىققەت -ئېتىبارىنى ئاساسلىقى دۆلەتنى، خۇسۇسەن ئىستانبۇلنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. بۇ مەقسەتتە، ئىستانبۇل -ئەدىرنە ئارىسىدىكى دۆلەتكە ئائىت بارلىق سارايلارنى رېمونت قىلدۇرىدۇ. ئىستانبۇلدا لالە دەۋرىدە باشلانغان بىناكارلىق ھەرىكەتلىرى داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. 1734 - يىلى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ھۇمباراجى ئەھمەت

پاشا دەپ ئىسىم قويۇلغان فىرانسۇز كومتې دۆ بوننېۋالغا توپ ئوقلىرىغا مەسئۇل ھۇمباراجى  مەركىزىنى ياخشىلاش ۋەزىپىسى بېرىلىدۇ ۋە بۇ مەقسەتتە ئۈسكۈداردا ھۇمباراخانە نامى ئاستىدا بىر ھەربىي لاگىر ۋە مەكتەپ ئېچىش ئارقىلىق كېيىنچە ئېچىلىدىغان ئىنژېنىرخانىلارنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىسى يارىتىلىدۇ. 1743 - يىلىغا كەلگەندە سۇلتان ئەھمەت مەيدانىدا دەپتەردارلىق بىناسى ئىنشا قىلىنىدۇ.

بىرىنچى مەھمۇت دەۋرىدە ئىستانبۇلدا ئۈچ كۇتۇبخانا ئېچىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى ساراي تەرىپىدىن تۆت مىڭ كىتاب بېغىشلانغان ئاياسوفيا كۇتۇبخانىسىدۇر. بۇ كۇتۇبخانىنىڭ چىقىملىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھازىرقى چاغالئوغلۇ ھامامىمۇ ئىنشا قىلىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. ئىككىنچى كۇتۇبخانا بولسا ، فاتىھ ۋە سۇلايمانىييە جامەلىرىگە يېقىن يەرگە سالدۇرۇلىدۇ. ئۈچىنچى كۇتۇبخانا گالاتا سارايىغا ئىنشا قىلىنىدۇ ۋە سارايدىن كىتابلار كەلتۈرۈلۈپ ، بۇ كۇتۇبخانىغا قويۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ، بېلگراد ۋە ۋىدىندىمۇ كۇتۇبخانىلار سېلىنىپ ، ئىستانبۇلدىن ئۇ يەرلەرگە كىتابلار ئەۋەتىلىدۇ. گالاتا مەكتىپىدە يېڭىچە ئوقۇ -ئوقۇتۇش سىستېمىسى يولغا قويۇلىدۇ. بىرىنچى مەھمۇت ، ئىستانبۇلنىڭ ھەر تەرىپىگە چەشمىلەرنى سالدۇرىدۇ ، توپخانە پورتىدىكى مەشھۇر مەيدان چەشمىسىنىمۇ ئىنشا قىلدۇرىدۇ. ئىستانبۇلدا دائىم سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان نولارنىڭ ئايرىلىش نۇقتىسى تاكسىم (تەقسىم قىلىش ، ئايرىش) دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ. بۇلاردىن سىرت ، بىرىنچى مەھمۇت ئۆزى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان كاندىللىگە پورت ، ھامام ۋە دۇككانلارنى سالدۇرۇپ ، بۇ يەرنىڭ بىر كىچىك بازارغا ئايلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. يەنە بەشىكتاش ساھىل سارىيىنىڭ يېنىغا دولماباغچە سارىيىنى سالدۇرىدۇ ۋە ساراي بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىشقا باشلايدۇ. بىرىنچى مەھمۇت دەۋرىدە تۇنجى قېتىم ياز مەۋسۇملىرى ھارەم خىزمەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە توپقاپى سارىيىغا ئۆتۈش ئەنئەنىسىمۇ باشلىنىدۇ. بىرىنچى مەھمۇت 1749 -يىلى ھۇل تېشى قويۇلغان ئىستانبۇلدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەڭ چوڭ سۇلتان كۇللىيەسى بولغان نۇرى ئوسمانىييە قۇرۇلۇشىنىڭ

پۈتكەنلىكىنى كۆرۈشكە نائىل بولالمايلا، 1754- يىلى 13- دېكابىردا كېسەل بولماستىن تويۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئوتتۇز ئالتىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Yılmaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986·

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999· '

dülkadir Özcan, "I· Mahmut", TDVÎA, c· 27·


## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-37

ئۈچىنچى ئوسمان ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئۈچىنچى ئوسمان (1754-1757)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئۈچىنچى ئوسمان (1754-1757)»

سۇلتان ئۈچىنچى ئوسمان ئىككىنچى مۇستاپانىڭ شەھسۇۋار ئىسىملىك چۆرىسىدىن بولغان ئوغلى بولۇپ، 1699- يىلى ئىستانبۇلدا دۇنياغا كېلىدۇ. 1703- يىلى ئاتىسى ئىككىنچى مۇستاپا تەختتىن چۈشۈرۈلگەندە ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن ئۈچىنچى ئوسمان، ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلۈپ توپقاپى سارىيىدىكى

شەمشادلىق بۆلمىسىدە نەزەربەنت قىلىنىدۇ. تاغىسى ئۈچىنچى ئەھمەتنىڭ 27 يىل، ئاكىسى بىرىنچى مەھمۇتنىڭ 24 يىل داۋام قىلغان سەلتەنەتلىرى بويىچە جەمئىي 51 يىلنى نەزەربەنت ئاستىدا ئۆتكۈزىدۇ ۋە يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق مەھبۇسلۇق ھاياتى بىلەن ئوسمانلى شاھزادىلىرى ئارىسىدا رېكورت يارىتىدۇ. بۇ جەرياندا كۆپ نۇرى چۈشمەيدىغان جايلاردا ياشايدۇ، ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈشىگىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ، تەلىم ـتەربىيەدىن مەھرۇم قالىدۇ، ئۇنىڭغا پەقەت ھاۋا ياخشى بولغان كۈنلىرى قاتتىق نازارەت ئاستىدا سارايىنىڭ پىيادىلەر يولىغا چىقىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئاكىسى بىرىنچى مەھمۇتنىڭ 1754- يىلى 13- دېكابىر كۈنى دۆلەت ئەركانى بىلەن بىرلىكتە جۈمە نامىزىدىن قايتىۋېتىپ، سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ۋاپات بولۇپ كېتىشىدىن كېيىن، شاھزادىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان ئوسمان پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. 54 يېشىدا تەختكە ئولتۇرغان سۇلتان ئۈچىنچى ئوسمان شۇ زامانغا قەدەر سۇلتان بولغان ئوسمانلى پادىشاھلىرى ئارىسىدىكى ياش جەھەتتىن ئەڭ چوڭى ئىدى. ئاكىسى بىرىنچى مەھمۇت تەرىپىدىن سالدۇرۇلۇپ، تېخى ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمىگەن جامەدىكى قەبرىگاھقا بىرىنچى مەھمۇتنىڭ دەپنە قىلىنىشىغا توسالغۇلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمىنئۆنۈدىكى يېڭى جامەنىڭ قەبرىگاھىغا دەپنە قىلىنىشى ئۈچۈن پەرمان چۈشۈرىدۇ. جۇلۇس مۇراسىمىنىڭ ئالتىنچى كۈنى ۋالىدە پاراتى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ۋالىدە پاراتى ئوسمانلى دۆلىتىدە بىر رەسمىي ئەنئەنە بولۇپ، ئۈچىنچى مۇرات (1574- 1595) دەۋرىدىن بېرى ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلايدۇ. ئۆلۈم ياكى باشقا بىر سەۋەب تۈپەيلى تەختتىن چۈشۈرۈلگەن پادىشاھنىڭ ئانىسى، ئاياللىرى ۋە قىزلىرى توپقاپى سارىيىدىن چىقىرىلىپ، ھازىرقى كۈندە يوق بولسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا بەيازىت مەيدانىنىڭ يېنىغا ئىنشا قىلىنغان كونا سارايغا خىزمەتكارلىرى بىلەن بىرلىكتە قايتۇرىلاتتى. بۇنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرغان پادىشاھنىڭ ئانىسى بەيازىتتىكى كونا سارايدىن بارلىق خىزمەتكارلىرى بىلەن بىرلىكتە توپقاپى سارىيىغا قاراپ ھەرىكەت قىلاتتى. بۇ ھەرىكەت ئەسناسىدا توپقاپى سارىيىدىن ئەۋەتىلگەن كۆپلىگەن دۆلەت ئەركانى ۋالىدە سۇلتانغا

ھەمراھ بولۇپ، بۇنى بىر پاراتقا ئايلاندۇراتتى. تەختىراۋان ياكى ھارۋا بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان ۋالىدە سۇلتان ئۆتىدىغان يولنىڭ ئىككى بويىغا يەنىچەرىلەر تىزىلىپ، سالام بېرەتتى. ۋالىدە سۇلتان ۋە ھەمراھلىقىدىكىلەر توپقاپى سارىيىغا كەلگەندە، پادىشاھ ئۆزى بىۋاستە قارشى ئالاتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇراسىم ئاخىرلىشاتتى. بۇ ئەنئەنە 1839 - يىلى ئېلان قىلىنغان ئىسلاھات قارارلىرىغا قەدەر ئوسمانلى دۆلىتىدە داۋام قىلىدۇ. بۇ ئەنئەنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۈچىنچى ئوسماننىڭ ئانىسى شەھسۇۋار سۇلتانمۇ ۋالىدە پاراتى ئۆتكۈزۈلۈپ 1757 - يىلى 19 - دېكابىر كۈنى توپقاپى سارىيىغا كېلىدۇ. 20 - دېكابىر كۈنىمۇ غەربى ياۋروپادىكى تاج كىيىش مۇراسىمىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان قىلىچ ئويىنىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، فاتىھنىڭ قەبرىسى زىيارەت قىلىنىدۇ. ئەدىرنە قاپىدىن ئەييۇبقا بېرىپ، ئۇ يەردىن سەلتەنەت قېيىقى بىلەن يالى سارىيىغا قايتىلىدۇ. ئۈچىنچى ئوسمان 24 - دېكابىر كۈنى بارلىق ئەسكەرلەرگە خەزىنىدىن جۇلۇس ھەدىيەسى تارقىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئەنئەنىلەرگە خىلاپ ھالدا دەم ئېلىشقا چىققان ئەسكەر ۋە دۆلەت ئەربابلىرىغىمۇ جۇلۇس ھەدىيەسى بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پەرمان چىقىرىپ ھەر قېتىملىق ھۆكۈمدار ئالماشقاندىن كېيىن ئېلىنىشى بىر خىل قائىدىگە ئايلانغان جۇلۇس بېجىنى ئېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۈچىنچى ئوسماننىڭ سەلتەنەتى باشلانغان بولىدۇ.

..........................................................................

ئۈچىنچى ئوسمان، ئۇزۇن يىللار بويىچە نەزەربەنت ئاستىدا ھايات كەچۈرۈشنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى سۈپىتىدە يېتەرلىك دەرىجىدە پىشىپ يېتىلمىگەن ۋۇجۇدى، چەكلىك روھى قورۇلمىسى ۋە نەزەر دائىرىسىنىڭ تار بولۇشى قاتارلىقلار بىلەن ساراي ۋە دۆلەت ھاياتىغا مۇداخىلە قىلىدۇ. ئاياللار ۋە مۇزىكىدىن نەپرەتلىنىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن سارايدىكى چۆرىلەرنىڭ سانىنى ئازايتىدۇ، مۇزىكا چېلىشنى مەنئىي قىلىدۇ. بۇ قارار كۆپلىگەن مۇزىكانت ۋە ئۇسسۇلچىنىڭ سارايدىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. سارايدا تاپىنىغا كۆمۈش مىخلار قېقىلغان ئاياغ كىيىپ، ئاياغ ئاۋازىنىڭ يىراقتىن ئاڭلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە

قىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزى «شۇم» دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۈچىنچى ئوسمان دەۋرىدە ئىستانبۇلدا بىر قاتار پالاكەت ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر مەيدانغا كېلىدۇ. تەختكە ئولتۇرۇشىنىڭ بىرىنچى ئېيىدا، خالىچ قاتتىق سوغۇقتىن مۇز تۇتۇپ كېتىدۇ. 1755- يىلى 11- يانۋاردىن فېۋرال ئېيىنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋام قىلغان سوغۇق سەۋەبىدىن دېڭىزمۇ توڭلاپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق سوغۇق هاۋادىمۇ ئۈچىنچى ئوسمان، ئىستانبۇل خانىملىرىنىڭ ئۇچۇق كېيىملەر بىلەن سىرتقا چىقىشلىرىنى مەنئىي قىلىدۇ، مەجبۇر بولۇپ قالغان ئەهۋالدا ئۇزۇن پەرىجىلەرنى كېيىپ چىقسا بولىدىغانلىقىنى جامەلەرنىڭ ئىماملىرى ئارقىلىق ئۇقتۇرىدۇ. سەلتەنىتىنىڭ دەسلەپكى بىر يىلى بويىچە «چىقىشالماس» خاراكتېرى يۈزىسىدىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئارقا -ئارقىدىن بەش سەدرىئەزەمنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئورنىغا باشقىلىرىنى تەيىنلەيدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، پادىشاھنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدىكى تەلىم -تەربىيە يېتەرسىزلىكى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرى سەدرىئەزەملەرنىڭ ئالدىدا تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىش ئەندىشى ئىدى.

ئۈچىنچى ئوسمان، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كۆپلىگەن ئوسمانلى سۇلتانلىرىغا ئوخشاشلا 1755- يىلىنىڭ باهار پەسلىدە توپقاپى سارىيىدىن بەشكتاشتىكى دولماباھچە سارىيىغا بېرىپ، يازنى ئۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ. 1755- يىلى 27، 28- سېنتەبىر كۈنلىرى خوجا پاشا ئوت ئاپىتى دەپ ئاتالغان ئىستانبۇلنىڭ ئەڭ چوڭ ئوت ئاپەتلىرىنىڭ بىرى مەيدانغا كېلىدۇ. دەمىرقاپىدىكى بىر ئۆيدە باشلانغان ئوت ئاپىتى سۈرئەت بىلەن ئىستانبۇلنى قورشىۋالىدۇ ۋە بۇ يەرلەردىكى كۆپلىگەن مەھەللىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. 36 سائەت داۋام قىلغان ئوت ئاپىتى مەزگىلىدە هۆكۈمەت بىناسى بىلەن بىرلىكتە مۇهىم دۆلەت ئورگانلىرىمۇ ئوت ئاپىتىدىن قېچىپ، كادىرگادىكى ئەسما سۇلتان سارىيىنى ۋاقىتلىق هۆكۈمەت بىناسى قىلىپ ئىشلىتىدۇ. قۇرۇلۇشى 1749- باشلانغان بولسىمۇ، بىرىنچى مەهمۇتنىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشى

سەۋەبىدىن پۈتمەي قالغان يېڭى جامە 1755 - يىلى 5 - دېكابىر كۈنى ناھايىتى چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ ئىبادەتكە ئېچىلدى. ئۈچىنچى ئوسمان، بۇ جامەگە ناھايىتى كىچىك ھېسابلىنىدىغان بەزى نەرسىلەرنى ئېلاۋە قىلدۇرغان بولۇشىغا قارىماي، ئاكىسى بىرىنچى مەھمۇتنىڭ ئەمەس، ئۆز ئىسمىنى بېرىپ «نۇرى ئوسمانىيە» دەپ ئاتايدۇ. يەنە ئوسمانلى دۆلەت ئەنئەنىسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان جۈمە سالامى بۇ جامەدە ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئوسمانلى سۇلتانلىرى خەلق بىلەن پۈتۈنلىشىش ئۈچۈن سالدۇرغان سارايلارنىڭ ئىچىگە چوڭ جامەلەرنى ئىنشا قىلدۇرىدۇ، خەلق بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن دۆلەت ئەركانىنىڭ كۆپ قىسمىنى يېنىغا ئالغان ھالدا ھەر جۈمە كۈنى باشقا بىر جامەگە بارىدۇ. بۇ ئىش ئوسمانلى تارىخىدا «جۈمە سالامى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى ئوسمان جامەگە بېرىپ، جامەدىكى ئادەتتە سۇلتان ئولتۇرىدىغان ئورۇنغا ئولتۇرۇپ خەلققە سالام بېرىدۇ، جامەدە ئىشلەيدىغانلاردىن باشلاپ، سىرتتىكى يوقسۇللارغىچە كۆپلەپ سەدىقە تارقىتىپ بېرىپ، نۇرى ئوسمانىيەنى ئىبادەتكە ئاچىدۇ.

............................................................................

1756 - يىلى مارت ئېيى كېچىسى دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر مىسىر پاراخوتى ئالتە يۈز يولۇچىسى بىلەن بىرلىكتە قۇمقاپىدا قىرغاققا سوقۇلۇپ كېتىدۇ. پادىشاھ كېمىسازلىقتىن ئادەم ۋە باشقا ياردەملەرنى يوللاپ ئۆلارنى قۇتقۇزىۋالىدۇ. بۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ تەكرار يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالۇرقاپىغا بىر چىراق ئېسىلىشىنى بۇيرۇيدۇ. ئۈچىنچى ئوسماننىڭ 1756 - يىلى 16 - ئاپرېلدا ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسى شەھسۇۋار سۇلتانىمۇ جىنازە نامىزىدىن كېيىن يېڭى سېلىنغان نۇرى ئوسمانىيە جامەسىنىڭ قەبرىگاھىغا دەپنە قىلىنىدۇ. شۇ يىلى 4 - ئىيۇلنى 5 - ئىيۇلغا باغلىغان كېچىسى ئىستانبۇلنىڭ ئەڭ چوڭ ئوت ئاپىتى مەيدانغا كېلىدۇ. جىبالى ئوت ئاپىتى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان بۇ پالاكەت 48 سائەت داۋام قىلىدۇ. 13 نۇقتىدىن شەھەرنى قورشىۋالغان ئوت ئاپىتىدە جىبالى، ئۇنقاپى، سۇلايمانىيە، ۋەفا، شەھزادەباشى، زەيرەك، ساراچخانە، ئاقساراي، داۋۇت پاشا، فاتىھ، يېڭى قاپى

دېگەندەك  ئىستانبۇلنىڭ ئەڭ قەدىمىي رايونلىرى كۆلگە ئايلىنىدۇ. بۇ ئاپەت ئەسناسىدا 2000 مىڭ ئۆي ـ ماكان، 1000 دۇكان، 200 جامە ۋە مەسچىت، 70 هاممام، كۆپ ساندا تۈگمەنلەر كۆيۈپ كېتىدۇ ياكى زىيانغا ئۇچرايدۇ. كۆيۈپ كەتكەن بىنالارنىڭ ئومۇمىي سانى 3851 دەپ بېكىتىلىدۇ. ئۈچىنچى ئوسمان دەۋرىدە يۈز بەرگەن خوجا پاشا ۋە جىبالى ئوت ئاپەتلىرىدە ئىستانبۇلنىڭ تۆتتىن ئۈچىنىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئوت ئاپەتلىرىدىن كېيىن ئىستانبۇلدا قۇرۇلۇش قىلىش سەپەرۋەرلىكى باشلىتىلىپ، ئۆي ـ ماكان ۋە دۇكان سالغۇچىلارغا دۆلەت خەزىنىسىدىن ياردەم بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى ئوسمان، ئۈچىنچى ئەهمەتنىڭ شاهزادىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان ئوغلى شاهزادە مەهمەتنى زەهەرلەپ ئۆلتۈرگۈزىدۇ. شاهزادە مەهمەت يېڭى جامە قەبرىگاهىغا دەپنە قىلىنىدۇ. 1757 - يىلى 30 - ئۆكتەبىردە ۋاپات بولغان ئۈچىنچى ئوسمان، بىرىنچى مەهمەتنىڭ يېڭىلىق هەرىكەتلىرىنى توختىتىپ قويىدۇ. ئاياللارنىڭ كوچىلارغا چىقىشىغا چەكلىمە قويۇش، غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۈچۈن بىر قىسىم چەكلىمىلەرنى يولغا قويۇشقا ئوخشىغان غەلىتە سىياسەتلىرى بىلەن ئىككى يىل ئىككى ئاي تەختتە ئولتۇرغان ئۈچىنچى ئوسماننىڭ سەلتەنىتى دەۋرىدە ئىككى چوڭ ئوت ئاپىتىنى باشتىن كەچۈرگەن ئىستانبۇللۇقلار، بۇ دەۋرنى «شۇم» دەۋر دەپ ئاتىشىدۇ. ئۈچىنچى ئوسمان دەۋرىدە، بىرىنچى مەهمۇت سەلتەنەت سۈرگەن يىللاردا كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان تىنچلىق سايىسىدا تاشقى ۋە ئىچكى سىياسەتتە تىلغا ئالغۇدەك بىر ئەهۋال يۈز بەرمەيدۇ. ئۈچىنچى ئوسماننىڭ ئاكىسى بىرىنچى مەهمۇتقا ئوخشاشلا پەرزەنتى بولمايدۇ. ۋاپات بولغاندا يېڭى سۇلتان ئۈچىنچى مۇستاپا تەرىپىدىن نۇرى ئوسمانىيەگە ئەمەس، يېڭى جامە قەبرىگاهىغا دەپنە قىلدۇرۇلىدۇ. ئۈچىنچى ئوسمان دەۋرىدىن زامانىمىزغا ئاهۇ دەرۋازىسى چىرىقى، يېپىق بازاردىكى چەشمە، توپقاپى سارىيىدىكى ئۈچىنچى ئوسمان سارىيى ۋە نۇرى ئوسمانىيە جامەسى قالىدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پروگراممىزنىڭ ئوتتۇز يەتتىنچى  بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Yılmaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986·
Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999·
Şinasi Altundağ, "III· Osman", ÎA, c· 9·'


# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-38

ئۈچىنچى مۇستاپا ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پروگراممىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئۈچىنچى مۇستاپا (1757-1774)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئۈچىنچى مۇستاپا (1757-1774)»

سۇلتان ئۈچىنچى مۇستاپا، ئاتىسى ئۈچىنچى ئەھمەت سەلتەنەت سۈرىۋاتقان يىللاردا، يەنى 1717- يىلى ئەدىرنەدە ئەسلى كېلىپ چىقىشى كېنىزەك بولغان مېھرىشاھتىن دۇنياغا كېلىدۇ. لالە دەۋرىدە دۇنياغا كەلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن 13 يېشىغىچە ياخشى تەلىم - تەربىيە ئالىدۇ، لالە دەۋرىنىڭ كۈلتۈر ۋە بىناكارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. 1730- يىلىدىن كېيىن 27 يىل بويىچە توپقاپى سارىيىنىڭ  قەپەس قەسرىدە ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ يىللار ئىچىدە ئۆزىنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈش ئەندىشىسى بىلەن زەھەرلىنىشكە قارشى تۇرۇش ۋە ئاسترونومىيەگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. 40 ياشقا

كىرگەندە، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۈچىنچى ئوسمان ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، تەختكە ئولتۇردى. ئوسمانلى تارىخىدىكى ئاخىرقى جۇلۇس ھەدىيەسى ئۈچىنچى مۇستاپانىڭ 1757 - يىلىدىكى تەختكە ئولتۇرۇشى ئەسناسىدا بېرىلدى. ئۆزىدىن ئىلگىرىكى سۇلتان دەۋرىدە خەلقتىن يىغىلىدىغان جۇلۇس بېجى بىكار قىلىنغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچىنچى مۇستاپادىن كېيىنمۇ جۇلۇس ھەدىيەسى بېرىش ئادىتىمۇ ئاخىرلاشدى.

ئۈچىنچى مۇستاپا سەلتەنىتىنى دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقى، خەلقنىڭ باياشاتلىق ئىچىدە ياشىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى مەزمۇن قىلغان بىر ئادالەتنامە تارقىتىش ئارقىلىق باشلايدۇ. 1768 - يىلىغا قەدەر بىرىنچى مەھمۇتنىڭ 1739 - يىلىدىكى بېلگراد كېلىشىمى پەيدا قىلغان خەلقئارا ساھەدىكى تىنچلىق ھاۋاسىدا سەلتەنەت سۈردى. بۇ يىللار ئىچىدە ئوسمانلى خەزىنىسىنى ناھايىتى كۈچلۈك ھالغا كەلتۈردى. پۇقراچە كىيىنىپ، پات - پات خەلقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى بىۋاستە كۆزىتىدۇ. ناھايىتى چوڭ بىر ئىستېمال مەركىزى بولغان ئىستانبۇلنىڭ ئاشلىق مەسىلىسىنى ئۆزۈل - كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئامبارلارنى ياساتقۇزىدۇ. قىممەت ۋە راھەت - پاراغەتلىك ئىستىمالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىمپورتنى ئازايتىدۇ. ناۋايخانىلارنى نازارەت قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ناننىڭ بەلگىلەنگەن ئېغىرلىقتا يېقىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. يېڭى رەخت دۇكانلىرىنىڭ پائالىيەت باشلىشىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ناھايىتى چوڭ تىجارەت ئېلانلىرىنى چىقارغۇزىدۇ. پۇلنىڭ ئۆلچىمىنى ئۆزگەرتىش ۋە قىممىتىنىڭ چۈشۈرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويىدۇ. قەرزلىرى يۈزىسىدىن تۈرمىلەرگە تاشلانغان مەھبۇسلارنى كەچۈرۈم قىلىدۇ.

تەبىقە تۈزۈمىگىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن ئۈچىنچى مۇستاپا بۇلغۇن ۋە سۈلەيسۇن قاملىرىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنىڭ پەقەت دۆلەت ئەركانى تەرىپىدىن كىيىلىشىنى، غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ سېرىق ئۆتۈك ۋە گۈللۈك كىيىملەرنى كىيمەسلىكىنى بۇيرۇيدۇ. بۇ خىل كىيىم - كېچەك مەسىلىسىگە بويسۇنۇش ئىشى

جامائەت رەئىسلىرىگە قويۇپ بېرىلىدۇ. ئەينى شەكىلدە خىزمەتكار ۋە سودىگەرلەرنىڭ قىممەت ـ باھالىق تون، گۆللۈك كىيىملەرنى كىيىشنى چەكلەيدۇ. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تولۇق كېيىنمەستىن سىرتقا چىقماسلىقى، كىشىلەر توپلانغان جايلارغا بارماسلىقنى بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئىستانبۇللۇقلارنىڭ بۇ قانۇنلارغا دىگەندەك بويسۇنۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقىلى بولمايدۇ. بۇمۇ لالە دەۋرى بىلەن ئومۇملىششقا باشلىغان يېڭى بىر خىل تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئىستانبۇلدا قوللاشقا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرستىپ بېرىدۇ.

................................................................

ئۈچىنچى مۇستاپا، ئىسلاھاتچى ۋە بىناكارلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر پادىشاھتۇر. 1760- يىلى 5- ئاپرېل كۈنى لالەلى كۈللىيەسىنىڭ ئۇل تېشىنى قويىدۇ ۋە ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە كىرىشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ دەۋرىدە بەيقۇز ۋە بوغۇز ئىچىدە راۋاق سېلىش قىزغىنلىقى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئومۇملىشىدۇ. بۇ يەرلەرگە جامە ۋە ھامام سېلىنىدۇ. بەيقۇزنىڭ دۇكانلىرى كېچىلىرىمۇ چىراق ۋە مۇملارنى ياندۇرۇش ئارقىلىق خېرىدارلارغا خىزمەت قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. بەيقۇز بوغۇز ئىچىنىڭ ئەڭ گۈزەل يازلىق سارايلىرى ۋە كۆشكۈل ئېچىش ئورۇنلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. بولۇپمۇ سەلتەنەتىنىڭ دەسلەپكى ئالتە ئېيىدا سەدرىئەزەملىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن كوجا راغىپ پاشا تىنچلىق تەرەپدارى بىر سىياسەتنى ئىجرا قىلىپ، فىرانسىيە، ئەنگلىيە، رۇسىيە، ئاۋستىرىيە، دانىيە ۋە ئىرانغا ئوخشاش دۆلەتلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، سودا كېلىشىملىرىنى ئىمزالايدۇ. 1761- يىلى ئىران بىلەن تۇنجى دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ.

لېكىن بۇ ئىجابىي ئەھۋاللار 1766- يىلى 22- مايدا مەيدانغا كەلگەن ئىستانبۇلدىكى يەر تەۋرەش ۋەقەسى بىلەن ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. پۈتۈن ئىستانبۇل مىقياسىدا ئىككى مىنۇتقا يېقىن داۋام قىلغان ئېغىر

يەر تەۋرەشتە ئاساسەن دېگۈدەك زىيانغا ئۇچرىمىغان بىرمۇ قۇرۇلۇش قالمايدۇ. ئىستانبۇلدا ئوسمانلىنىڭ ئەڭ يارقىن ئابىدىلىرى بولغان فاتىھ، بەيازىت، مىھرىمان سۇلتان جامەلىرى قاتارلىق كۆپلىگەن بىنالار ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. ئىستانبۇلدا سەككىز ئاي ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت قېتىم يەر تەۋرەش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ. ئىستانبۇل خەلقى شەھەرنى تاشلاپ سەھرالاردا پاناھلىنىدۇ. سۇلتان ئۈچىنچى مۇستاپا بولسا، بىناكارلارغا پەرمان چۈشۈرۈپ، گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن بىنالارنى رېمونت قىلىپ، ئىستانبۇلنى قايتىدىن بەرپا قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.

سىياسىي ساھەدە مەزكۇر يەر تەۋرەشلەرگە ئوخشاشلا تەسىر پەيدا قىلغان، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ يىقىلىشىغا باشلامچىلىق قىلىدىغان ۋەقەلەر 1768 - يىلى باشلىنىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتى، رۇسىيەنىڭ پولشانى ئىشغال قىلىشنى قوبۇل قىلماي، يىگىرمە سەككىز يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن تىنچلىق يولىنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ، رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. ئوسمانلى قوشۇنى ئۇزۇن يىل داۋام قىلغان تىنچلىق ئەسناسىدا ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرىنەرلىك دەرىجىدە يوقىتىپ قويغان قويغانىدى. رۇسىيە بولسا، چارىچە ئىككىنچى ئېكاتېرىنا قوماندانلىقى ئاستىدا قوشۇنىنى پرۇسىيا (گېرمانىيە) مودېلىدا مۇنتىزىم ۋە تولۇق قوراللانغان بىر قوشۇن قىلىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە ئوسمانلىنىڭ ئىتتىپاقدېشى بولغان قىرىم خانى گىراي قىشتا توپىۇقسىز قىلغان بىر قېتىملىق ھۇجۇمى بىلەن رۇسلارنى گاڭگىرىتىپ قويغانلىقىنى كۆرىمىز. رۇسلار پولشانىڭ دەرۋازىسى ھېسابلىنىدىغان تۇرلا دەرياسى بويىدىكى خوتىن قەلئەسىنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ. دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى كامانىچە رۇسلارنىڭ قولىدا ئىدى. شۇنداقتىمۇ رۇسلار ئوسمانلىلارنىڭ مۇداپىئە كۈچى ئالدىدا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولۇشىغا قارىماي، قەلئەنى قولغا كىرگۈزەلمەيدۇ. لېكىن ئوسمانلى قوشۇنى سېپىدىكى چۈشىنىشمەسلىكلەر يۈزىسىدىن خوتىن قەلئەسى ئىچىدىكى 300 زەمبىرەك بىلەن بىرلىكتە تاشلاپ كېتىلىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيەلىك قەلئەنىڭ 1769 - يىلى رۇسلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن

بىرلىكتە، ئوسمانلى – رۇس ئۇرۇشلىرىدا روسلارغا پايدىلىق ۋەزىيەت گەۋدىلىنىشكە باشلايدۇ. رۇسلارنىڭ بالتىق دېڭىزىدىكى ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى ئوكيانغا كىرگۈزۈپ، جەبەلى تارىق ئارقىلىق ئاق دېڭىزغا يوللىغانلىقى فرانسۇز ئەلچىسى تەرىپىدىن ئوسمانلىلارغا خەۋەر قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ خەۋەرگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. رۇس دېڭىز ئارمىيەسى 1770- يىلى چەشمەدىكى ئوسمانلى ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. قۇرۇقلۇقتا بولسا، مولداۋىيەنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن رۇمېنىيە رۇسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. بەندەردىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار قىرىپ تاشلىنىدۇ. 1771- يىلى 80 مىڭ كىشىلىك ئالتە قىرىم قوشۇنى زامانىۋىي قوراللارغا ئىگە رۇس قوشۇنى ئالدىدا مەغلۇب بولىدۇ. رۇسلارنىڭ قىرىملىقلارغا “قىرىمنى مۇستەقىل دۆلەت” دەپ ئېتىراپ قىلىمىز دەپ ۋەدە قىلىشى قىرىملىقلارنىڭ ئىككىگە ئايرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشلىرىگە توسالغۇ بولىدۇ. 1771- يىلى ئىيۇل ئېيىدا پۈتۈن قىرىم زىمىنى رۇسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قىرىمدا 1475- يىلىدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن 296 يىللىق ئوسمانلى ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىدۇ.

........................................................................

رۇسلار بىلەن قىلىنغان بۇ ئۇرۇش ئوسمانلى دۆلىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بىرلا دۆلەت ئالدىدا مەغلۇب بولغان تۇنجى ئۇرۇش بولۇپ قالىدۇ ۋە ئوسمانلى خەلقى ئىچىدە گاڭگىراش پەيدا قىلىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتىنى دۇنيا دۆلەتلىرى تەرتىپىدە تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، ئېتىبارسىزلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. كېيىن بىرىنچى ئابدۇلھەمىد دەۋرىدە يەنى 1774- يىلى 21 – ئىيۇل كۈنى سىلىستىرې ئەتراپىدىكى كىچىك قاينارجادا ئىمزالانغان كېلىشىم ئارقىلىق بۇ ئەھۋال رەسمىيلىشىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە بىر يېرىم مىليون مۇسۇلمان ياشايدىغان قىرىمدىن ئوسمانلى زېمىنلىرىغا كۆچۈش دولقۇنى باشلايدۇ. بۇ مەغلۇبىيەت ۋە كېلىشىمنى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولۇپ قىلىش پەيدا قىلغان ئىزتىراپ ئىچىدە، ئۈچىنچى مۇستاپا كېلىشىمنى ئىمزالىماستىنلا 1774- يىلى 21- يانۋاردا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئۈچىنچى مۇستاپا 1768 - 1771 - يىل ئورۇشلىرى ئېلىپ كەلگەن ئېغىر مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىن، ئەسكەرلەر سېپىدە بىر قاتار ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇ مەقسەتتە 1773 - يىلى ھازىرقى ئىستانبۇل پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەسلەپكى ئۇل تېشى بولغان مۇھەندىسخانەئى بەررىئى ھۇمايون يەنى قورۇقلۇق ئارمىيەسىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان زەمبىرەكچى ئوفىتسېرلارنى تەربىيلەيدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك بىر مەكتەپ ئېچىلدى. شۇ يىلى دېڭىز ئارمىيەسى ئىچىدىمۇ بەھرىئى ھۇمايون يەنى دېڭىز ئارمىيە مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەكتەپتە يېتىشىپ چىققان ئوفىتسېرلار ئارمىيەنىڭ ھالقىلىق خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ ئىسلاھاتلار، ئەسكىرىي مەغلۇبىيەتلەرنىڭ جاۋابكارى دەپ قارالغان يەنىچەرىلەرنى ئۆركىتىۋەتمەستىن ئېلىپ بېرىلىشقا ئورۇنلاندى.

ئۈچىنچى مۇستاپادىن زامانىمىزغا ئىستانبۇل پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن دېڭىز ئارمىيە مەكتىپىدىن باشقا، لالەلى كۆللىيەسى ۋە يەر تەۋرەش نەتىجىسىدە گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن ئەييۇب سۇلتان ۋە فاتىھ جامەلىرىنىڭ تۈپتىن يېڭىدىن ئىنشا قىلىنغان شەكلى قالدى. شاھزادىلىكى بويىچە زەھەرلىنىش ئەندىشى بىلەن ئىستىمال قىلغان زەھەرگە قارشى ماددىلارنىڭ تەسىرىدە چىرايى سۇلغۇنلىشىپ قالغان ئۈچىنچى مۇستاپا، “جاھانگىر” تەخەللۇسى ئاستىدا شېئىرلارنى يازغان، ئاسترونومىيەگە قىزىقىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن فىرانسىيەدىن ناھايىتى كۆپ ئاسترونومىيە كىتابىنى كەلتۈرگۈزگەنىدى.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئوتتۇز سەككىزىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Yılmaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986·

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999·

Şinasi Altundağ, "III· Osman", İA, c· 9·

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-39

بىرىنچى ئابدۇلھەمىد ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

«ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «بىرىنچى ئابدۇلھەمىد (1774-1789)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

### «بىرىنچى ئابدۇلھەمىد (1774-1789)»

بىرىنچى ئابدۇلھەمىد، ئۈچىنچى ئەھمەتنىڭ ئۈچىنچى مۇستاپادىن كېيىن ھۆكۈمدار بولغان ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئانىسى كېلىپ چىقىشى چۆرىلەردىن بولغان رابىيە شەرمى سۇلتاندۇر. ئۇ، 1725-يىلى 20-مارت كۈنى ئىستانبۇلدا دۇنياغا كېلىدۇ. ئاتىسى تەختتىن چۈشۈرۈلگەندە بەش ياشقا كىرگەن بىرىنچى ئابدۇلھەمىد، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 44 يىللىق ھاياتى تاكى 1774-يىلى تەختكە ئولتۇرغانغا قەدەر نازارەت ئاستىدا ئۆتىدۇ. قېرىندىشى ئۈچىنچى مۇستاپا ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئوغلى سەلىمنى تەخت ۋارىسلىقىغا نامزات قىلىپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، دۆلەت ئەركانى خانىدانلىقنىڭ ياش جەھەتتىن ئەڭ چوڭ ئەزاسىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش پرىنسىپىنى كۆچكە ئىگە قىلىپ، 1774-يىلى 21-يانۋاردا بىرىنچى ئابدۇلھەمىدنى پادىشاھ ئېلان قىلىدۇ. 1768-يىلى باشلانغان رۇس-ئوسمانلى ئۇرۇشى داۋام قىلىۋاتقان بولغانلىقى ئۈچۈن قوشۇن ئالدىنقى سەپتە ئىدى، ئىستانبۇلدىمۇ يېمەك-ئىچمەك قىيىنچىلىقى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇلۇس ھەدىيەسى بېرىلمەيدۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئوسمانلى سۇلتانلىرى

جۇلۇس ھەدىيەسى تارقاتمايدىغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، تەختكە چىقىشنىڭ ئەنئەنىۋى مۇراسىمى بولغان قىلىچ ئۇيىنىش ئەنئەنىسى داۋام قىلدۇرۇلىدۇ.

بىرىنچى ئابدۇلھەمىدنىڭ ماي بۇياق رەسىملىرىدىن ئۇنىڭ ئېگىز بويلۇق، يۈزى ئۇزۇن، سېرىق چىراي بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇزۇن يىللار بويىچە نازارەت ئاستىدا قالغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالىغۇدەك تەجرىبىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ سەدرىئەزەمنىڭ ئۇكرائىنادىكى ئۇسزاكوۋ قەلئەسىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ۋە پۇقرالارنىڭ قىرىپ تاشلانغانلىقىغا دائىر مەكتۇبىنى ئوقۇۋېتىپ مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىشى، ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچان ۋە ۋەتەنپەرۋەر خاراكتېرگە ئىگە بىر كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەستايىدىل، رەھىمدىل ۋە يېڭىلىقلارغا ئامراق خاراكتېرىمۇ ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

بىرىنچى ئابدۇلھەمىد تەختكە ئولتۇرار - ئولتۇرمايلا دۇچ كەلگەن بىرىنچى مەسىلە رۇسىيە بىلەن داۋام قىلىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ بىر كېلىشىم ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى بولىدۇ. ھازىرقى بۇلغارىيەنىڭ سىلىستىرى شەھىرىگە يېقىن كىچىك قايىنارجا يېزىسىدا ئىمزالانغان بولغانلىقى ئۈچۈن، «كىچىك قايىنارچا» دەپ ئاتالغان شەرتنامە ئارقىلىق 1774- يىلى 21- ئىيۇلدا ئۇرۇش ئاخىرلىشىدۇ. بۇ شەرتنامە بىلەن ئوسمانلى دۆلىتى شىمالدا ئازاك قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خېلى كۆپ زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. قىرىم خانلىقى، ئوسمانلى دۆلىتىگە بېقىندى بولۇشتىن چىقىپ، مۇستەقىل بىر دۆلەتكە ئايلىنىدۇ. رۇسلار بولسا، ئوسمانلىلارغا قاراشلىق خىرىستىيانلارنىڭ ھامىيسى دېگەن نامغا ئىگە بولىدۇ. رۇس سودا پاراخوتلىرىنىڭ قارا دېڭىزغا ئېچىلىپ، بوغۇزلاردىن ئۆتۈشى قوبۇل قىلىنىدۇ. فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيەگە بېرىلگەن سودا ئىمتىيازى رۇسىيەگىمۇ بېرىلىدۇ. بۇ شەرتنامە كېيىنكى تارىخچىلار تەرىپىدىن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشىنىڭ باشلانغۇچى دەپ قەيت قىلىنىدۇ. بۇ كېلىشىمنى ئىمزالىغان سەدرىئەزەم مۇھسىنزادە دامات مەھمەت پاشا ئىمزالانغان شەرتنامە ياراتقان بىئارامچىلىق ئىچىدە ئىستانبۇلغا قايتىۋېتىپ،

كارىنئابادتا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. بۇ كېلىشىمنىڭ ئوسمانلىلار ئۈچۈن ئەھمىيىتى بولسا، ياۋروپادا ئوسمانلىلاردىنمۇ كۈچلۈك ھەربىي قوشۇنلارنىڭ بارلىقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر. يەنە بىر مۇھىم نەتىجىسى بولسا، مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان قىرىم خانلىقىنىڭ ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1783 - يىلى رۇسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، رۇسىيەگە قوشۇۋېلىنىشىدۇر. شۇنداق قىلىپ، ئوسمانلى دۆلىتى بىلەن رۇسىيە ئارىسىدا قارا دېڭىزدىكىگە ئوخشاش قۇرۇقلۇقتا تەڭپۇڭ بىر دۆلەت قالمايدۇ.

....................................................................

كىچىك قاينارجا شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئوسمانلى دۆلىتى ئۆز ئىچىدىكى بىر قىسىم ئىسيان ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى باستۇرۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ مەقسەتتە سۇرىيە، مىسىر ۋە مورادا مەيدانغا كەلگەن ئىسيانلارنى دېڭىز ئارمىيەسىنى ئەۋەتىپ باستۇرىدۇ. لەۋەنتلەر، ئانادولۇدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ۋالىي ۋە پاشالارنىڭ يېنىدىكى ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر تەبىر ئىدى. ئەمما ھەر قانداق بىر سەۋەبتىن ۋالىي ياكى پاشا ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلانغان ۋەياكى ئۆلۈپ كەتكەندە، بۇ ئەسكەرلەر باشلىقسىز قالاتتى ۋە «ئىشسىز لەۋەنت» دەپ ئاتىلىشقا باشلايتتى. بىرسىگە خىزمەت قىلالمىغان بۇ ئەسكەرلەر تۇرمۇشلىرىنى قامداش ئۈچۈن باندىتلىق قىلىشقا باشلايتتى. بۇ خىل باندىتلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان لەۋەنتلەرنىڭ سانى 17 ۋە 18 - ئەسىرلەردە كۆرىنەرلىك دەرىجىدە كۆپىيىپ كېتىدۇ. بىرىنچى ئابدۇلھەمىد جىددىي شەكىلدە دىققىتىنى بۇ لەۋەنتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، 1775 - 1776 - يىللىرى بۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى يوقىتىپ تاشلايدۇ. ئەرەبىستاندا بولسا، ۋەھھابىيلىقنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن نەجد ئەمىرى ئابدۇلئەزىز بىن سۇئۇد ئوتتۇرا ئەرەبىستانغا ھۆكۈمدار بولىدۇ. ئىران بىلەن بولسا، 1775 - يىلى باشلىنىپ 1779 - يىلى ئاخىرلاشقان تۆت يىللىق ئۇرۇش بولۇپ ئۆتىدۇ. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى

مەزگىللىرىدە قولدىن كەتكەن بەسرە، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا ئوسمانلىلغا قايتۇرۇپ بېرىلىپ، ئۇرۇش ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ.

بىرىنچى ئابدۇلھەمىد دەۋرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇرۇشلار يەنىلا بالقان رايونىنىڭ غەرب ۋە شىمالىي ئالدىنقى سەپلىرىدە بولۇپ ئۆتىدۇ. شىمالدا رۇسلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى قىرىم ئۈستىدىكى نوپۇز مەسىلىسى ئىدى. بۇ ھەقتە 1778 - يىلىدا يۈز بەرگەن بىر ئۇرۇش فىرانسۇزلارنىڭ ئارىلىششى بىلەن ئاينالى كاۋاك (ئىستانبۇل بوغۇزىدىكى سارايىنىڭ نامى) كېلىشىمى ئارقىلىق توختىتىپ قېلىنىدۇ. بۇ كېلىشىم بىلەن رۇسلار، كىچىكقايىنارجادا قولغا كەلتۈرگەنلىرىدىن كۆپرەك پايدىغا ئېرىشىپ، پەقەت قىرىمدىلا ئەمەس، پۈتۈن بالقان رايونىدىكى نوپۇزىنى كۈچەيتىدۇ. بۇنىڭ ئورنىغا رۇسلارمۇ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ كاۋكاز رايونىدىكى نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

رۇسلار قىرىمدا ئۆز تەرەپدارلىرىنى سەلتەنەت بېشىغا كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، رۇس شاھزادىسى پوتېمكىن 1783 - يىلى پۈتۈن قىرىم زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، رۇسىيەگە قوشۇۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قىرىمدا ئوسمانلىلار «تاتار» دەپ ئاتايدىغان تۈرك خەلقىنىڭ دۆلىتى يىمىرىلىدۇ. چىنگىزخاننىڭ نەسلىدىن بولغان بىر يېرىم مىليونغا يېقىن تاتار تۈركلىرى رۇسىيەنىڭ ئاسارىتىگە مۇپتىلا بولىدۇ. خەلقنىڭ ئىلغار قاتلاملىرىدىن تەشكىل تاپقان 30 مىڭدىن ئارتۇق قىرىملىق رۇسلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن شاھزادە پوتېمكىن تەرىپىدىن قىرىپ تاشلىنىدۇ. قىرىمغا رۇسلارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، تۈركلەرنىڭ زېمىنلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۇلارغا بېرىدۇ. يۈز مىڭلارچە تۈرك قىرىمدىن كۆچۈشكە مەجبۇرلىنىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر كۆچۈش ئەسناسىدا رۇسلارنىڭ زەربىسى، كېسەللىك، ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھايات قالغانلار بالقان رايونى، ئانادولۇ ۋە ئىستانبۇلغا كېلىپ يەرلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قىرىم ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نوپۇسنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتى 1784 - يىلى 8 - يانۋاردا قۇبان دەرياسى چېگرا قىلىپ بېكىتىلىپ، پۈتۈن شىمالىي

كاۋكاز رايونىنىڭ ئوسمانلىغا بېرىلىشى بەدىلىگە قىرىمنىڭ رۇسىيەگە قوشۇۋېلىنغانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. چارىچە ئېكاتېرىنا 1787 - يىلى ئاتمىش مىڭ ئەسكەر بىلەن قىرىمغا كىرگەن چېغىدا، شاھزادە پوتېمكىن ئۇنى يېنىدا ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى ئىككىنچى جوسېفنىڭ بار بولۇشىغا قارىماي، ئىستانبۇل تەرىپىگە ئىشارەت قىلىدىغان «ۋىزانتىيە يولى» دەپ يېزىلغان بىر زەپەر لەۋھەسىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ قارشى ئالىدۇ. بۇ، ئىستانبۇلنىڭ ئېلىنىپ ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قۇرۇلىدىغانلىقىنىڭ ئېلانى ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئوسمانلى 1787 - يىلى ھەم ئاۋستىرىيە ھەم رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ئوسمانلى دۆلىتى 1739 - يىلى تۈزۈلگەن بېلگراد شەرتنامىسىدىن بۇيان ئاۋستىرىيە بىلەن قىرىق توققۇز يىل بويىچە ئۇرۇش قىلمىغانىدى. لېكىن ئوسمانلىنىڭ 1768 - 1774 يىل ئۇرۇشلىرىدا رۇسىيەگە مەغلۇب بولۇشى، ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى ئىككىنچى جوسفتا ئوسمانلىلارنى ناھايىتى ئاسان مەغلۇب قىلالايدىغانلىقى تونۇشىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئوسمانلى قوشۇنى 1788 - يىلى 21 - سېنتەبىر كۈنى ئەردەلنىڭ جەنۇبىدىكى سەبەستە ئاۋستىرىيە قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. سەكسەن زەمبىرەك ۋە ئەللىك مىڭ كىشىنى ئەسىرگە ئالغان تۈركلەر، ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. بۇ غەلىبىسىنىڭ شەرىپىگە سۇلتان ئابدۇلھەمىدكە «غازى» ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. سەبەس غەلىبىسى بېلگراد ۋە ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ بىر ئەسىر بويىچە ئوسمانلىلارنىڭ قولىدا قېلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

شىمالدىكى رۇس ئالدىنقى سېپىدە بولسا، ئەينى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ. رۇسلار شاھزادە پوتېمكىن قوماندانلىقى ئاستىدىكى سەكسەن مىڭ ئەسكەر بىلەن ئۆزۈ قەلئەسى ۋە ھازىرقى كۈندە

ئودېسا دەپ ئاتىلىدىغان خوجا پاشا قەلئەسىنى قولغا كىرگۈزىۋالىدۇ. ئارقىدىن پودولىيادىكى خوتىن قەلئەسىمۇ قولدىن كېتىدۇ. بۇ ھادىسىلەردىن خەۋەردار بولغان بىرىنچى ئابدۇلھەمىد پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، 1789 - يىلى 4 - ئاپرېلدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ۋاپات بولغىنىدا 64 يېشىدا بولغان بىرىنچى ئابدۇلھەمىد، قانۇنى سۇلتان سۇلايماندىن بىرى ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئوسمانلى پادىشاھى بولىدۇ. ئاخىرقى ئوسمانلى پادىشاھىغا قەدەر بولغان ئوسمانلى خانىدانلىقىمۇ بىرىنچى ئابدۇلھەمىدتىن كېلىدۇ.

بىرىنچى ئابدۇلھەمىد قوشۇننى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. 1773 - يىلى قۇرۇلغان دېڭىز ئارمىيە مەكتىپىنى كېڭەيتىدۇ. 1776 - يىلى كېمەسازلىق مەكتىپىنى ئاچىدۇ. 1784 - يىلى ئەسكەرلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قارايدىغان تېخنىك بۆلۈمى «ئىستىھكام» مەكتىپىنى تەسىس قىلىدۇ. بۇ مەكتەپلەردە فىرانسۇز مۇتەخەسسىس دۆ لا فايېتتې دەرس ئۆتىدۇ. بوغۇزدىكى ماتېماتىكا مەكتىپىدە بارون دۆ توت بىلەن ئەنگلىيەلىك مۇسۇلمان كامپېل مۇستاپا ۋە باشقا چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلار دەرس بېرىدۇ. ئىبراھىم مۇتەفەررىقە قۇرۇپ چىققان دۆلەت مەتبەئەسى ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تەكرار ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. بىرىنچى ئابدۇلھەمىد دەۋرىدىن زامانىمىزغا سىركەجىدە قۇرۇلغان چوڭ ئاشخانا قالغان بولۇپ، بۇ بىنانىڭ ئىچىگە ئۆسمۈرلەر مەكتىپى، مەدرەسە ۋە كۇتۇپخانىمۇ سېلىنغان. بۇ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلار دەۋرىمىزدە سۇلايمانىييە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا، مەدرەسە بىناسىدا بولسا، ئىستانبۇل كۆچمە مۈلۈكلەر پاي - چېكى بازىرى پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئوتتۇز توققۇزىنچى  بۆلۈمىنى ھۆزۈرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

Münir Aktepe, "Abdülhamid I" TDVÎA, c· 1·

Yılmaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986·

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkim Sultanları, İstanbul 1999·

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-40

ئۈچىنچى سەلىم ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئۈچىنچى سەلىم (1789-1807)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئۈچىنچى سەلىم (1789-1807)»

ئۈچىنچى سەلىم، سۇلتان ئۈچىنچى مۇستاپانىڭ 1761- يىلى مىھرىشاھ ۋالىدە سۇلتاندىن تۇغۇلغان ئوغلى بولۇپ، دۇنيا كېلىشى 7 كېچە -كۈندۈز زىياپەت بېرىپ تەبرىكلىنىدۇ. چۈنكى 1725 بىلەن 1761- يىللىرى ئارىسىدىكى 36 يىل بويىچە ئوسمانلى خانىدانلىقى ئىچىدە بىرمۇ شاھزادە دۇنياغا كەلمىگەن بولۇپ، ئوسمانلى خانىدانلىقى نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا پادىشاھنىڭ سەلىمدىن باشقا ئوغۇل پەرزەنتىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈچىنچى سەلىم ناھايىتى ياخشى تەلىم -تەربىيە ئالىدۇ. بەش ياشقا كىرگەندە ئوقۇشقا باشلايدۇ. ئاتىسى ئۈچىنچى مۇستاپا، ئۇنى تەجرىبىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن دۆلەت ئىشلىرىنى كۆزىتىش ۋە بىر قىسىم تەپتىش ئىشلىرىغا قاتنىشىشىغا قىزىقتۇرىدۇ. 1774- يىلى ئاتىسى ۋاپات بولغاندا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن ئۈچىنچى سەلىم، مەدەنىيەت - ساپا جەھەتتە 1595 -يىلى ۋاپات بولغان ئۈچىنچى سۇلتان مۇراتتىن كېيىنكى بارلىق پادىشاھلاردىن

يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلغان شاھزادىلەرنىڭ سانجاق (ئىستانبۇلنىڭ سىرتى) قا ئەۋەتىلىش تۈزۈمى يۈزىسىدىن ئوسمانلى شاھزادىلىرى سارايىنىڭ شەمشادلىق بۆلمىسىدە نەزەربەنت قىلىنىدۇ، پات-پاتلا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھۆكۈمدار ئالمىشىش سەۋەبىدىن ياخشى تەلىم-تەربىيە ئېلىشلىرىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

ئۈچىنچى سەلىم ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان تاغىسى بىرىنچى ئابدۇلھەمىدنىڭ دەۋرىدىكىدىنمۇ بەكرەك ئەركىن بىر خىل سىياسەت نەتىجىسىدە نەزەربەنت ھاياتىدا دېگەندەك ئېغىرچىلىقلارنى كۆرمەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىغا يول قويۇلىدۇ. بۇ سىياسەت ئۇنىڭغا تەختكە ئولتۇرغان 1789 - يىلىغا قەدەر ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە سەلتەنەتكە ھازىرلاش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ. تاغىسىنىڭ ئون بەش يىللىق سەلتەنىتى بويىچە ناخشا-مۇزىكا بىلەن ھەپىلەشكەن، نوتا ۋە شېئىرلارنى يازغان ئۈچىنچى سەلىم، مۇزىكا تارىخچىلىرى تەرىپىدىن ۋايىغا يەتكەن بىر مۇزىكانت دەپ تەرىپلىنىدۇ. نەي ۋە تەمبۇر چالىدىغان ئۈچىنچى سەلىم، سۆزى دىلئارا ناملىق مۇقامنى ئىجاد قىلىپ، بۇ مۇقام ئاساسىدا تۈرك كىلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى نوتىلاشتۇرىدۇ. ئۇ، ئۆز دەۋرىدە ئەڭ ياخشى كۆرىلىدىغان خەت نۇسخىسى بولغان تەئلىق نۇسخىدا ھۆسنخەتلەرنى يازىدۇ ۋە رەسمىي خەت-چەكلەردىمۇ ناھايىتى ساپ تۈركچە ئىشلىتىدۇ. ئۈچىنچى سەلىم بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوسمانلى پادىشاھلىرى ئارىسىدا گۈزەل-سەنئەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ۋايىغا يەتكەن بىردىنبىر سۇلتان دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

شاھزادىلىكى جەريانىدا ئەرەبچە ۋە پارسچىنى ناھايىتى پۇختا ئۆگەنگەن ئۈچىنچى سەلىم، پەقەت سەنئەتكە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەنلا قالمايدۇ. تەختكە ئولتۇرغان چېغىدا قىلىشى كېرەك بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ ئۆزىنى يېتىشتۈرىدۇ. بۇ مەزگىلدە سىرتقى دۇنيادىكى بولۇپمۇ ياۋروپادىكى سانائەت ۋە ئەسكەرلىك ساھەسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى يېقىندىن كۈزىتىشكە تىرىشىدۇ. يېقىن ئادەملىرىدىن ئىسھاق

بەگ بىلەن فرانسىيەنىڭ ئىستانبۇلدىكى ئەلچىسى شوازۆل گوۇففىئېنىڭ ۋاستىسى بىلەن فرانسىيە پادىشاھى 16 - لۇئىس بىلەن مەكتۇب يېزىشىدۇ. بۇ مەكتۇبلارنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلىم ۋە سىياسەت ساھەسىدە تونۇلغان ئەربابى ئەبۇ بەكىر راتىپ ئەپەندى تەرىپىدىن يېزىلىدۇ. دۇنيانى تونۇشنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە شاھزادىلىك مەزگىلىدىلا زەمبىرەكچىلىككە دائىر بىر پارچە ئەسەر يازىدۇ. ئۈچىنچى سەلىم 1789 - يىلى 7 - ئاپرېل كۈنى تەختكە ئولتۇرغاندا 27 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇ ياخشى تەلىم - تەربىيە ئالغانىدى ۋە ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ رۇسىيە ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرى ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى بىلەتتى. لېكىن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قايتىدىن بۇرۇنقى كۈچىگە ئىگە بولۇش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىغا كۈچلۈك شەكىلدە ئىشىنەتتى.

........................................................................................

ئۈچىنچى سەلىم تەختكە ئولتۇرغان يىلى ياۋروپادا فرانسىيە ئىنقىلابى يۈز بېرىدۇ. بۇ ئىنقىلاب ياۋروپانى سىياسىي جەھەتتىن قايتىدىن شەكىللىنىش يولىغا ئىتتىرىش بىلەن بىرگە، ئۇرۇشلارنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ. سانائەت ساھەسىدە بولسا، ياۋروپا پار ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ سانائەت ئىنقىلابىنى باشلايدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن ئۈچىنچى سەلىم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋە زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

1791 - يىلى ئون توققۇز تۈرك ۋە ئىككى نەپەر چەت ئەللىكتىن تەشكىل تاپقان يىگىرمە بىر كىشىدىن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك بولغان ئىسلاھاتلار ھەققىدە ئايرىم -ئايرىم دوكلات تەييارلاپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىككى چەت ئەللىك ئوسمانلى قوشۇنىغا خىزمەت قىلغان فرانسۇز بېرترانو بىلەن كېيىنكى مەزگىللەردە يازغان ئوسمانلى تارىخى ناملىق ئەسىرى بىلەن تونۇلغان شۋېتسىيەلىك م.دوخسوندۇر. پادىشاھ يېزىلغان دوكلاتلارنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ بىر ئوقۇپ چىقىدۇ. نەتىجە ئىسلاھاتلارنىڭ شەرت

ئىكەنلىكىنى ئۇتتۇرىغا قويسىمۇ، بۇنىڭ قايسى شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىشى مەسىلىسىدىكى پىكىرلەر ھەر خىل بولىدۇ. مۇھاپىزىكارلار دەپ تەرىپلەشكە بولىدىغان بىر گۇرۇپپا ئوسمانلىنىڭ دۇنيا دۆلىتى دەۋرىدىكى تۈزۈملىرىگە قايتىپ، بۇلارنى جانلاندۇرۇلۇش كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يول قويغۇچىلار دەپ تەرىپلەشكە بولىدىغان بىر گۇرۇپپا بولسا، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى بۇزماستىن ياۋروپانىڭ پەقەت ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. رادىكاللار دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ئۈچىنچى خىل گۇرۇپپا بولسا، ئوسمانلىنىڭ مەۋجۇت ئەھۋالىنى ئۆزگەرتكەندىلا، ياۋروپاغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئۈچىنچى سەلىم، رادىكال قاراشتىكىلەرنىڭ تەكلىپىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، 1793 - يىلى نىزامى جەدىد (يېڭى تۈزۈم) دەپ ئاتىلىدىغان دەۋرنى باشلىتىدۇ. ياۋروپاغا يېتىش ئۈچۈن، بارلىق دوكلاتلارنىڭ ئورتاق پىكرى بولغان ئەسكىريي ساھەنىڭ يېڭىلىنىشى قارىشى ئاساس قىلىنىپ، ئىسلاھاتلارنى بۇ يەردىن باشلايدۇ. بۇ مەقسەتتە، ياۋروپانىڭكىگە ئوخشاش شەكىلدە بىر قوشۇن تەشكىللەپ چىقىدۇ. بۇ قوشۇن ئۆز دەۋرىنىڭ نامى بىلەن «نىزامى جەدىد» دەپ ئاتىلىدۇ. چىقىرىلغان يېڭى ئەسكىريي قانۇنلار بىلەن قوشۇننىڭ تېخنىكىلىك قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان قىسىملارنىڭ ئىزچىل شەكىلدە ئىستانبۇلدا تۇرۇشى ۋە مۇنتىزىم ھالدا تەلىم -تەربىيە ئېلىشى شەرت قىلىنىدۇ. ئىستانبۇل خاسكۆيدە بۇ قوشۇن ئۈچۈن يېڭى ئورۇنلار تەسىس قىلىنىدۇ. توپخانىدىكى بىنالار يىقىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا زەمبىرەكچىلەر مەركىزى ئىنشا قىلىنىدۇ. زەمبىرەكچىلەر ئۈچۈن ياۋروپادىن ئىنژېنېرلار كەلتۈرۈلىدۇ. چوڭ زەمبىرەكلەرنى قۇيۇش ئۈچۈن زەمبىرەكخانا رېمونت قىلىنىدۇ. يەنىچەرىلەرنىڭ سودا -تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى ئۈچۈن، ھەپتىنىڭ مۇئەييەن كۈنلىرىدە تەلىم -تەربىيە ئېلىشلىرى بۇيرۇق قىلىنىدۇ. دېڭىز قىسىملىرى ئۈچۈنمۇ يېڭى قارارنامە چىقىرىلىپ، كاپىتانلارنىڭ مۇئەييەن شەرتلەرنى ھازىرلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى سەلىم، ئاتىسى دەۋرىدە يەنى 1773 - يىلى خالىچ سۈتلۈجەدە قۇرۇلغان دېڭىز ئارمىيە مەكتىپىنىڭ

دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. 1794 - يىلىغا كەلگەندە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ مەكتەپ تۇنجى تۈرك تېخنىكا مەكتىپى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ياۋروپادىن تەكلىپ قىلىنغان مۇتەخەسسىسلەردىن باشقا تۈرك ئوقۇتقۇچىلارمۇ دەرس ئۆتىدۇ. نىزامى جەدىد قوشۇنى ئۈچۈن ئىستانبۇل لەۋەندتە ئەسكىرىي لاگېرلار تەسىس قىلىنىدۇ ۋە بۇ قوشۇننىڭ ئانادولۇ ۋە رۇمئەلىدە تەسىس قىلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىلىدۇ. كونيا، ئەنقەرە، قەيسەرىگە ئوخشاش چوڭ شەھەرلەردە بۇ تەشكىلاتىنىڭ تارماقلىرى ئېچىلىدۇ. پات -پات لەۋەندتكە بېرىپ، ئەسكەرلەرنىڭ مەشىقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرىدىغان ئۈچىنچى سەلىم، بۇ قوشۇننىڭ چىقىملىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئىيرادى جەدىد (يېڭى كىرىم) نامى ئاستىدا يېڭى بىر خەزىنە تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەسكىرى ساھەدىكى ئىسلاھاتلار رويابقا چىقىرىلغان بولىدۇ.

...........................................................................

ئۈچىنچى سەلىم ئەسكىرىي ساھەدىكى ئىسلاھاتلاردىن كېيىن، باشقۇرۇش، ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە سىياسىي ساھەلەردىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىدۇ، ئىستانبۇلنىڭ ئۇزۇق -تۈلۈك ئېھتىياجىنى سودىگەرلەرنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئۇزۇق -تۈلۈك مىنىستىرلىكى قۇرۇپ، بۇ ئىشنى مىنىستىرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرىدۇ.

ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشلەرنى يېقىندىن كۈزىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئۈچىنچى سەلىم، تۇنجى قېتىم 1793 - يىلىدىن ئېتىبارەن ياۋروپا پايتەختلىرىدە تۇرۇشلۇق دائىمىي ئەلچىخانىلارنى ئاچىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاگاھ ئەپەندىنى لوندونغا، ئەسسەييىد ئەلى ئەپەندىنى فىرانسىيەگە، مۇنىپ ئەپەندىنى ئاۋستىرىيەگە، ئەزىز ئەپەندىنى گېرمانىيەگە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەلچىلەرنىڭ سايىسىدا ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان تاشقى مۇناسىۋىتى ئۇرۇش ھاۋاسىدىن

تىنچلىق ھاۋاسىغا ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. بولمۇ ئۈچىنچى سەلىمنىڭ دۆلەت ئىچىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ھەرىكىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. لېكىن ئۈچىنچى سەلىمنىڭ بۇ ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە دۆلەت ئىچىدە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئىسيانلار كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىسيان ھەرىكەتلىرىنى ناپالئوننىڭ 1797 - يىلى ۋەنەدىك جۇمھۇرىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئادرىياتىكتا ئوسمانلى بىلەن چېگرىداش بولۇشى، 1798 - يىلى مىسىرنى ئىشغال قىلىشى ۋە ئەرەبىستاندا ۋەھھابىيلىك ھەرىكىتىنىڭ ئومۇملىشىش سۈرئىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۈچىنچى سەلىمنىڭ باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرى ئالدىدا فرانسىيەنى ئىزچىل ھالدا بىر ئىتتىپاقداش دەپ قارىۋاتقان بىر پەيتتە فرانسىيەنىڭ مىسىرنى ئىشغال قىلىشى ئۈچىنچى سەلىمنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ قويىدۇ. شۇنداقتىمۇ يېڭى قوشۇن ئەققادا 1799 - يىلى فرانسىيە ئەسكەرلىرىنى مەغلۇب قىلىدۇ ۋە 1801 - يىلى ئوسمانلى ئەسكەرلىرى قاھىرەنى تەكرار قولغا كىرگۈزىدۇ. بۇ غەلىبە ئۈچىنچى سەلىمگە «غازى» ئۇنۋانىنى بېغىشلايدۇ. ئوسمانلى قوشۇنىنىڭ بۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىدە بىر ئوسمانلى ئەسكىرى سۈپىتىدە مىسىرغا قەدەم باسقان كونيالىق بىر ئائىلىنىڭ مەھەمەد ئەلى ئاغا ئىسىملىك پەقەتلا ئەرەبچە بىلمەيدىغان 30 ياشلىق ئوغلى ئالاھىدە تۆھپە قوشىدۇ. ئالتە يىل ئىچىدە پاشا ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ ۋەزىر بولغان مەھەمەد ئەلى پاشا پۈتۈن مىسىرنى قولغا كىرگۈزىدۇ.

فرانسىيە مۇستەملىكىسى بىلەن بىرلىكتە تارقىلىشقا باشلىغان مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى 1806 - يىلى سېرىپ مۇستەملىكىسىگە باشلامچىلىق قىلىدۇ. بېلگراد قولغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمان خەلق قەتلى قىلىنىدۇ. رۇسلارمۇ بۇجاك دەپ ئاتىلىدىغان باسارابىيانى ئىشغال قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدا قاباقچى مۇستاپا ئەتراپىغا توپلانغان يەنىچەرىلەر ۋە پادىشاھقا قارشى كۈچلەر بىلەن بىرلىكتە 1807 - يىلى 25 - مايدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، 28 - ماي كۈنى ئۈچىنچى سەلىمنى تەختتىن چۈشۈرىدۇ. تەخمىنەن بىر يىل كېيىن، يەنى 1808 - يىلى 28 - ئىيۇلدا ئىستانبۇلدا كۆتۈرۈلگەن ئىسيان ئەسناسىدا ئۈچىنچى سەلىم ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئۈچىنچى سەلىم پۈتۈن ئوسمانلى تارىخىدا، ئىسلام دۇنياسى ۋە پۈتۈن ئاسىيادا غەربتىن ئىلھام ئېلىپ، ياۋروپانىڭ يۇقىرى تېخنىكىسىنى شەرققە يۆتكەشكە ئورۇنغان تۇنجى ئىسلاھاتچى رەھبەر سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىلىرىدىكى ئورنىنى ئالدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسلاھات ئېلىپ بارماقچى بولغانلار ئىزچىل ھالدا ئۇنى تەقلىد قىلغان ھالدا ئىلگىرىلىدى.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ قىرىقىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

Yılmaz Öztuna, OsmanlıDevletiTarihi,İstanbul 1986·
Necdet Sakaoğlu, BuMülkünSultanları,İstanbul 1999·
Osmanlı,c· 12·

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-41

تۆتىنچى مۇستاپا ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «تۆتىنچى مۇستاپا (1807-1808)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«تۆتىنچى مۇستاپا (1807-1808)»

تۆتىنچى مۇستاپا بىرىنچى ئابدۇلھەمىدنىڭ ئائىشە سىنەپەرۋەر سۇلتاندىن بولغان چوڭ ئوغلى بولۇپ، 1779 - 8 - سېنتەبىردە ئىستانبۇلدا دۇنياغا كېلىدۇ. مۇستاپا بىلەن بىرلىكتە ئوسمانلى خانىدانلىقىدىن ھاياتتا قالغان يەنە ئىككى كىشى بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىرى كېيىنكى مەزگىللەردە «ئىككىنچى مەھمۇت» دەپ ئاتىلىدىغان مۇستاپانىڭ بىر تۇغقىنى، يەنە بىرى بولسا، بۇ ئىككى بىر تۇغقاننىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۈچىنچى سەلىم بولۇپ، ئۇ 1789 - يىلدىن 1807 - يىلغىچە 18 يىل پادىشاھ بولىدۇ.

قاپاقچى مۇستاپا ئىسيانى بىلەن ئوسمانلى تارىخىنىڭ ئەڭ ئاشقۇن (رادىكال) ئىسلاھاتچى سۇلتانى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئۈچىنچى سەلىم، 1807 - يىلى تەختتىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، شۇ يىلى 29 - ماي كۈنى تۆتىنچى مۇستاپا تەختكە چىقىرىلىدۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە يېزىلغان تارىخىي يازمىلاردا بۇ ۋەقەگە دىنىي قالاقلىقنىڭ غەلىبىسى دەپ باھا بېرىلىدۇ. چۈنكى مەنبەلەر، ئۈچىنچى مۇستاپانىڭ ئەقىل ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش قابىلىيىتى ئۆزى ئولتۇرىۋاتقان ئورۇننىڭ ئەھمىيىتى بىلەن پاراللېل بولمىغان ۋە سەلتەنەت خىرىسى بىلەن دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى خەۋپكە ئىتتىرىدىغان بىر ئىسيانغا باشلامچىلىق قىلغانلار بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقۇدەك بىر خىل خاراكتېرگە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ھالبۇكى، تۆتىنچى مۇستاپا، ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندە ئون ياشتا بولۇپ، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۈچىنچى سەلىم ئون سەككىز يىللىق سەلتەنىتى بويىچە ئۇنىڭ ناھايىتى ئەركىن ھايات كەچۈرۈشىگە يول قويىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مۇستاپا ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش ۋە مەدەنىيەت ـسايا جەھەتتىن ئۆزىنى بېيىتىش ئېھتىياجى ھېس قىلمايدۇ. دەرۋەقە، تۆتىنچى مۇستاپا 14 ئاي داۋام قىلغان سەلتەنىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خۇراپىي كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ خىزمەت قىلىدۇ ۋە ئۈچىنچى سەلىمنىڭ ئىسلاھاتلىرىغا «خىرىستىيانلارنى دوراش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان دىنغا قارشى سىياسەتلەر» دەپ باھا بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئۈچىنچى سەلىم تەختتىن چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۆلتۈرۈلمەيدۇ ۋە توپقاپى سارىيىدىكى شەمشادلىق بۆلمىسىدە نەزەربەنت ئاستىغا ئالىدۇ. لېكىن ئوسمانلىنىڭ دۆلەت ئەنئەنىسىگە كۆرە، ھەر

قانداق بىر شەكىلدە ئىلگىرىكى بىرەر سۇلتاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە تەختتىن چۈشۈرۈلۈش ۋەقەسىگە ئارىلىشىپ قالغان ئوسمانلى خانىدانلىقىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر ئۇچۇن ئېجرا قىلىنىپ كېلىۋاتقان تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ھەرىكىتىنىڭ كۆچكە ئىگە بولمايدىغانلىقى تۆتىنچى مۇستاپا تەرىپىدىن ئىسيان كۆتۈرگۈچىلەرگە دۆلەت ۋەدىسى سۈپىتىدە سۆزلىنىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتىدە يېڭىلىق تەرەپدارى ئىسلاھاتچىلارنى دۆلەت ھاياتىدىن يىراقلاشتۇرۇش پەقەت ئۈچىنچى سەلىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، كۆپ ساندا يېڭى تۈزۈمنى ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىشلارنى بىتەرەپ قىلغانلارنىڭ كاتىۋاشلىرى بولسا، تۆتىنچى مۇستاپانىڭ دەۋرىدە مۇكاپاتلىنىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، تۆتىنچى مۇستاپا دەۋرىدىمۇ كونىلىق تەرەپدارلىرى بىلەن ئىسلاھاتچىلار ئارىسىدىكى سۈركىلىش تۈگىمەيدۇ. بۇ ۋەقەمۇ، يېڭىلىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكىلەرنىڭ قارشىلىق كۆرستىشىگە قارىماي، ئوسمانلى دۆلىتى ئۈچۈن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان كۆچلەرنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۈچىنچى سەلىم ئېلىپ بېرىشقا تىرىشقان ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى سەھرالاردا «ئايان» دەپ ئاتىلىدىغان ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرى تەرىپىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا رۇمېلىدە 1807 - يىلى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ۋە رۇسلارنىڭ ۋىدىنگە قاراتقان ھۇجۇملىرىنى تارمار قىلىپ، ئالاھىدە شۆھرەتكە ئېرىشكەن پازۋانتئوغلۇ ئوسمان پاشا، 1802 - يىلى رۇمېلى ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن مۇختار ۋە ۋەلى پاشا ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بىلەن بىرلىكتە تۇنا ئالدىنقى سېپىدە ئوسمانلى -رۇس ئۇرۇشلىرىغا تۆھپە قوشقان تەپەدەلەنلىك ئەلى پاشانى، ئانادولۇدىمۇ جەببار زادىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. لېكىن نىزامى جەدىد دەۋرىنىڭ ئەڭ چوڭ ھىمايىچىسى، ئىستانبۇلدىن قېچىپ كەتكەن ئۈچىنچى سەلىم تەرەپدارلىرىنىڭ پاناگاھىغا ئايلىنىپ قالغان رۇسچۇك ئايانى ئالەمدار مۇستاپا پاشادۇر. ئۇ دەۋردە تۆتىنچى مۇستاپانىڭ ئالدىدا ئۈچىنچى سەلىمنىڭ ھەق -ھوقۇقىنى ئالەمدار مۇستاپا پاشا قوغدايدۇ؛ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا،

كونىلىق تەرەپدارلىرى بىلەن ئىسلاھاتچىلارنىڭ كۈرىشى تۆتىنچى مۇستاپا بىلەن ئالەمدار مۇستاپا پاشانىڭ خاراكتېرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

..........................................................................

1807 - 1 - ئىيۇن كونى نىزامى جەدىدگە رەسمىي شەكىلدە خاتىمە بەرگەن تۆتىنچى مۇستاپا، سەدرىئەزەملىككە مۇسا پاشانى تەيىنلەپ، قاباقچى مۇستاپا ئىسيانى ئۇچۇن ئادەم چاقىرغانلارنىڭ بىرى بولغان شەيخۇلئىسلام ئاتائۇللاھنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىمايدۇ. بۇلار بولسا، خەلقنىڭ ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئورنىغا، ئۇستى ئۇچلۇق قالپاقلارنى كېيىشنى چەكلەپ، لىگەن شەكىللىك تۈز قالپاقلارنى كېيىشكە مەجبۇلاش بىلەن ئاۋارە بولۇپ ئۆتىدۇ. خەلقنىڭ ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلىرى بولسا، بۇلاردىن پۈتۈنلەي پەرقلىق ئىدى. ئىستانبۇلدا ئۇزۇن بىر قىش مەۋسۇمىدىن كېيىن ئاچارچىلىق ۋە ئوتۇن قىيىنچىلىقى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. قاتتىق ياغقان قارنىڭ باھار يامغۇرلىرى بىلەن بىرلىشىپ سەل ئاپىتىگە ئايلىنىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئانادولۇ ۋە تراكيادا كۆپ ساندا چارۋا مال ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئىستانبۇل تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئاياللارنىڭ نارازىلىق ھەرىكەتلىرىگە سەھنە بولىدۇ.
قوللىرىدىكى بوش قاچا -قۇچىلارنى ئاسمانغا ئاتقان ھالدا، «بىز ئاچلىقتىن ئۆلۈش ئالدىدا» دەپ كوچىلاردا ماڭغان ۋە بۇ شەكىلدە پادىشاھ تۆتىنچى مۇستاپانىڭ ھۇزۇرىغا كىرىگەن ئاياللار «خوجايىنىمىز ئويغانغىن، قىممەتچىلىككە چىدىيالمىدۇق، ئاچ قالدۇق» دەپ  ھال -ئەھۋاللىرىنى ئېيتىشىدۇ. تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن بىرگە، ئانادولۇدىكى چاپانئوغلۇ سۇلايمان بەگكە ئوخشاش نىزامى جەدىد تەرەپدارى ئايانلارنىڭمۇ ئىستانبۇلغا ئېرىدىغان ھەر تۈرلۈك ياردەم ۋە ئاشلىقلارنى توختىتىپ قويۇشى بۇ قىيىنچىلىقلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئىستانبۇلدا 5 -ماينى 6 - مايغا باغلايدىغان كۈنلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان «ھىدرەللەز» پائالىيىتىدە پاقلان گۆشى يېيىش ئىستانبۇللۇق ئاياللار ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ئەنئەنە ئىدى. لېكىن شۇ يىلى پاقلان گۆشى تاپالمىغان ئاياللار ئەرلىرى بىلەن

«ھىدرەللەز كۆنى پاقلان گۆشى يېيەلمدۇق» دەپ جېدەل قىلىشىدۇ، ھەتتا بىر قىسىملىرى ئەرلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق قىيىن كۈنلەردە خەلق، ئۈچىنچى سەلىم بىلەن تۆتىنچى مۇستاپانىڭ دەۋرلىرىنى كېچە بىلەن كۈندۈزگە ئوخشىتىشقا باشلايدۇ.

دۆلەتنىڭ ئەھۋالى خەلقنىڭ ئەھۋالىدىن دېگەندەك پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. 1808 - يىلى 30 - ئىيۇندا پۈتكەن بىر كېمىنى دېڭىزغا چۈشۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدا دېڭىز ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىدىغان دېڭىز ئوفىتسېرىنىڭ يوقلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۈنكى قاباقچى مۇستاپا ئىسيانى ئەسناسىدا پاراخوتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تارقىلىپ كەتكەن، ئوفىتسېرلارنىڭ بىر قىسمى قاچقان، بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. خەزىنىدە پۇل -پىچەك قالمىغان بولۇپ، ئوسمانلى دۆلىتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم چەت ئەلدىن قەرز ئېلىش يولىنى تاللاپ، ماراكەش ھۆكۈمدارىدىن قەرز پۇل سورايدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۈچىنچى سەلىم تەرەپدارلىرى، قوماندانلىقى ئاستىدا 5 مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق ۋە تەربىيە كۆرگەن ئەسكىرى بار بولغان رۇسچۇك ئايانى ئالەمدار مۇستاپا پاشانى ئىستانبۇلغا تەكلىپ قىلىپ، دۆلەتنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

..........................................................................

ئەتراپىغا توپلانغان نىزامى جەدىد تەرەپدارلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا مۇستاپا ئالەمدار پاشا ئىستانبۇلغا يوللىغان پىنارھىسار ئايانى ھاجى ئەلى ئاغا ئۈچ يۈز كىشىلىك ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن تويۇقسىزلا ھۇجۇم قىلىپ، قاباقچى مۇستاپا پاشانى ئۆلتۈرىدۇ. 1808 - يىلى 19 - ئىيۇلدا ئالەمدار مۇستاپا پاشا ئىستانبۇلغا كېلىدۇ. ئۇنى قارشى ئېلىشقا چىققان تۆتىنچى مۇستاپانىڭ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا قولغا ئېلىنىشنى تەۋسىيە قىلغان دانىشمەنلىرىنىڭ سۆزلىرىنى «بۇنداق قىلىش مەرتىلىككە ياراشمايدۇ» دەپ رەت قىلىدۇ. بۇ پۇرسەتنىڭ قولدىن بېرىپ قويۇلۇشى ئۈچىنچى سەلىمنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. چۈنكى ئالەمدار 28- ئىيۇلدا

قوراللىق ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە سارايىنى بېسىۋالىدۇ ۋە سەدرىئەزملىك مۆھۈرىنى مەجبۇرى تارتىۋالىدۇ ۋە رەسمىي بولمىسىمۇ ئەمەلىي سەدرىئەزەم بولىدۇ. ئىستانبۇلنىڭ كونتروللۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان ئالەمدار تۆتىنچى مۇستاپانىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

تۆتىنچى مۇستاپا بولسا، ئالەمدارنىڭ بۇ تەلىپىگە ئوسمانلى خانىدانلىقىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ئاخىرقى ئىككى ۋەكىلى بولغان ئۈچىنچى سەلىم بىلەن ئىككىنچى مەھمۇتنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاش بۇيرۇقى ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ. ھالبۇكى قاندىن نەپرەتلىنىدىغان ئۈچىنچى سەلىم، قاباقچى ئىسيانى ئەسناسىدا تۆتىنچى مۇستاپانى ئۆلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپمۇ ئۇنى ئۆلتۈرمەي، تاغىسىنىڭ ئوغلىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئالەمدارنىڭ ئەسكەرلىرى سارايغا كىرمەستىن بۇرۇنلا بۇ بۇيرۇقنىڭ بىرىنچى قىسمى ئىجرا قىلىنىدۇ ۋە ئۆزىنى بىر نەي ئارقىلىق قوغداشقا ئۇرۇنغان ئۈچىنچى سەلىم يەنە ئوسمانلى دۆلەت ئەنئەنىسىگە زىت ھالدا قىلىچ بىلەن قېنى ئېقىتىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. نۆۋەت ئىككىنچى مەھمۇتقا كەلگەندە، مەھمۇت سارايدىكى بىر قانچە چۆرىنىڭ ياردىمى بىلەن سارايىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىرىلىپ، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ. سارايغا كەلگەندە ئۈچىنچى سەلىمنىڭ جەسىتىنى كۆرگەن ئالەمدار مۇستاپا پاشا، ئىككىنچى مەھمۇتنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلدۇرىدۇ. تۆتىنچى مۇستاپا بولسا، بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئارىدىن تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، قايتىدىن ئۇنى سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزماقچى بولغان يەنىچەرىلەر ۋە كونىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ ئىسيانى ئەسناسىدا ئاكىسى ئىككىنچى مەھمۇت تەرىپىدىن 1808- يىلى 17- نويابىر كۈنى ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىنچى مەھمۇت، ئوسمانلى خانىدانلىقىنىڭ ھاياتتا قالغان بىردىنبىر ئەر كىشىسى سۈپىتىدە سۇلتانلىقنى داۋام قىلدۇرىدۇ ۋە تۆتىنچى مۇستاپا دەۋرىمۇ ئاخىرلىشىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

Yılmaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986.

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkim Sultanları, İstanbul 1999·
Osmanlı, c· 12·

M· C· Baysun, "Mustafa IV·'7/1

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-42

## ئىككىنچى مەھمۇت ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئىككىنچى مەھمۇت (1808-1839)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىككىنچى مەھمۇت (1808-1839)»

1785-يىلى ئىستانبۇلدا دۇنيا كەلگەن ئىككىنچى مەھمۇت بىرىنچى ئابدۇلھەمىتنىڭ ئوغلى بولۇپ، تۆت ياش ۋاقتىدا ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۈچىنچى سەلىمنىڭ ھىمايىسى ۋە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئالەمدار مۇستاپا پاشانىڭ ئىككىنچى مەھمۇتنىڭ قېرىندىشى تۆتىنچى مۇستاپانى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئورنىغا ئۈچىنچى سەلىمنى ئولتۇرغۇزۇشقا ئورۇنۇشى نەتىجىسىدە تۆتىنچى مۇستاپا، ھەم ئۈچىنچى سەلىم ھەم ئىككىنچى مەھمۇتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن پەرمان چۈشۈرىدۇ. بۇ پەرمان ئۈچىنچى سەلىم ئۈچۈن ئىجرا قىلىنغان بولسىمۇ، ئىككىنچى مەھمۇتنىڭ ئامىتى كېلىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئۆلتۈرۈلۈشتىن قوتۇلۇپ قالىدۇ ۋە ئالەمدار مۇستاپا پاشا تەرىپىدىن 1808-يىلى 28-ئىيۇلدا پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۈچىنچى سەلىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىككىنچى مەھمۇت ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئوسمانلى دۆلىتىنى يېڭىلاش ئۈچۈن ھەرىكەت

قىلىدۇ. لېكىن، بۇ قەدەمنى باسقاندا ئۈچىنچى سەلىمدىن پەرقلىق ھالدا، ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش تۇتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، يېڭىلىققا قارشى كۈچلەر تۆتىنچى مۇستاپانى قايتىدىن تەختكە ئولتۇرغۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئىككىنچى مەھمۇت، تۆتىنچى مۇستاپانى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. نەتىجىدە ئوسمانلى خاندانلىقىنىڭ ھاياتتا قالغان بىردىنبىر ئەر ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئوسمانلى خاندانلىقى ئىككىنچى مەھمۇت ئەۋلادلىرىنى بويلاپ داۋام قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمان بەگ ۋە سۇلتان ئىبراھىمدىن كېيىنكى، خاندانلىقنىڭ ئۈچىنچى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئاتىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى مەھمۇت يېتىشكەن خەتتات ۋە ماھىر مۇزىكانت ئىدى. ئۇنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن 26 پارچە نوتىسى ئىچىدە ھىجاز مۇقامىدىكى مەشھۇردۇر. ئادلى (ئادىل) تەخەللۇسى ئاستىدا شېئىرلارنى يازغان ئىككىنچى مەھمۇت دۆلەت ئىشلىرىدىمۇ ئادەتتىكى ئىشلارغىچە ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر خىل خاراكتېرگە ئىگە كىشى ئىدى، سىياسىي ھۆججەتلەرنىڭمۇ چۈشىنىشلىك، ئاددىي تىل بىلەن يېزىلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. بولۇپمۇ چەت دۆلەتلەرگە يوللىنىدىغان بەزى خەت – چەكلەرنى بىۋاستە ئۆزى يازاتتى. خەت – چەكلەرنىڭ خەتلىرىنىڭ ئالاھىدە سۈپەتلىك چىقىشىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇنى كۆرگەن يەرلىك ۋە چەت ئەللىك كۆزەتكۈچىلەر، ئىككىنچى مەھمۇتنىڭ جىسمانى جەھەتتىن ساغلام كۆرۈنىدىغانلىقى، ئالدىدىكى كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قولاق سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، ئۆزىنى كىرىپىكلىرىنىڭ ئاستىدىكى قاپ – قارا كۆزلىرى ۋە كىچىك قوللىرىنىڭ دىققەتنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. تىرىشچانلىقىمۇ ئىككىنچى مەھمۇتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۆزىمۇ فورم كىيىپ، ھەربىي لاگېرلاردا ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇراتتى. ئۇنى باشقا ئوسمانلى سۇلتانلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرالىشى ئۈچۈن، يېڭىلىق ھەرىكەتلىرىگە ئاتلىنىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىشى ۋە بۇنى دۆلەت ھاياتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ئىدى.

.........................................................................

ئىككىنچى مەھمۇت دەۋرىنى ئىككى باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ تەختكە ئولتۇرغان 1808 - يىلدىن 1826 - يىلغىچە بولغان 18 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەرياندا ، ئىككىنچى مەھمۇت يېڭىلىققا قارشى كۈچلەرنىڭ ئىستەكلىرىگە بويۇن ئېگىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئىككىنچى مەھمۇتنى تەختكە ئولتۇرغۇزغان ئالەمدار مۇستاپا پاشا يەنىچەرىلەرنىڭ بىر قېتىملىق ئىسيانى ئەسناسىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۈچىنچى سەلىمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرگەن ئىككىنچى مەھمۇت ، بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىسيانچىلار بىلەن يارىشىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەشكە تۇتۇش قىلغان بولسىمۇ ، مۇۋاپىق پۇرسەت يېتىپ كەلگەندە يېڭىلىق ھەرىكىتىنى باشلاشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدىكى پىكرىنى ئۆزگەرتمەيدۇ ، پەقەت مۇۋاپىق پۇرسەتنىڭ قولغا كېلىشىنى كۈتىدۇ.

1809 - 1812 يىللىرى ئارىسىدا رۇسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. ئوسمانلى قوشۇنى رۇس قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. بالقان رايونىدا رۇمېنىيە ، كاۋكاز رايونىدا قارا دېڭىزغا كىرگەن رۇسلار پۇتىنىغىچە ئىلگىرىلەيدۇ. 1812 - يىلىنىڭ ماي ئېيىغا كەلگەندە ، رۇسلار بىلەن بۇخارېس كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ. يېڭى ئوسمانلى - رۇس چېگرىسى دنېستېرنىڭ ئورنىغا پرۇت دەرياسى قىلىپ بېكىتىلىدۇ. سېربىيەدىمۇ بىر ئاپتونوم خانلىق قۇرۇلىدۇ. كېلىشىمنىڭ بۇ ماددىسى باشقا بالقان كۈچلىرىنىمۇ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىسى گىرېتسىيەدە كۆرۈلىدۇ. 1821 - يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن گىرېكلار يۇتۇن مورانى قولغا كىرگۈزىدۇ. بىر قىسمى تۆت يۈز يىلدىن بۇيان بۇ يەرلەردە ياشاپ كېلىۋاتقان تۈرك ئائىلىلىرى قەتلىئاملارغا دۇچ كېلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا مورانىڭ مەركىزى تىرىپولىسقا كىرىۋالغان سەككىز مىڭ ئەتراپىدىكى ئايال ۋە كىچىك بالىلارنى ئۆز ئىچىگە مۇسۇلمان خەلق گىرېكلارنىڭ قەتلىئام قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە گىرېك ئىسيانى ئالدىدا گاڭگىراپ قالغان ئوسمانلى دۆلىتى ، ئارقىدىن قاتتىق تەدبىرلەرنى يولغا قويىدۇ. بۇ قېتىمقى ئىسياننى ئورۇنلاشتۇرغان ۋە رۇس چارىنىڭ گۇماشتىلىغىنى

قىلىدىغان ئىپسىلانتى بىلەن ئالاقە ئورناتقانلىقى ئىسپاتلانغان فەنەر رۇم پاترىكى گرىگوراس ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندۇ ۋە پاترىكخانىنىڭ ئوتتۇرا دەرۋازىسىغا ئېسىلىدۇ. خىيانەتتە سىمۋوللۇق قىلىدىغان دەللىلەر مەيدىسىگە ئېسىلىپ ئۈچ كۈن بويىچە سازايى قىلىنىدۇ. ئارقىدىن بۇ دەرۋازا يېڭى پاترىكنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، بىر تۈرك دۆلەت باشلىقى ئوخشاش يەردە ئېسىلغانغا قەدەر تاقاق ھالەتتە قېلىشى قارار قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ دەرۋازا زامانىمىزغا قەدەر تاقاق ھالەتتە تۇرماقتا.

رۇسلار چارىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان ۋە كېيىنكى چاغلاردا ئاتىنادىكى ئەڭ چوڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا ئىسمى بېرىلگەن كاپادىستىرىئو پەقەت گرېكلارنىلا ئەمەس، ئورتودوكس سىگانلارنىمۇ ئوسمانلىلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتىدۇ. لېكىن سىگانلار سلاۋ ئەۋلادى رۇسلارنى قوللىمايدۇ. گرېكلەرمۇ ئوخشاش شەكىلدە، 1829 - يىلى مۇستەقىللىقلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن چاغدا ئىستىقباللىرىنى ئورتودوكس ئەمما سلاۋ ئەۋلادى رۇسلارنىڭ ئارىسىدىن ئەمەس، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن ئىزدەيدۇ. مورادىكى ئىسيان مىسىر ۋالىيسى مۇھەممەد ئەلى پاشانىڭ ئوغلى ئىبراھىم پاشانىڭ پاراخوت ۋە ئەسكىرىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا باستۇرىلىدۇ. ئىبراھىم پاشانىڭ بۇ غەلىبىسى ھازىرقى كۈندىمۇ گرېكچىدە ئىستىمال قىلىنىۋاتقان بىر قاتار ئىبارە ۋە ئىدىيوملارنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. مورادىكى گرېك ئىسيانى ئەسكىرىي جەھەتتىن باستۇرۇلغان بولسىمۇ، پىكرىي جەھەتتىن باستۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ. غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ۋەقەگە مۇداخىلە قىلىشى بىلەن ئوسمانلى دېڭىز ئارمىيەسى ناۋارىندە مەغلۇب بولىدۇ، گرېتسىيە مەجبۇرى شەكىلدە دۆلەت قىلىپ قۇرۇلىدۇ ۋە 1829 - يىلى تۈزۈلگەن ئەدىرنە شەرتنامىسى ئارقىلىق ئوسمانلى دۆلىتىگە ئېتىراپ قىلدۇرۇلىدۇ.

..........................................................................

ئىككىنچى مەھمۇت سەلتەنىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بولسا، 1826- يىلىدىكى «ۋاقىئايى خەيرىيىە» يەنى ياخشى ۋەقە دەپ ئاتالغان يەنىچەرى مەركىزىنىڭ تاقۋېتىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان ھادىسە بىلەن باشلىنىدۇ. يەنىچەرى مەركەزلىرىنىڭ تاقۋېتىلىشى مەنپەئەتنى ئەنئەنىۋي تۈزۈمنىڭ قوغدىلىشىدا دەپ قارايدىغان ۋە كۆپىنچە ئەسكىرىي، ئىلمىي ۋە سەھرالاردىكى ئېسىلزادىلەر قاتلىمىدىن تەشكىل تاپىدىغان گۇرۇپپىلارنىڭمۇ مەغلۇب بولۇشى دېگەنلىك بولاتتى.

ئىككىنچى مەھمۇت، بۇ ۋەقەدىن كېيىن دۆلەت تەشكىلاتىدا كۈچلۈك ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردۇ. بۇ مەقسەتتە، كېيىنكى مەزگىللەردىكى زامانىۋي ئارمىيەنىڭ نېگىزىنى تەشكىل قىلغان ياۋروپا ئۇسۇلىدا تەشكىللەنگەن ۋە تەربىيەلەنگەن قوشۇننى قۇرۇپ چىقىدۇ. تۈرك تارىخىدا شۇ چاغقىچە كونىلىقنىڭ تەرەپدارى بولۇپ كەلگەن قوشۇن، شۇنىڭدىن باشلاپ تا زامانىمىزغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلگەن زامانىۋىلىق ۋە ئىلغارلىقنىڭ باشلامچىلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. دېڭىز ئارمىيەسى ئۈچۈن «سۇرئەت» ئىسىملىك تۇنجى پار بىلەن ماڭىدىغان پاراخوت سېتىۋېلىنىدۇ. قوشۇننىڭ دوختۇر ۋە دورا ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن تېببىي پەنلەر پاكولتېتى تەسىس قىلىنىدۇ ۋە بۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا فرانسۇزچە دەرس ئۆتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا رەسمىي تىل مەكتىپى ئېچىلىپ، بۇ يەردە مەمۇرلارنىڭ تىل ئۆگىنىشلىرى تەشۋىق قىلىنىدۇ.

ئوسمانلى سارىيىنىڭ ئەنئەنىلىرى ساقلاپ قېلىنغان ئاساستا، ساراي ياۋروپادىكى خانىدانلىق سارايلىرىغا ئوخشاش بېزىلىدۇ. ھازىرقى كۈندىكى مەنىسىدە مىنىستىرلىكلەر قۇرۇلىدۇ. دۆلەت ئىدارىسىدە تۇنجى قېتىم مەمۇرىي خادىملار ھەربىي قاتلامدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ۋىلايەتلەردە ۋاكالەتخانىلار تەسىس قىلىنىدۇ. پوچتا تەشكىلاتى قۇرۇلىدۇ، تۇنجى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھازىرقى كۈندە «رەسمىي گېزىت» دېگەن نام ئاستىدا چىقىۋاتقان دۆلەتنىڭ تۇنجى رەسمىي نەشرى ئەپكارى بولغان «تەقۋىمى ۋاقائايى» ناملىق گېزىت چىقىرىلىشقا باشلايدۇ. غەرب مۇزىكىسى، پىيانىنو، ئوركېستىرا،

تىياتىر، ئوپېراغا ئوخشاش غەرب مەنبەلىك مۇزىكا ۋە سەنئەتلەر بۇرۇندىن تارتىپلا مەۋجۇت بولسىمۇ، تۇنجى قېتىم ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ئەمەس، ئوسمانلى جەمئىيىتىگە ئائىت كىشىلەر تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا ئورۇندىلىشقا باشلىنىدۇ. قانۇن چىقىرىپ، دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ شىم - كاستۇم كېيىشلىرى شەرت قىلىنىدۇ، كلاسسىك شەكىلدىكى تامبال، كۆينەكلەرنىڭ كىيىلىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. مەھەللىي كوچىلەر يوقىتىلىپ، دۆلەتنىڭ مەركىزى كوچى ھەممە يەردە كوچكە ئىگە قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى مەھمۇت كۈچلۈك ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئوسمانلىنىڭ غەربلىشىشىنىڭ ئىشكىنى ئاچىدۇ ۋە بۇ ئىشىكنىڭ قەتئىي تاقىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، غەرب ئۇسۇلىدا قۇرۇلغان ئورگانلارنى دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسىملىرىغىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ جەھەتلەردە، ئىككىنچى مەھمۇت ئوسمانلى سۇلتانلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىسلاھاتچى سۇلتان دېگەن نام بىلەن تونىلىدۇ. ئۇ، يېڭىلىق ھەرىكەتلىرىنى غەربپەرەست بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، تەۋسىيە قىلىنغان ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ شەرت - شارائىتلىرى مەجبۇر قىلغان «ياۋروپاغا ئوخشىمساق، ئاسىياغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىمىز» دېگەن پرىنسىپ ئاساسىدا ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پروگراممىمىزنىڭ قىرىق ئىككىنچى  بۆلۈمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Yılmaz Oztuna, OsmanlıDevletiTarihi,İstanbul 1986.

Necdet Sakaoğlu, BuMülkünSultanları,İstanbul 1999.

Osmanlı,c. 12.

Kemal Beydilli, "II. Mahmut", İslamAnsiklopedisi,c. 27.

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-43

تەنزىمات دەۋرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «تەنزىمات دەۋرى (1839-1856)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«تەنزىمات دەۋرى (1839-1856)»

ئوسمانلى تارىخىنىڭ 1839 ۋە 1856-يىللىرى ئارىسىدىكى مەزگىلى «تەنزىمات دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ. تەنزىمات، تەرتىپكە سېلىش، رەتكە سېلىش دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. تەنزىمات، 1839-يىلى 3-نويابىر كۈنى توپقاپى سارىيىنىڭ گۈلخانە باغچىسىدا يىغىلغان تەختكە ئولتۇرغان ئابدۇلمەجىدنىڭ بىر پەرمانى سۈپىتىدە ئېلان قىلىنغان بولغانلىقى ئۈچۈن، «گۈلخانە پەرمانى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ پەرمان ئەسلىدە ئىككىنچى مەھمۇت دەۋرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى مەھمۇت، مىسىردا ئىسيان كۆتۈرگەن ۋە ئانادولۇدا ئوسمانلى قوشۇنىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان كاۋالالىق مەھمەت ئەلى پاشانىڭ ئوغلى ئىبراھىم پاشاغا قارشى رۇسلارنىڭ بوغۇزلارغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلغانىدى. رۇسلارنىڭ ياردىمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان ئىككىنچى مەھمۇت، 1838-يىلى بالتا پورتى شەرتنامىسى بىلەن ئەنگلىيەلىكلەرنىڭمۇ ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى. بۇ كېلىشىملەرنىڭ بىرىنچىسى رۇسلارنىڭ قارا دېڭىزغا بىر دېڭىز كۆلچى سۈپىتىدە ئورۇنلىشىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولسا، ئىككىنچىسى، ئېكسپورت چەكلىمىسىنىڭ بىكار قىلىنىشى، تاموژنا باجلىرىنى تۆۋەنلىتىشكە ئوخشاش تەرەپلىرى بىلەن، كېيىنكى مەزگىللەردە دۆلەتنىڭ سودا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالدا

قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ خىل دىپلوماتىك كېلىشىملەرنىڭ ھەممىسىدە ئالدىنقى پىلاندىن ئورۇن ئالغان كىشى بولسا، خارىجىيە نازىرى (تاشقى ئىشلار مىنىستىرى) بولغان مۇستاپا رەشت پاشا ئىدى.

ئەسلىدە تەنزىمات پەرمانى ئىككىنچى مەھمۇت تەرىپىدىن ھازىرلانغان بولسىمۇ، ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇستاپا رەشت پاشا تەرىپىدىن سۇلتان نامىدىن ئېلان قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ ئەسنادا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۈپىتىدە لوندوندا تۇرىۋاتقان مۇستاپا رەشت پاشا ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئىستانبۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن ياش سۇلتان ئابدۇلمەجىد، مۇستاپا رەشت پاشانىڭ رەقىبلىرىگە ئەمەس، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىدۇ. تەنزىمات پەرمانىنى ئېلان قىلىشنى قوبۇل قىلغان ئابدۇلمەجىد، دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە فاتىھى بولغان ئەجدادلىرىنىڭ شۇ چاغقىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ھوقۇقلىرىدىن دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ۋاز كېچىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككىنچى مەھمۇت دەۋرىدە باشلانغان ئىسلاھاتلار تەنزىمات پەرمانى ئارقىلىق يازما ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، قانۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

تەنزىمات پەرمانى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ كېيىنكى يۈز ئەللىك يىل بويىچە قانۇنلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە بويسۇنماي كەلگەن ئەمىر ـ ئۇمارالىرى تەرىپىدىن كاپىرلاشتۇرۇلۇپ، ئارقىدا قالدۇرۇلىشىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئەمما دۆلەتنىڭ ئىنسان كۈچى بايلىقى يېتەرلىك بولغان ۋە بۇلاردىن دانالىق بىلەن پايدىلانغان ئەھۋالدا، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ 5 - 10 يىل ئىچىدە قايتىدىن ئارزۇ قىلىنغان سەۋىيەگە يېتىدىغانلىقى تەكىتلىنىپ، دۆلەتنىڭ مىللەت ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ مىللەت ئۈچۈن مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە مىللەت بولمىسا دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولالمايدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەندىن كېيىن، ماددىلىرى بىرمۇ بىر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

...........................................................................

تەنزىمات پەرمانى ئالدى بىلەن دۆلەت تەۋەلىكىدىكى باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ جان، مال ۋە ئار-نومۇسلىرىنى قانۇن جەھەتتىن كاپالەت ئاستىغا ئالاتتى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، بارلىق كىشىلەرنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىگە ۋەتەن سۆيگۈسى بىلەن باغلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ سوتلانماي تۇرۇپ جازالانمايدىغانلىقىنى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنالمايدىغانلىقىنى، قاماققا ئېلىش ياكى سۈرگۈن قىلىش جازالىرىنىڭ بېرىلەلمەيدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ھۆكۈملەرنى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ كېيىنچە ئىجرا قىلىشقا ئۆتىدىغان ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم يولىدا تاشلانغان بىر قەدەم دەپ تەرىپلەشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىقتىساد توغرىسىدىمۇ، قانۇنلاردا كۆرسىتىلگەن باجلاردىن سىرت ھەر قانداق بىر نام ياكى ئىسىم ئاستىدا خەلقتىن باج ئېلىنمايدىغانلىقى، بۇنىڭمۇ كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە ئاساسەن بەلگىلىنىش پىرىنسپى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئەسكەرلىك ساھەسىدە بولسا، ئۆمۈر بويى ئەسكەر بولۇش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، 4 ياكى 5 يىل ئەسكەر بولۇش شەرتى ئاستىدا، تېرىقچىلىق ۋە سودا-تىجارەت ھاياتىغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن ھەر ئائىلىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنتىنىڭ ئادا قىلىشى مەجبۇرىي ھالغا كەلتۈرۈلگەنىدى. دۆلەت مەمۇرلىرىغا بولسا، يېتەرلىك مىقداردا مائاش بېرىش ئارقىلىق، پارىخورلۇققا قارشى كۆرەشنىڭ كۈچەيتىلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلمەكتە ئىدى. بۇ قانۇنلارغا بىۋاستە پادىشاھنىڭمۇ بويسۇنىدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت ئەربابلىرى ۋە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭمۇ رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنغانىدى.

تەنزىمات پەرمانى غەربتىكى ئوسمانلىغا قاراشلىق غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇننىڭ ئالدىدا ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلغانلىقى شەكلىدە ئىزاھلىنىپ، ئوسمانلىنى قوللايدىغان جامائەت پىكرىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. پارىژ ۋە لوندونغا ئوخشاش ياۋروپانىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدە ئەلچىخانىلارنى تەسىس قىلغان ۋە بۇ دۆلەتلەرنىڭ تىللىرىنى بىلىدىغان مۇستاپا رەشىت پاشا بۇ مۇھىتتىن پايدىلىنىشنى ياخشى بىلىدۇ. ئەنگلىيە، رۇسىيە، ئاۋستىرىيە ۋە پرۇسىيە (گېرمانىيە) نىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن

1840- يىلى 15- ئىيۇلدا لوندون شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ شەرتنامىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، يۇقىرىدا ئىسمىلىرى تىلغا ئېلىنغان دۆلەتلەر مىسىر مەسىلىسىدە ئوسمانلى بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ ۋە كاۋالالى مەھمەت ئەلى پاشاغا قارشى ئوسمانلى دۆلىتىگە تەۋە بولۇشى يولىدا ئۇلتىماتوم بېرىشنى، ئەگەر پاشا بۇنى قوبۇل قىلمىسا، ئوسمانلى دۆلىتىگە ئەسكىريي جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى قوبۇل قىلىشىدۇ. دەرۋەقە، ئۇلتىماتومنى رەت قىلغان مەھمەت ئەلى پاشاغا قارشى غەرب ئەللىرى ئوسمانلىغا ئەسكەر ۋە پاراخوت ئەۋەتىپ، ئوسمانلىلار بىلەن بىرلىكتە بېيرۇتقا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئارقىدىن مىسىرغا كىرىپ، مەھمەت ئەلى پاشانى ئوسمانلى دۆلىتىگە ئىتائەت قىلدۇرىدىغان شەرتنامىگە ئىمزا قويدۇرىدۇ. كاۋالاھ مەھمەت ئەلى پاشا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بۇ شەرتنامىگە بويسۇنىدۇ ۋە 1914- يىلىغىچە مىسىر كاۋالاھ ئائىلىسىگە تەۋە بىرى تەرىپىدىن ئوسمانلى دۆلىتىگە بېقىنغان ھالدا ئىدارە قىلىنىدۇ.

..............................................................................

مۇستاپا رەشىت پاشانىڭ تەنزىمات پەيدا قىلغان ئىجابىي مۇھىتتىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ھەل قىلغان ئىككىنچى مەسىلىسى بولسا، رۇس دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قارا دېڭىزدىن چىقىرىلىشى ئىدى. بۇ مەقسەتتە ئوسمانلى دۆلىتى رۇسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ ۋە بۇ ئۇرۇشتا ياۋروپانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. ئاشقۇن دەرىجىدە مۇتەئەسسىپ ئورتودوكس رۇس چارى بىرىنچى نىكولاي، خرىستىيان دۆلەتلەرنىڭ ئوسمانلىلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. لېكىن ئىنگىلىز، فىرانسۇز ۋە ئوسمانلى قىسىملىرىنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە رۇسلار ئۈچ يىلغا يېقىن داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن مەغلۇب بولىدۇ ۋە ئاقىۋەت رۇسلار، رومېنىيە ۋە مولداۋىيەدىن چېكىنىش بىلەن بىرگە، قارا دېڭىزدىمۇ دېڭىز ئارمىيەسىنى تۇرغۇزۇشلىرىغا چەكلىمە قويۇلىدۇ. مۇستاپا رەشىت پاشا، مىسىر ۋە رۇسىيە مەسىلىسىدە غەربنى ئوسمانلىلارنىڭ سېپىگە تارتىشى ۋە

بۇ ئىشتا ئۇتتۇق قازىنىشى بىلەن، پەقەت تۈرك دىپلوماتىك تارىخىنىڭلا ئەمەس، دۇنيا دىپلوماتىيە تارىخىنىڭمۇ مۇھىم كىشىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالدۇ.

تەنزىماتنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدە ئەكس ئېتىشى بولسا، غەربلىشىش مۇساپىسىنىڭ يازما ھالەتكە كەلتۈرۈلۈشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئوسمانلى سۇلتانلىرى سىلسىرە، گىرىتقا ئوخشاش جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ رولىنىڭ قانچىلىك جارى بولىۋاتقانلىقىنى بىۋاستە كۆزىتىدۇ. ئوسمانلى سۇلتانلىرى تەڭداش ئورۇندىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن ھەدىيە ۋە مىداليونلارنى ئېلىپ بېرىشىشكە باشلايدۇ. پادىشاھلار، تەنزىمات بىلەن بىرلىكتە، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك بيۇروكراتلارغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزلىرىنى چىقىرىلغان قارارلارنى تەستىقلاش بىلەن كۇپايىلىنىدىغان بىر ئورۇنغا قويىدۇ. دۆلەت تەشكىلاتىدا «مەجلىس» نامى ئاستىدا مەسلىھەت كېڭەشلىرى قۇرۇلدۇ ۋە مىنىستىرلار كابىنىتى تەسىس قىلىنىدۇ. باشقۇرۇش، قانۇن چىقىرىش ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىدا قانۇن تەييارلاش ھەيئەتلىرى تەشكىل قىلىنىدۇ. مائارىپنىڭ قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىشى قارار قىلىنىدۇ. بۇ مەقسەتتە بىر مائارىپ ھەيئىتى تەشكىللىنىدۇ. قەدەممۇ قەدەم ھالدا تەلىم ـتەربىيە ئىشلىرى ئۆلىمالارنىڭ قولىدىن ئېلىنىپ، تەسىس قىلىنغان مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدۇ. شۇنداق قىلىپ، تېخىمۇ سكولار (لائىك) بىر خىل تەلىم ـتەربىيەگە ئۆتۈشنىڭ يولى ئېچىلغان بولىدۇ. باشقۇرۇش ئىشلىرى بولسا، ئىمپېراتورلۇق 36 ۋىلايەت، 162 سانجاق ۋە 1267 رايونغا ئايرىلىپ، يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىنىدۇ. ۋىلايەتلەردە قۇرۇلغان مەجلىسلەر ئارقىلىق خەلقنىڭ ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىشى تەشۋىق قىلىنىدۇ. 1840 ـ يىلى فرانسىيە قانۇنلىرى ئۈلگە قىلىنغان ھالدا سودا قانۇنى تۈزۈپ چىقىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، لائىك قانۇنغا ئۆتۈشنىڭمۇ شەرت ـشارائىتى ھازىرلانغان بولىدۇ. قورۇقلۇق ئارمىيە دەسلەپتە بەش، ئارقىدىن يەتتىگە ئايرىلىپ، مەجبۇرىي ئەسكەرلىك جەريانى بەش يىل قىلىپ بېكىتىلىپ، يېڭىدىن رەتكە سېلىنىدۇ. ئىككىنچى مۇرات

دەۋرىدە تەرتىپكە سېلىنىشقا باشلىغان زامانىۋىي قوشۇن مىسىر ۋە قرىم ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىدۇ. 1841- يىلىدىن باشلاپ، ئالدىن مۆلچەرنى چىقىش قىلغان زامانىۋىي دۆلەت خامچوتى بەلگىلىنىشكە باشلىنىدۇ. 1850- يىلىدىن ئېتىبارەن تۇنجى قېتىم قەغەز پۇللار ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما تۇنجى چەت ئەلدىن قەرز ئېلىش ئىشىمۇ قرىم ئۇرۇشى ئەسناسىدا 1854- 1855 يىللىرى كۆرۈلىدۇ. 1824- يىلىدىن ئېتىبارەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قىز ۋە ئوغۇل بالىلار ئۈچۈن مەجبۇرىي ھالغا كەلتۈرۈلىشىدىكى سىياسەتكە دىققەت قىلىنىدۇ. 1847- يىلىدىن باشلاپ «رۈشتىيە»نامى ئاستىدا ئوتتۇرا مەكتەپلەر، «ئىئدادى»نامى ئاستىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئېچىلىدۇ ۋە ماتېماتىكا، خېمىيە، فىرانسۇزچىغا ئوخشاش دەرسلەر دەرسلىك پىروگراممىسى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. 1848- يىلى ئىستانبۇلدا تۇنجى ئوقۇتقۇچىلار مەكتىپى ئېچىلىدۇ. 1851- يىلى «ئەنجۈمەنى دانىش»نامى ئاستىدا ئىمپېراتورلۇق پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەسىس قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تەنزىمات دەۋرىدە كلاسسىك ئوسمانلى قۇرۇلمىسىدىن غەرب ئۇسۇلىدىكى ئوسمانلى جەمئىيىتى يارىتىشنىڭ زېمىنى ۋە قانۇنى ئۇلى قۇرۇلمىسى ھازىرلانغان بولىدۇ. بۇ ئۇل قۇرۇلما كېيىنچە «مەشرۇتىيەت»نى ۋە «جۇمھۇرىيەت»نى ئېلان قىلىدىغان ئاۋانگىراتلارنىڭ بۇ ئورگانلاردا تەربىيلىنىپ چىقىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ ۋە تۈرك تارىخىنىڭ بورۇلۇش نۇقتىلىرىنىڭ بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ قىرىق ئۈچىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Yılmaz Oztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986.

A. Saydam, "Tanzimat'Devri Reformları" Türkler, c. 12.

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-44

## سۇلتان ئابدۇلمەجىد ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

«ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «سۇلتان ئابدۇلمەجىد (1839-1861)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«سۇلتان ئابدۇلمەجىد (1839-1861)»

سۇلتان ئىككىنچى مەھمۇتنىڭ تەسىس قىلغان خەيرى-ساخاۋەت ئورۇنلىرى بىلەن تونۇلغان بەزمىئالەم ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان ئوغلى ئابدۇلمەجىد 1823- يىلى ئىستانبۇلدا دۇنياغا كېلىدۇ. ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان ئابدۇلمەجىدنىڭ باللىق مەزگىلىدىكى تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئۇ، گوياكى غەربىي ياۋروپا شاھزادىلىرىگە ئوخشاشلا تەربىيىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئوسمانلى شاھزادىلىرىدىن پەرقلىق ھالدا سۆزلىيەلىگۈدەك ۋە ئوقۇپ چۈشىنەلىگۈدەك سەۋىيەدە فىرانسۇزچە ئۆگىنىدۇ. ئۆگەنگەن بۇ تىلى ئارقىلىق ياۋروپادا نەشىر قىلىنغان كۆپلىگەن نەشرى ئەپكارلارنى يېقىندىن تەقىپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. پات-پات ئۇچرىشىپ قالىدىغان چەت ئەللىكلەر بىلەن فىرانسۇزچە بەس-مۇنازىرە قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا مۇزىكىدىنمۇ تەلىم ئالغان ئابدۇلمەجىد، نازۇك، ئەپۇچان بىرى بولۇپ، زوراۋانلىق ۋە قاندىن نەپرەتلىنىدىغان بىر خىل خاراكتېرگە ئىگە كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى، تارىختا كۇلەلى ۋەقەسى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئۆزىگە قارشى پىلانلانغان بىر قېتىملىق سۇيىقەست ۋەقەسىگە ئىشتىراك قىلغانلارنى مەھكىمە

ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلغان بولۇشىغا قارىماي، "ئەمەلىيەتتە قاتىللىق قىلىش ھەرىكىتى يوق، پىلان پەقەت تەسەۋۋۇر پېتىدىلا قالدى. مەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى خالىمايمەن، جازالىرى قەلئە ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇش جازاسىغا ئۆزگەرتىلسۇن"دەپ كەچۈرۈم قىلىشى بىلەن تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئىنسانىي تەرىپى 1847- يىلى ئىمپېراتورلۇقتا ۋە ئىستانبۇلدا ئەسىر سودىسىنى چەكلىشى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. شۇ كۈنگىچە ئەسىر سودىسى قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئۈستى يېپىق بازار (كاپالى چارشى) نىڭ يېنىغىلا جايلاشقان ئەسىر بازىرىنى يىقىتىپ تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، تەنزىمات پەرمانىنىڭ ماھىيىتىنى تەشكىل قىلغان كىشىلىك ھوقۇققا مۇۋاپىق سىياسەتنى ئۆزى بىۋاستە ئىجرا قىلغان بولىدۇ.

ئابدۇلمەجىد، سەلتەنىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا باشقا ئوسمانلى پادىشاھلىرىدىن پەرقلىق بەزى ئىشلارنى نامايان قىلىدۇ. شۇ كۈنگىچە بىر ئوسمانلى پادىشاھىنىڭ باشقا ھەر قانداق دۆلەت ئەمەلدارىدىن ھەدىيە قوبۇل قىلىشى ياكى ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بېرىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ئادەت ئىدى. ھالبۇكى ئابدۇلمەجىد، فىرانسىيە ئىمپېراتورى ئۈچىنچى ناپالىيون ئىستانبۇلغا كېلىپ ئۇنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇمۇ ناپالىيوننى زىيارەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بەرگەن مىدالىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئوسمانلى تارىخىدا تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، فىرانسىيە ئەلچىسى ئورۇنلاشتۇرغان ئۇسسۇل زىياپىتىگە قاتناشقان تۇنجى سۇلتانمۇ ئابدۇلمەجىدتۇر.

ئابدۇلمەجىدنىڭ ئۆزگىچە سىياسەتلىرى ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدە ئېلىپ بارغان ساياھەتلىرى جەريانىدىمۇ ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ، دۆلەت ئىچىدە ساياھەت قىلىش نىيىتى بىلەن سەپەرگە چىققان تۇنجى پادىشاھ بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇدانيا، بۇرسا، چاناققەلئە، مىدىللى، ئادالار ۋە گەلىبولۇ قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق ساياھىتىدە بولسا، قورۇقلۇق يولى بىلەن ۋارناغا بارىدۇ ۋە دېڭىز يولى ئارقىلىق ئىستانبۇلغا قايتىدۇ. كېيىن قېرىندىشى بىلەن بىرلىكتە لىمنى، رودوس، گىرىت، مارمارىس، بودرۇم، ساكىز، ئىستانكۆي ۋە سىسام ئاراللىرىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. ساكىزدا ئۆز نامىغا ئىنشا

قىلىنغان مەجىدىيە جامەسىدە ناماز ئوقۇيدۇ. خەلق ئىچىدىكى بىر كىشىدەكلا ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئابدۇلمەجىد، ئوغلى مۇرات بىلەن قىزى فاتىمەنى ئۆزى بىۋاستە مەكتەپكە ئاپىرىپ، ئوقۇتقۇچىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق خەلققە ئۈلگە بولىدۇ ۋە مائارىپقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

.....................................................................

سۇلتان ئابدۇلمەجىد تەختكە ئولتۇرغاندا ناھايىتى كىچىك ۋە تەجرىبىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى ئاساسەن دېگۈدەك يۇقىرى دەرىجىلىك بىيوروكراتلارغا تاپشۇرىدۇ. بىيوروكراتلارمۇ ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر قارارنى چىقىرىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شاراپ ۋە ئاياللار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئىچىدە بولۇشىغا قىزىقتۇرىدۇ. ھاياتىنى غەرب ئۇسۇلىدا ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرىدىغان ئابدۇلمەجىد، ئۆزىگە سۇنۇلغان بۇ پۇرسەتلەرگە ئېتىبار بېرىدۇ. تەنزىمات پەرمانىنى ئوقۇغان، ئەمەلىيلەشتۈرگەن ۋە بۇ خىل سىياسەتلىرى بىلەن ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان كىشى مۇستاپا رەشىت پاشا بولىدۇ. غەيرى مۇسۇلمانلارغا قانۇنى ھوقۇقلارنى بەرگەن تەنزىمات پەرمانى بىلەن ياۋروپانىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن رەشىت پاشا ئوسمانلىغا تەھدىت سېلىۋاتقان ئىككى خەۋپنى ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ ئىككى خەۋپ، جەنۇبتا مىسىر، لىۋان ۋە سۇرىيەنى قولغا كىرگۈزىۋالغان مۇھەممەد ئەلى پاشا بىلەن قىرىمنى قولغا كىرگۈزىۋالغاندىن كېيىن رۇمېنىيە بىلەن مولداۋىيەنى قولغا كىرگۈزۈپ، تۇنا دەرياسىدىن ئۆتۈشكە ئورىنىۋاتقان رۇسلار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئىستانبۇلنى قولغا كىرگۈزۈشنى كۆزلەيدىغان بولۇپ، ئوسمانلى بۇ ئىككى دۆلەتنى پەقەت ئۆزىنىڭ كۈچىگىلا تايىنىپ توختىتىپ قالالمايتتى. 1840 - يىلى ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە، رۇسىيە ۋە پرۇسىيا (گېرمانىيە) نىڭ ئوسمانلىنىڭ ئىتتىپاقدېشى سۈپىتىدە مەھمەت ئەلى پاشاغا قارشى ئورۇش ئېلان قىلىشى بىلەن مىسىر قايتىدىن ئوسمانلى زېمىنىغا ئايلىنىدۇ ۋە 1914 - يىلىغا قەدەر ئوسمانلىغا تەۋە بولۇپ تۇرىدۇ.

رۇس خەۋپى بولسا، 1853- 1856 -يىللىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن قىرىم ئۇرۇشى ئارقىلىق ئاجىزلايدۇ. بۇ ئۇرۇشتا، مۇسۇلمان ئوسمانلى، خىرىستىيان ئىنتىپاقداشلىرى ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە ئىتالىيە شەھەر دۆلىتى پىيەمونتې بىلەن بىرلىكتە خىرىستىيان رۇسىيەسىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. بۇنى مۇتەئەسسىپ ئورتودوكس بولغان رۇس چارى بىرىنچى نىكولاي ئاڭقىرالمايدۇ ۋە پەقەتلا قوبۇل قىلالمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ ۋەقە ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيا شارائىتىدا ماددىي مەنپەئەتنىڭ كۆپلىگەن مەنىۋىي قىممەت -قاراشلاردىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ ئۇرۇشنىڭ غالىبلىرى ئارىسىدا بولغان ئوسمانلى دۆلىتى پارىژ شەرتنامىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن قانۇنى جەھەتتىنمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالاتتى. رۇمىنىيە بىلەن مولداۋىيە قايتىدىن ئوسمانلىنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر ئۇرۇش ئەسناسىدا ئىككىنچى مەھمۇت دەۋرىدە قۇرۇلغان زامانىۋىي تۈرك ئارمىيەسىنىڭ ئۇتۇققا ئېرىشكەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ، دۆلەتنىڭ قولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان يېڭىلىنىش تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكى ۋە داۋاملىشىدىغانلىقى دېگەنلىك بولاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئابدۇلمەجىد دەۋرىدە كۆپلىگەن يېڭىلىقلار ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

........................................................................

بۇ خىل يېڭىلىقلار ئارىسىدا مائارىپ ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتلار ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە تەشكىللىنىشىدە كۆرۈنەرلىك مۇساپىلەر بېسىلىدۇ. باشلانغۇچ مائارىپ مەجبۇرىي ھالغا كەلتۈرۈلىدۇ. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ھەق ئېلىنمايدۇ. 1848- يىلى ئىستانبۇلدا تۇنجى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى ئېچىلىدۇ. 1849- يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىلىدۇ. 1847- يىلى دارۇلمۇئەللىمىن نامى ئاستىدا تۇنجى ئوقۇتقۇچىلار مەكتىپى ئېچىلىدۇ. تۈركچىنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلىشى ۋە ئوسمانلى تارىخىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، ئىمپېراتورلۇق پەنلەر

ئاكادىمىيىسى بولغان «ئەنجۇمەنى دانىش» تەسىس قىلىنىدۇ ۋە جەۋدەت پاشانىڭ 12 توملۇق مەشھۇر تارىخ كىتابى نەشر قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى مەھمۇت دەۋرىدە چىقىرىلىشقا باشلىغان رەسمىي گېزىت "تەقۋىمى ۋەقايى"دىن كېيىن، ئىنگلىز مىللىتىدىن بولغان ۋ. چۆرچىل 1840 - يىلى "جەرىدەئى ھەۋادىس"ناملىق گېزىتنى چىقىرىشقا باشلايدۇ. ئوسمانلى دۆلىتى تۇنجى قېتىم قەغەز پۇلنى مۇشۇ دەۋردە ئىشلىتىدۇ. 1856 - يىلى ئىنگلىز ۋە فىرانسۇزلار سەرمايە سالغان ئوسمانلى بانكىسىنىڭ مەركىزى ئىستانبۇلغا يۆتكىلىدۇ. قىرىم ئۇرۇشى ئەسناسىدا يارىلانغان ئەسكەرلەرنىڭ داۋالاش ئۈچۈن ئىستانبۇلغا ئېلىپ كېلىنىشى جەريانىدا فلورانس نايتىڭگەيل بۇ يەردە ۋەزىپە ئۆتەش ئارقىلىق كەسپىنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ ۋە ئارقىسىدا ھازىرغىچە مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئۆز نامىدىكى بىر دوختۇرخانىنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. 1851 - يىلىغا كەلگەندە، تۈرك مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان بوغۇزنىڭ ئىككى ياقىسى ئارىسىدا گاز بىلەن ماڭىدىغان پاراخوتلار بىلەن يولۇچى يۆتكەيدىغان "شىركەتى خەيرىيىيە"قۇرۇلىدۇ. يەنە 1844 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ. خەلققە 'مەجدىيە'دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىملىك گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ. بۇ گۇۋاھنامىنى خەلق تومۇقنىڭ قېتىدا ساقلايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن "باش قەغىزى"دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ. ئونلۇق سىستېمىسىغا تايانغان ئالتۇن ۋە كۈمۈش پۇل ئىشلىتىلىشكە باشلىنىدۇ ۋە زامانىمىزدىمۇ مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان 'مەجدىيە'بۇ شەكىلدە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئابدۇلمەجىدنىڭ سەلتەنىتى دەۋرىدە ياۋروپا شەھەرلىرىدە باروك، روكوكو، ئامپىر ۋە مىئوگوتىك ئۇسلۇبلىرىنىڭ مۇجەسسەملىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر خىل بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ئىستانبۇلدا رەسمىي، خوسۇسىي، ھەربىي ۋە دىنىي بولۇپ ناھايىتى كۆپ بىنا ئىنشا قىلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئارىسىدا

توپقاپى سارىيىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىغان دولماباھچە سارىيىنى، بەيقوز قەسرى، كۆكسۇ قەسرى، مەجىدىيە جامەسى ۋە تەشۋىقىيە جامەسى قاتارلىقلارنى ساناپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

شۇ مەزگىلدە يەنە ئانىسى بەزمىئالەم ۋالىدە سۇلتان تەرىپىدىن زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ كەلگەن «غۇرەبا (غېرىبلار)» دوختۇرخانىسى سېلىنىدۇ. دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى ياقىسى، يەنى قاراكۆي بىلەن ئەمىنئۆنۈنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان گالاتا كۆۋرۈكىمۇ بۇ مەزگىلدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. پەقەت بىنالارلا ئەمەس، بىر قىسىم مەھەللىلەرمۇ يەنە شۇ مەزگىللەردە قۇرۇلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ كۈنگىچە بەشىكتاشنىڭ ئۈستىدىكى چۆلدەرەپ قالغان بىر رايون تەشۋىقىيە جامەسى ۋە ساقچى پونكىتىنىڭ سېلىنىشى بىلەن تەشۋىقىيە رايونى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

قىرىم ئۇرۇشى ئەسناسىدا ئىستانبۇلغا كەلگەن كۆچمەنلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاي بولسا، كېيىنچە ‹مەجىدىيە›دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ. ئوخشاش ئىسىم بىلەن ھازىرقى كۈندە رۇمېنىيە چېگرالىرى ئىچىدە قالغان مەجىدىيە يېزىسى ئابدۇلمەجىد تەرىپىدىن ئۇرۇشتىن قېچىپ كەلگەن كۆچمەنلەر ئۈچۈن بىنا قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىسمى كۆزدە تۇتۇلۇپ ‹مەجىدىيە›دېگەن نام بېرىلىدۇ.

ئابدۇلمەجىد، ئاتىسى ئىككىنچى مەھمۇتقا ئوخشاش سىل كېلىسىگە دۇچار بولۇپ، 1861 - يىلى 39 ياش ۋاقتىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. پەرزەنتلىرىدىن مۇرات، ئابدۇلھەمىد، مەھمەت رەشت ۋە مەھمەت ۋەھدەتتىن قاتارلىقلار كېيىنچە پادىشاھ بولىشىدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ قىرىق تۆتىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

Yılmaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986.

Cecdet Küçük "Abdülmecid" TDVİA, c. I.
Turgut Subaşı, "Sultan Abdülmecid ve Sultan Abdülaziz" Türkler, c. 12.
Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999.

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-45

ئىسلاھات پەرمانى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پروگراممىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئىسلاھات پەرمانى (1856-1876)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىسلاھات پەرمانى (1856-1876)»

ئوسمانلى دۆلىتى، 1853-1856-يىللىرى ئارىسىدىكى قىرىم ئۇرۇشى ئەسناسىدا ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئاۋستىرىيە ۋە ئەينى چاغدىكى ئىتالىيەگە ۋاكالىتەن پيېمونتې پادىشاھلىقى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتىپ، رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. ئۇرۇشتا رۇسىيە مەغلۇپ بولىدۇ. قىرىم ئۇرۇشىغا رەسمىي شەكىلدە خاتىمە بەرگەن 1856-يىلدىكى پارىژ شەرتنامىسىدىن ئىلگىرى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ياۋروپالىق ئىتتىپاقداشلىرى ئوسمانلى دۆلىتى تەۋەلىكىدە ياشايدىغان غەيرى مۇسۇلمانلار ۋە چەت ئەللىكلەرگە بىر قاتار ھەق-ھوقۇقلارنى بېرىشنى مەزمۇن قىلىدىغان بىر پەرماننىڭ ئېلان قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىتتىپاقداش كۈچلەرنىڭ قارىشىچە، ئەگەر بۇ پەرمان چىقىرىلسا، ياۋروپا جامائەتچىلىكىنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىنى قوللىشى تېخىمۇ كۈچىيەتتى، ئوسمانلى-تۈرك ئوبرازى تېخىمۇ

ياخشى بولغان بولاتتى، ھېچبولمىغاندىمۇ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ كۆرۈنۈش جەھەتتىن بىر ياۋروپا دۆلىتى بىلەن پەرقىنىڭ يوقلىقى ئوتتۇرىغا چىققان بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ چاغقىچە بالقان رايونلىرىدىكى ئورتودوكسلار بىلەن بىرلىكتە قۇددۇس ۋە ئەتراپىدىكى خىرىستىيانلار تەرىپىدىن مۇقەددەس ھېسابلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم جايلار ھەققىدە رۇسىيەنىڭ ئورتودوكسلارنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە ئىنچىل ھالدا ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششىنىڭمۇ بۇ پەرمان ئارقىلىق ئالدى ئېلىنغان بولاتتى. تېخىمۇ مۇھىمى ئوسمانلىلارنىڭ ياۋروپالىق ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ پىكرىچە، ئوسمانلى دۆلىتى ئەگەر مۇشۇنداق بىر پەرمان چىقارسا، رۇسىيەنىڭ خىرىستىيان كوزىرىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ياۋروپا جامائەت پىكرىنى ئوسمانلى دۆلىتىگە قارشى سۈيىئىستېمال قىلىشىنىڭ ئالدى ئېلىناتتى.

ئوسمانلى دۆلىتى باشتا بۇ تەكلىپكە دېگەندەك قىزغىن مۇئامىلە قىلمىغان بولسىمۇ، قىرىم ئۇرۇشى ئەسناسىدا ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ بەرگەن ياردەملىرىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىنىڭمۇ ئىشتىراك قىلىشى ئارقىسىدا «ئىسلاھات پەرمانى» ھازىرلاپ چىقىلدى ۋە 1856 - يىلى 18 - فېۋرالدا ئېلان قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، 1876 - يىلدىكى بىرىنچى مەشرۇتىيەتكە قەدەر 20 يىل داۋام قىلىدىغان ئىسلاھات جەريانى باشلانغان بولدى.

ئىسلاھات پەرمانى تەييارلىنىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تەنزىمات پەرمانىدىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى تەنزىمات، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچە چىقىرىلغان بىر پەرمان بولسا، ئىسلاھات پەرمانى چەت دۆلەتلەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ۋە بېسىم ئىشلىتىشى نەتىجىسىدە تەييارلانغان بىر پەرمان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ پەرمان، 1808 - يىلى ئايانلار بىلەن ئىمزالانغان سەنەدى ئىتتىپاق ۋە 1839 - يىلدىكى تەنزىمات پەرمانىدىن كېيىنكى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ غەرب قىممەت قاراشلىرىغا ئاساسەن تەييارلاپ چىقىلغان ۋە ئۇنى ئاساسي قانۇنغا تايىنىدىغان تۈزۈمگە ئېلىپ بارغان مۇھىم بىر قانۇنىي ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ. ئىسلاھات پەرمانىنىڭ ئاساسەن ھەممىسى دېگۈدەك مۇسۇلمان ئەمەس پۇقرالار

بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى؛ ئۇچىنچى ئىككىسى ئوسمانلى دۆلىتىدە ياشايدىغان غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، قالغان ئۈچتىن بىرى ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى تەۋەلىكىدىكى چەت ئەللىكلەرگە بېرىلگەن ئىمتىيازلارغا ئالاقىدار ئىدى.

..............................................................................

تەنزىمات پەرمانى ئارقىلىق ئوسمانلى دۆلىتى پۇقرالىرىغا بېرىلگەن بارلىق ھەق ـ ھوقۇقلار، ئىسلاھات پەرمانى ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈلدى. ئىسلاھات پەرمانىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پاترىكلار، پوپلار، راھىپلار ئۆز جامائەتلىرىدىن ئايلىق پۇل يىغالمايتتى، دۆلەت كادىرلىرىغا ئوخشاش دۆلەتتىن مائاش ئالاتتى. ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا پاترىكخانىلاردا مەخسۇس مەجلىسلەر تەسىس قىلىناتتى ۋە ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن پائالىيەت ئېلىپ بارالايتتى. پاترىك، مېتروپولىت ۋە خاخامغا ئوخشاش دىنىي ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەنلەر، دۆلەتكە سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەم ئىچەتتى. غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ جامائەتلىرىنىڭ ئىشلىرى راھىبلار تەرىپىدىن ۋە خەلق ئارىسىدىن سايلىنىپ چىقىدىغان ئەزالاردىن تەشكىل تاپىدىغان قوشما مەجلىسلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىناتتى. غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ مەكتەپ، دوختۇرخانا ۋە مازارلىقلارغا ئوخشاش جايلىرىنىڭ رېمونت قىلىنىشىغا توسالغۇلۇق قىلىنمايتتى، يېڭىلىرىنى ئىنشا قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلەتتى. پەرماندا يەنە، بىر جامائەتنى دىن، تىل ۋە ئىرق جەھەتتىن باشقا مىللەت ياكى ئىرقلاردىن تۆۋەن كۆرۈشكە بولمايدىغانلىقى ۋە خەت ـ چەكلەردىمۇ بۇ تۈرگە كىرىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا دىنى ۋە جىنسىغا قارىماستىن بارلىق ئوسمانلى پۇقرالىرىنىڭ دۆلەت كادىرى بولالايدىغانلىقى، ھەربىي ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ھەر قايسى مەكتەپلىرىدە ئوقۇيالايدىغانلىقى ۋە ھەر بىر جامائەتنىڭ ئۆز تىلىدا ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىنى ئاچالايدىغانلىقىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىلىدۇ. قانۇنى جەھەتتىن باراۋەر بولۇشنىڭ ۋەزىپە ئۆتەشتىمۇ باراۋەر بولۇش ئارقىلىقلا روياپقا چىقىدىغانلىقى پىكرىگە ئاساسەن، غەيرى

مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئەسكەرلىك قىلىشى مەجبۇرى ھالغا كەلتۈرۈلدۇ، لېكىن بۇ ۋەزىپىنى ھەق تۆلەش ئارقىلىق ئادا قىلىسمۇ بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئوسمانلى دۆلتى تەۋەلىكىدە ياشايدىغان چەت ئەللىكلەرنىڭ بولسا، ئوسمانلى تەۋەلىكىدىن مال-مۈلك سېتىۋېلىشلىرىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئىسلاھات پەرمانى ئارقىلىق شۇ زامانغىچە «مىللەتى ھاكىمە» دەپ ئاتىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇن ئالدىدىكى ئۈستۈنلۈكىمۇ ئاخىرلاشقان بولىدۇ، مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئىسلاھات پەرمانىغا مۇسۇلمانلاردىن بۇرۇن خىرىستىيانلار نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. پەرمان ئوقۇلغاندىن كېيىن ئەتلەستىن تىكىلگەن بىر خالتىغا سېلىنغانلىقىنى كۆرگەن ئىزمىت مېتروپولىتى پەرماننىڭ بۇ خالتىدىن قايتا چىقماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ. چۈنكى دىنىي شەخسلەرنىڭ جامائەتلىرىدىن ئالىدىغان ئايلىق پۇللارنىڭ بىكار قىلىنىشى ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ كىرىم مەنبەلىرىنىڭ ئۈزۈپ تاشلىنىشى دېگەنلىك بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ چاغقىچە غەيرى مۇسۇلمان جامائەتلەرنى باشقۇرۇش ئىشلىرى پەقەت راھىبلار ئائىلىسىنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەن بولسا، پەرمان ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن خەلق ئىچىدىن سايلانغان ئەزالارمۇ ئوخشاش سەۋىيەدە جامائەتنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلالايتتى. بۇمۇ غەيرى مۇسۇلمان جامائەتلەرنىڭ تەسىرىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى دېگەنلىك بولاتتى. غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ يەنە بىر نارازىلىقى ئەسكەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشنىڭ ئۇلار ئۈچۈنمۇ شەرت قىلىنغان بولۇشى ئىدى. بۇنىڭغا رىئايە قىلماسلىق ئۈچۈن ھەر خىل چارىلەرنى ئىزدەپ كۆرگەن غەيرى مۇسۇلمانلار، ئاخىرى ھەق تۆلەش يولى ئارقىلىق ئەسكەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىدۇ. يەنە رۇم جامائىتىنىڭ رەھبەرلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشىغا رازى ئىكەنلىكلىرىنى، لېكىن ئەرمەن ۋە يەھۇدىيلار بىلەن ئوخشاش كۆزدە قارىلىشىغا قەتئىي رازى بولمايدىغانلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىشىدۇ. مۇسۇلمان خەلق بولسا، غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇن ئالدىدا ئۆزلىرى بىلەن باراۋەر كۆرۈلۈشى ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئوسمانلى دۆلتى

تەۋەلىكىدىن مال ـ مۈلك سېتىۋېلىشلىرىغا يول قويۇلۇشىنى قوبۇل قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ لىۋان ۋە سۇرىيەدە مۇسۇلمان دۇرزىلەر بىلەن خىرىستىيان مارۇنلار ئارىسىدىكى رىقابەت پەرمان ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن توقۇنۇشلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

....................................................................................

ئىسلاھات پەرمانى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئوسمانلى جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغان گۇرۇپپىلاردىن پەقەت مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، غەيرى مۇسۇلمانلارمۇ ياۋروپا ئىدىيىسىگە كۆرە تەييارلانغان، شەخسلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئالدىنقى پىلانغا قويىدىغان ۋە لائىك (سىكولار) پىكىرگە كۆرە قەلەمگە ئېلىنغان بۇ يېڭى قانۇن چۈشەنچىسىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىسلاھات پەرمانى، تەنزىماتتىن كېيىن ئوسمانلى جەمئىيىتىنى يېڭى بىر قانۇن چۈشەنچىسىگە ئىگە قىلغان ۋە نىھايەت بۇ خەلقنى 1876 ـ يىلى ئاساسىي قانۇنى بار بولغان بىر خەلق ھالىغا كەلتۈرىدۇ.

1856 ـ 1876 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئوسمانلى دۆلىتى تەۋەلىكىدە ناھايىتى كۆپ يېڭىلىقلار ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 452 كىلو مېتىر بولغان ئوسمانلى تۆمۈر يولى بۇ دەۋردە 1344 كىلو مېتىرغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئىستانبۇل ـ پارىژ ئارىسىدىكى 2000 كىلو مېتىرلىق تۆمۈر يولى ھۆددىگە بېرىلىدۇ ۋە 1874 ـ يىلى سوفىياغىچە بولغان قىسمى پۈتكۈزىلىدۇ. ئانادولۇدا بولسا، ھايدارپاشا ـ ئىزمىت ئارىسىدىكى 99 كىلو مېتىرلىق تۆمۈر يول 1873 ـ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. 1874 ـ يىلى ئىستانبۇلدىكى گالاتا تونېلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. نىش، بوسنىيە ۋە ۋىدىن قاتارلىق جايلاردا يېڭى تاشيوللار ئېلىنىدۇ. دۆلەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، تېلېگراما تورلىرى كېڭەيتىلىدۇ. يېزىلارغا قەدەر بارلىق ئىمپېراتورلۇق زېمىنلىرى تېلېگراف تورلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە باغلىنىدۇ. 1868 ـ يىلى فىرانسۇزلارنىڭ ئىستەكلىرىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنغان ھالدا «مەكتەبى سۇلتانى»نامى ئاستىدا گالاتاساراي تولۇق

ئوتتۇرا مەكتىپى فىرانسۇزچە دەرس بېرىشكە باشلايدۇ. باشلانغۇچ مائارىپ مەجبۇرىي ھالغا كەلتۈرۈلىدۇ.
مىللىي مائارىپ خىزمەتلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى قوبۇل قىلىنىدۇ.
1870- يىلى ‹دارۇلمۇئەللىمات›نامى ئاستىدا تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچىلار مەكتىپى ئېچىلىدۇ. ئارىدىن بىر
يىل ئۆتكەندىن كېيىن تاقىۋېتىلگەن بولىسمۇ، يەنە 1870- يىلى ھازىر مەتبۇئات مۇزېيى قىلىپ
ئىشلىتىلىۋاتقان ئورۇندا ‹دارۇلفۇنۇنى ئوسمانىيە›يەنى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى رەسمىي ئېچىلىدۇ.
1860- يىلى مىتهات پاشا نىشقا ۋالىي بولغان مەزگىلدە تۇنجى قېتىم سەنئەت مەكتىپى ئېچىلىدۇ.
بۇنىڭغا ئوخشاش مەكتەپلەر 1864- يىلى سوفىيا ۋە رۇسچۇكتىمۇ ئېچىلىدۇ. دۆلەت تەشكىلاتىدا
فىرانسىيەنىڭ تۈزۈمى ئاساس قىلىنىپ، 1864- يىلى ۋىلايەت قانۇنى چىقىرىلىدۇ ۋە مىتهات پاشا
تەرىپىدىن تۇنجى بولۇپ تۇنا ۋىلايىتىدە ئىجرا قىلىنىشقا باشلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەدلىيە ساھەسىدە
شەرئىي مەھكىمىلەر بىلەن بىرگە، ئەدلىيە مەھكىمىلىرى قورۇلۇشقا باشلايدۇ. بانكىچىلىك ساھەسىدىمۇ
مىتهات پاشا كېيىنكى مەزگىللەردە زىرائەت بانكىسىغا ئۆزگەرگەن ‹مەملىكەت ساندۇقلىرى›نى قۇرۇپ
چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوسمانلى دۆلتى 1856- يىلى پارىژ قۇرۇلتىيى ئارقىلىق پەقەت قانۇنى
جەھەتتىنلا بىر ياۋروپا دۆلتى بولۇپلا قالماي، ياۋروپادىكى بىر دۆلەتتە بولۇشى كېرەك بولغان ئۇست
قۇرۇلمىلارنى تەسىس قىلىشقا باشلايدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ قىرىق بەشىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا
سۇنىدۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Yılmaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, istanbul 1986·

Ufuk Gülsoy, "Islahat Fermanı" TDVÎA, c· 19·

Turgut Subaşı, "Sultan Abdülmecid ve Sultan Abdülazız Türkler, c· 12·

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999.

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-46

سۇلتان ئابدۇلئەزىز ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى…

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «سۇلتان ئابدۇلئەزىز (1861-1876)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز…

«سۇلتان ئابدۇلئەزىز (1861-1876)»

ئابدۇلئەزىز، ئىككىنچى مەھمۇتنىڭ ئابدۇلمەجىدتىن كېيىن سۇلتان بولغان ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئانىسى ئىستانبۇلدىكى ناھايىتى كۆپ خەير-ساخاۋەت ئورنىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان پەرتەۋنىيال ۋالىدە سۇلتاندۇر. 1830-يىلى 9-فېۋرال كۈنى ئىستانبۇلدا دۇنياغا كەلگەن ئابدۇلئەزىز، ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندە ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەنىدى. ئاكىسى ئابدۇلمەجىد سەلتەنەت سۈرگەن 22 يىل بويىچە تەخت ۋارىسى بولۇپ تۇردى. ئابدۇلمەجىد سەلتەنىتى جەريانىدا ئىنىسىنىڭ ئەركىن-ئازادە ياشىشى ۋە چوڭقۇرلىغان ھالدا تەلىم-تەربىيە ئېلىشىغا يول قويدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئابدۇلئەزىز غەرب تىللىرى ۋە مۇزىكىسىنىڭ ئورنىغا ئەرەب تىلى ۋە تۈرك مۇزىكىسى بويىچە تەلىم-تەربىيە ئېلىش يولىنى تاللايدۇ. بۇلاردىن باشقا تەنتەربىيەگىمۇ قىزىقىدىغان ئابدۇلئەزىز، چېلىشىش، سۇ ئۈزۈش، نەيزە ئېتىش دېگەندەك تەنھەرىكەت تۈرلىرى بىلەن بىرگە ئوۋچىلىق قىلىشقىمۇ ئالاھىدە بېرىلىدۇ. ئابدۇلئەزىز ئاكىسىنىڭ ئەكسىچە، تۇرمۇشنى ھەشەمەت ئىچىدە ئۆتكۈزمەي، شاھزادىلىكى بويىچە ئاددىي-ساددا تۇرمۇش

شەكلىنى تاللايدۇ. 1861 - يىلى 25 - ئىيۇل كۈنى 31 يېشىدا تەختكە ئولتۇرغان ئابدۇلئەزىز، بۇ تۇرمۇشتا ئاددى ـ ساددا بولۇش روھى بىلەن خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئابدۇلئەزىزنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئابدۇلئەزىز، تەختكە ئولتۇرغان چېغىدا ساقلىنىۋاتقان ناھايىتى كۆپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ياۋروپا ئۇسۇلىدىكى تۇرمۇش يولىنى تاللىماسلىقى، ياۋروپا دۆلەتلىرىدە تەنزىمات ۋە ئىسلاھات پەرمانلىرىدىن ۋاز كېچىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقى ئەندىشىسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئابدۇلئەزىز، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئەندىشىلىرىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، پەرمان چىقىرىپ تەنزىمات سىياسەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى، ئىرق ۋە دىن پەرقىگە قارىماستىن بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇنى باراۋەرلىكتىن بەھرىمەن بولۇشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەنمۇ ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئوتتۇرىغا چىققان مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سارايىنىڭ چىقىملىرىنى كېمەيتىشكە قوشۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىر ئايال ئېلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ، سارايدىكى يۇقىرى مائاش ئالىدىغان كېرەكسىز خىزمەتچىلەرنى ئىشتىن بوشىتىدۇ. بىر قىسىم دۆلەت ئورۇنلىرىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ خىزمەتچى ـ خادىم سانىنى قىسقارتىدۇ. پارىخورلۇق ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ قالغانلارنى جازالايدۇ. ئۆزىگە ئائىت خۇسۇسىي خەزىنىسىنىڭ كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. سارايدا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىممەت باھالىق نەرسىلەردىن ياسالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى مەنئىي قىلىدۇ. شەرقىنىڭ ئاددى كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن بىرگە، غەربىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىمۇ كىيگەن ئابدۇلئەزىز، «ئەزىزىيە»دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كىيىنىش مودىلىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. سىياسىي مەھبۇسلار

ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك كەچۈرۈم ئېلان قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىچكى خاتىرجەملىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يولغا قويۇلغان بۇ خىل تەدبىرلەر سايىسىدا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشىلىنىدۇ. لېكىن، ئابدۇلئەزىزنىڭ سەلتەنىتىنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدىكى ئاددى ـ ساددىلىق ۋە ئىقتىسادچىل بولۇش روھى ئىككى قېتىملىق ساياھىتىدىن كېيىنلا ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ.

..............................................................

ئابدۇلئەزىزنىڭ ھاياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان بۇ ساياھەتلەرنىڭ بىرىنچىسى، 1863 - يىلى 3 - ئاپرېلدىكى مىسىر زىيارىتى بولۇپ، سۇلتان بۇ قېتىمقى ساياھىتى ئارقىلىق كاۋالالى مەھمەت ئەلى پاشا ئىسيانىدىن بۇيان گويا مۇستەقىل بىر دۆلەتتەك ياشاۋاتقان مىسىر ۋىلايىتىنىڭ ئوسمانلىلار بىلەن بولغان رىشتىسىنى كۈچلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ يەردە مىسىر ۋالىيسى ئىسمائىل پاشا تەرىپىدىن تەييارلانغان ھەشەمەتلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى سۇلتان ئابدۇلئەزىزگە ياراپ قالىدۇ. سۇلتاننىڭ ئىستانبۇلغا قايتقاندىن كېيىن بولسا، مىسىردا كۆرگەن مەزكۇر ھەشەمەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ھايات شەكلىنى سارايدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئابدۇلئەزىزنىڭ ئاددى ـساددا تۇرمۇش ئادىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىككىنچى ئىش بولسا، فىرانسىيە ئىمپېراتورى ئۈچىنچى ناپالىئوننىڭ خەلقئارا پارىژ سانائەت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا سۇلتاننى پارىژغا تەكلىپ قىلىشى بولىدۇ. ئوسمانلى تارىخىدىكى چەت دۆلەتلەرگە ساياھەتكە بارغان بىردىنبىر پادىشاھ بولغان ئابدۇلئەزىز، 1867 - يىلى پارىژغا بارىدۇ. يەنە شۇ يىلى ئەنگلىيە مەلىكىسى ۋىكتورىيانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، لوندونغا بارىدۇ. پادىشاھ، بۇ ساياھەتلىرىنى 1856 - يىلى ئىمزالانغان پارىژ شەرتنامىسىگە كۆرە، قانۇنى جەھەتتىن ياۋروپالىق ھېسابلىنىدىغان ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ سۇلتانى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ دوستى سۈپىتىدە ئېلىپ بارىدۇ. سۇلتان ئابدۇلئەزىز، 1867 - يىلى 21 - ئىيۇندا باشلىغان ياۋروپا ساياھىتىنى بېلگىيە، پروۇسىيە (گېرمانىيە) ۋە ئاۋستىرىيە قاتارلىق

دۆلەتلەرگە چۈشۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، 1867 - يىلى 7 - ئاۋغۇستتا ئىستانبۇلغا قايتىش ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بۇ ساياھەت تاشقى سىياسەت نۇقتىسىدىن ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىقنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى ۋە ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

لېكىن بۇ ساياھەتتىن كېيىن ئابدۇلئەزىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئاددى ـ ساددىلىقتىن ھەشەمەتچىلىككە يۈزلىنىش كۆرىلىدۇ. بۇلارنىڭ بېشىدا چىراغان سارىيىنىڭ ئىنشا قىلىنىشى ئورۇن ئالىدۇ. ئابدۇلئەزىز، ياۋروپا ساياھىتى ئەسناسىدا كۆرگەن سارايلاردىنمۇ ھەشەمەتلىك بولغان بۇ سارايىنىڭ سېلىنىشى ئۈچۈن 4 مىليون ئوسمانلى ئالتۇنى چىقىم قىلىش مەسىلىسىدە ئىككىلەنمەيدۇ. بەيلەر بەيى ( بەگلەر بېگى) سارىيىمۇ بۇ دەۋردە ئىنشا قىلىنىدۇ. چەكمەجە ۋە ئىزمىتكە ئوۋ سارايلىرى سالدۇرىلىدۇ. ئاقسارايدىكى ۋالىدە جامەسى ئانىسى پەرتەۋنىيال ۋالىدە سۇلتان تەرىپىدىن ئىنشا قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ خىل بىناكارلىق پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە ئابدۇلئەزىز زامانىدىكى قەرزنىڭ ھەجمى 200 مىليون ئالتۇنغا، بۇ قەرزلەرنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 14 مىليون ئالتۇنغا يېتىدۇ. دۆلەت يولغا قويغان مالىيە سىياستى بولسا، خامچوت قىزىل رەقىمنى، يەنى قەرزنى قەرز بىلەن تۈگىتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. پەقەت چەت ئەل بازارلىرىدىنلا ئەمەس، ئىچكى بازارلاردىكى گالاتا سەرراپلىرىدىنمۇ يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز ئېلىنىدۇ. 1875 - يىلى خامچوتتا 5 مىليون ئالتۇن كەملىگەندە دۆلەتنىڭ ۋەيران بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالغانلىقى ھېس قىلىنىدۇ. بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئۆسۈم سۈپىتىدە تۆلەپ كېلىۋاتقان يىللىق 14 مىليون لىرا (ئالتۇن بولۇشى مۇمكىن ـ تەرجىمان) نىڭ بەش يىل كېچىكتۈرۈلىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئورنىغا ھۆججەت بېرىلىدىغانلىقىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ياۋروپادىكى ئوسمانلى دۆلىتىگە قەرز بەرگەنلەرنىڭ تۈرك ئەلچىخانىلىرىغا يىغىلىشى ۋە تۈركلەرگە قارشى نامايىشلارنى ئۆتكۈزۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ياۋروپا گېزىتلىرىدە تۈركلەر توغرىسىدا ئېغىر ئەيىبلەشلەرنى مەزمۇن قىلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال، دۆلەتنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈش بىلەن بىرگە، 1856 - يىلىدىكى پارىژ

شەرتنامىسى بىلەن ياۋروپانىڭ دوسلۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن ئوسمانلى دۆلىتىگە قارشى ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە جامائەتچىلىكى ئىچىدە ئوسمانلى دۈشمەنلىكىنىڭ يېيىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

.........................................................................................

بۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەنزىمات بىلەن بىرلىكتە زامانىۋىيلىششىنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىغا ئورۇنلاشقانلىقى ۋە ئابدۇلئەزىز دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. رۇسىيەگە يەقەت كۈچلۈك ئارمىيە ئارقىلىقلا قارشى تۇرغىلى بولىدۇ دېگەن قاراشقا كېلىپ قالغان ئابدۇلئەزىز، مىليونلارچە لىرا سەرپ قىلىپ، ياۋروپادىن ناھايىتى كۆپ يېڭى مودېل قورالالارنى سېتىۋالىدۇ. سېتىۋېلىنغان چوڭ-چوڭ زەمبىرەكلەر بىلەن بوغۇز ۋە چېگرا بويىلىرىدىكى بىر قىسىم قەلئەلەر مۇستەھكەملىنىدۇ. 1866- يىلى پرۇسىيە (گېرمانىيە) دىن كەسپىي ئوفىتسىرلار تەكلىپ قىلىنىپ، ھەربىي مەكتەپ يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىنىدۇ. ھەربىي رۈشتىيە (ئوتتۇرا مەكتەپ) لەر ئېچىلىدۇ. ھازىرقى كۈندە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان بىنا ئابدۇلئەزىز تەرىپىدىن ھەربىيە نازارىتى (مۇداپىئە مىنىستىرلىكى) ئۈچۈن سالدۇرۇلىدۇ. دېڭىز ئارمىيەسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن سۇلتان ئابدۇلئەزىز، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە دېڭىز ئارمىيەلىرىگە ئوخشاش بىر دېڭىز ئارمىيەسىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، خامچوت كۈچىدىن خېلىلا يۇقىرى مىقداردا پۇل سەرپ قىلىدۇ. يېڭى كېمەسازلىق زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. يەرلىك كېمەسازلىق زاۋۇتلىرى ياسىيالمايدىغان ئوق ئۆتمەس پاراخوتلارنى سىرتتىن سېتىۋالىدۇ. دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسىرلىرىنى تېخىمۇ ياخشى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، ئەنگلىيەلىك خوبارت پاشانى ھەربىي مەكتەپكە ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. بەھرىيە نازارىتى (دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى) قۇرۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوسمانلى دېڭىز ئارمىيەسى ئابدۇلئەزىز دەۋرىدە دۇنيانىڭ ئۈچىنچى كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيەسىگە ئايلىنىدۇ.

ئوسمانلى دۆلىتى تەۋەلىكىدە قاتناشنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆمۈر يولى ۋە تاش يوللارنى ياساشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بالقان رايونلىرىدىكىگە ئوخشاشلا ، ئانادولۇدىمۇ ئاماسيا ، سامسۇن ، كاستامونۇغا ئوخشاش جايلاردىمۇ يوللار ئېلىنىدۇ. تۇنا ۋە دىجلەگە ئوخشاش دەريالارغا كېمىلەرنى سېلىشقا كۈچ چىقىرىلىدۇ. بوغۇز ئىچىدە پاراخوت سەپەرلىرىنى باشلاش ئۈچۈن شىركەتى خەيرىيەگە ئىجازەت بېرىلىدۇ. يەرلىك ماللارنى ياۋروپا ماللىرى بىلەن رىقابەتلىشەلىگۈدەك ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سۇلتان ئەھمەدتە بىر سانائەت ئىشلىرى ئىشخانىسى ئېچىلىدۇ.

سۇلتان ئابدۇلئەزىز ، مىتهات ۋە ھۈسەيىن ئاۋنى پاشالار تەرىپىدىن ھەم دۆلەت ھەم ئۆزلىرى ئۈچۈن زىيانلىق دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن ، ئىستانبۇلدىكى تالىبلارنىڭ دەرس تاشلىشى بىلەن باشلانغان بىر قېتىملىق ھەرىكەت نەتىجىسىدە ۋەزىپىسىدىن يىراقلاشتۇرىلىدۇ. ئورنىغا بەشىنچى مۇرات سۇلتان دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. باشتا تاشلىنىپ قالغان توپقاپى سارىيىغا ، ئارقىدىن فەخرىيە سارىيىغا يۆتكەلگەن ئابدۇلئەزىز ، 1876 - يىلى 4 - ئىيۇن كۈنى خانىسىدىن بىلەك تومۇرلىرى كېسىلگەن ھالدا تېپىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ، ئابدۇلئەزىزنىڭ 15 يىللىق سەلتەنىتى ئاخىرلاشقان بولىدۇ. ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۆلۈمى ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشمىدى ياكى بىر جىنايەتمىدى؟ دېگەن مەسىلە ئابدۇلھەمىد دەۋرىدە سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن قاراپ چىقىلىدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ قىرىق ئالتىنچى بۆلۈمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Yılmaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986·

Cevdet Küçük "Abdülaziz" TDVİA, c·I·

Turgut Subaşı, "Sultan Abdülmecid ve Sultan Abdülaziz" Türkler, c· 12·

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999·

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-47

سۇلتان بەشىنچى مۇرات ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «سۇلتان بەشىنچى مۇرات (1876)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«سۇلتان بەشىنچى مۇرات (1876)»

ئابدۇلمەجىدنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلى بەشىنچى مۇراتنىڭ ھەقىقىي ئىسمى مەھمەت مۇرات بولۇپ، ئاتىسى، 1840-يىلى 21-سېنتەبىر كۈنى ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن چېغىدا دۇنياغا كەلگەن بەشىنچى مۇراتنىڭ تۇغۇلىشى، يەتتە كۈن بويىچە ھەر كۈنى بەش قېتىم توپ ئوقى ئېتىش، ئۆي-ماكان ۋە مېھمانخانىلارغا چىراقلارنى ئېسىش دېگەندەك دەبدەبىلىك پائالىيەتلەر ئارقىلىق تەبرىكلىنىدۇ.

غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان سۇلتان ئابدۇلمەجىدنىڭ چوڭ ئوغلى بولغان مۇراتنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى ۋە يېتىشتۈرۈلۈشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۇستازلىرىدىن تۈركچە، ھەدىس، فىرانسۇزچە ۋە پىيانىنو قاتارلىقلار بويىچە دەرس ئالىدۇ. فىرانسۇز تىلى بىلەن پىيانىنونى فىرانسۇز ۋە ئىتالىيەلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆگىنىدۇ. سۇلتان بەشىنچى مۇرات مەزكۇر دەرسلەردىن باشقا تارىخ، پەلسەپە، رەسىم ۋە بولۇپمۇ بىناكارلىق ساھەلىرىگە پەۋقۇلئاددە قىزىقىدۇ. ئاتىسى ئابدۇلمەجىد ئۆزىدىن كېيىن ئوغلى بەشىنچى مۇراتنى تەختكە ئولتۇرىدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن،

ئۇنى تەختكە لايىق رەۋىشتە تەربىيەلەيدۇ. بەشىنچى مۇرات، شاھزادىلىكى مەزگىلىدىلا ياۋروپانىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە ھەشەمەتلىك فورمىلىرىنى كىيگەن ھالدا ھەر خىل مۇراسىملارغا ئىشتىراك قىلىدۇ، بارغانچە غەربلىشىشكە يۈزلەنگەن ئىجتىمائىي ھايات ئىچىدىكى زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىدۇ.

لېكىن 1861- يىلى ئاتىسىنىڭ ياشلا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىشىدىن كېيىن تەختكە ئۇ ئەمەس، تاغىسى ئابدۇلئەزىز ئولتۇرىدۇ. ئۇ ھاياتىنى سەلتەنەتنىڭ تەخت ۋارىسى سۈپىتىدە قىشلىرى دولما باغچە سارىيىدا، يازلىرى بوغۇزدىكى بەبەك تۆپىلىكىگە جايلاشقان نىسپەتىيە قەسىرى ۋە قادىكۆي قۇرباغالىدەرەدىكى تېرىقچىلىق سارىيى قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزىدۇ. بۇ يىللاردا بەشىنچى مۇرات، ياش ئوسمانلىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جايلاردا يېقىندىن ئالاقە ئورنىتىدۇ. ياش ئوسمانلىلار جەمئىيىتى 1865- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە ئۆز دەۋرىنىڭ زىيالىيلىرىدىن شىناسى، ئەلى سۇئاۋى، نامىق كەمال ۋە زىيا پاشاغا ئوخشاش تونۇلغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بەشىنچى مۇرات بولۇپمۇ نامىق كەمال بىلەن يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شاراپلارمۇ كەلتۈرۈلىدىغان سورۇنلاردا مەزمۇنى چوڭقۇر تېمىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا بەس -مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ سايىسىدا كېيىنكى مەزگىللەردە «جۈن تۈركلەر» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان بۇ ياش ئوسمانلىلار بىر گۇرۇپپا زىيالىيلار قاتلىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بەشىنچى مۇرات، بۇ يىغىنلارنىڭ چىقىملىرىنى قامداش ئۈچۈن گالاتادىكى ئالتۇن سودىگەرلىرىدىن قەرز ئالىدۇ. بەشىنچى مۇرات، تاغىسى ئابدۇلئەزىزنىڭ مۇھاپىزىكار تۇرمۇش شەكلىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى بولغان ياۋروپا تۇرمۇش ئۇسۇلىنى گەۋدىلىك ھالدا نامايان قىلىدۇ. ئۆزى ياشىغان يەرلەردە فىرانسىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى ئالېكساندېر دۇماسنىڭ “مونتى كرىستو”ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇپ، پىيانىنو ئۈچۈن نوتىلارنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۆزىنى ياۋروپالىق شاھزادىلەردىن پەرقلىق دەپ قارىمايدىغان بەشىنچى مۇرات دولما باغچە سارىيى ۋە قەسىرلەردە بەرگەن زىياپەتلىرىدە چەت ئەللىك ۋە يەرلىك كۆپلىگەن مېھمانلارنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇپ مېھمان

قىلىدۇ. بۇ خىل زىياپەتلەردە ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن كۆتكىچىلەر خىزمەت قىلىدۇ، زىياپەت ئەسناسىدا تاماق مۇزىكىسى ياكى ئورکېستىرالار چېلىنىدۇ. بۇ خىل زىياپەتلەر، پەقەت تائاملارنى يېيىش، شاراپلارنى ئىچىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ياۋروپا ئۇسۇلىدىكى ھەر خىل پىكىر ۋە قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان يىغىنلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

.........................................................................

تاغىسى سۇلتان ئابدۇلئەزىز 1863 - يىلىدىكى مىسىر، 1867 - يىلىدىكى ياۋروپا ساياھەتلىرىدە تەخت ۋارىسى بەشىنچى مۇراتنىمۇ بىينىغا ئېلىۋالىدۇ. بەشىنچى مۇرات، فىرانسۇزچە بىلمەيدىغان تاغىسىنىڭ ئەكسىچە فىرانسۇز تىلىنى بىلىشى ۋە نازاكىتى بىلەن ياۋروپا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ياۋروپا ساياھىتى ئەسناسىدا فىرانسىيە ئىمپېراتورى ئۈچىنچى ناپالىئون ۋە ئەنگلىيە مەلىكىسى ۋىكتورىيا، ئابدۇلئەزىزدىنمۇ بەكرەك بەشىنچى مۇراتقا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بەشىنچى مۇراتنىڭ چەت ئەل تىلىنى بىلىشى بىلەن باشقىلار بىلەن ئاسانلا مۇناسىۋەت ئورنىتالايدىغان تەبىئىتى، بولۇپمۇ ئەنگلىيەنىڭ پارلامېنت سىستېمىسىغا تايىنىدىغان بىر خىل تۈزۈلمىنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىدە يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن سۇلتان مۇراتنى نامزات دەپ قاراشلىرىنى چىقىش قىلاتتى. بۇ ساياھەتلىرى جەريانىدا كۆرگەنلىرىدىن بىئارامىلىق ھېس قىلغان سۇلتان ئابدۇلئەزىز، بەشىنچى مۇراتنى ئىستانبۇلغا يولغا سېلىۋېتىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، ئوسمانلىلىنىڭ تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل كىشىلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ قارىشىدىن ۋاز كېچىدۇ. لېكىن ئىستانبۇلغا قايتقاندىن كېيىن، تەخت ۋارىسى بەشىنچى مۇراتنىڭ ئەركىنلىكلىرى ۋە سەرپىياتلىرىغا چەكلىمە قويۇلۇپ، بىر يىل بويىچە تۇرىدىغان يېرىنىڭ سىرتىغا چىقىشنى مەنئىي قىلىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، 1870 - يىلىدىن ئېتىبارەن بەشىنچى مۇرات جۇن تۈركلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى. نامىق ۋە زىيا پاشالار بىلەن ئەركىنلىك ۋە ئاساسىي قانۇن مەسىلىرى بويىچە بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ باردى. فىرانسىيەدىن كەلگەن بىر قانۇنشۇناستىن ئىستانبۇلغا پادىشاھ بولغاندا ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن بىر ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. بەشىنچى مۇرات تەخت ۋارىسى بولۇپ تۇرۇشنى قوبۇل قىلالماي، تاغىسى ئابدۇلئەزىزنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن يېڭى ئوسمانلىلار جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئورۇنۇشتىنمۇ ئۆزىنى تارتمايدۇ. لېكىن بۇ ھەرىكەت پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، جۇن تۈركلەر ياۋروپاغا قېچىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. بەشىنچى مۇرات بولسا، 1871 - يىلىدىن باشلاپ نېرۋا بىئاراملىقى كېسىلىگە مۇپتىلا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بەشىنچى مۇرات، بولۇپمۇ 1873 - 1876 - يىللىرى ئارىسىدا تاغىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش ھەرىكەتلىرى ئىچىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

1876 - يىلى 10 ـ ماي كۈنى سۇلتان ئابدۇلئەزىزنىڭ سەلتەنىتىگە قارشى چىققان مىتھات پاشانىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئىستانبۇلدىكى مەدرەسە ئوقۇغۇچىلىرىغا سەررافى ھىرىستاكى ئارقىلىق پۇل تارقىتىلىپ، دەرس تاشلاش ھەرىكىتى باشلىتىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان كۆپ ساندا كىشى ئابدۇلئەزىز ئىقامەت قىلىدىغان يۇلتۇز قەسرىگە قاراپ يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق ھاكىمىيەت سېپىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلدۇردى. سەدرىئەزەملىككە تەرجىمان رۇشتى پاشا، ئارمىيە باش قوماندانلىقىغا ھۈسەيىن ئاۋنى پاشا، شەيخۇلئىسلاملىققا خەيرۇللاھ ئەپەندى، دېڭىزچىلىق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىگە ئەھمەت پاشا ۋە مەجلىس ئەزالىقىغا مىتھات پاشا تەيىنلىنىدۇ. ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئابدۇلئەزىزگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىسيان ۋە باشقا ھەرىكەتلەرنىڭ باشلامچىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنقىلاب (ئىھتىلال) كومىتېتى ئەزالىرى دەپ ئاتالغان بۇ بەش كىشى ھەربىي مەكتەپنىڭ قوماندانى سۇلايمان پاشانىمۇ يانلىرىغا

تارتىپ، 1876- يىلى 30- ماي كۈنى ئابدۇلئەزىزنى تەختتىن چۈشۈرىۋېتىپ، ئورنىغا بەشىنچى مۇراتنى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ 33- پادىشاھى دەپ ئېلان قىلىدۇ.

.....................................................................................

بەشىنچى مۇراتنىڭ سەلتەنىتىنىڭ دەسلەپكى ئىككى كۈنىدە تاغىسى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئانىسى ۋە ئاياللىرىغا ئائىت قىممەت باھالىق زىبۇ –زىننەتلەرنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزگىرىش ھەرىكىتىنى قوزغىغان پاشالار تەرىپىدىن شۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن سەررافى ھرىستاكىدىن ئالغان 1 مىليون لىرالىق قەرز ئۈچۈن بىرىۋېتىلىدۇ. تەختكە ئولتۇرغان بىرىنچى ھەپتىسىدە ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بەشىنچى مۇرات، تاغىسى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئارىدىن ئالتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىلەكلىرى كېسىلىپ، ئۆلتۈرۈلگەن ھالدا تېپىلىشىدىن كېيىن، ئېغىر كېسەللىكلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. ناشتا قىلىۋاتقان ئەسنادا ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان بەشىنچى مۇرات، «ئاھ، خەلق بۇنى مەندىن كۆرىدۇ» دېگىنىچە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئەقلىي مۇۋازىنىتى بوزۇلىدۇ. داۋالاش ئۈچۈن كەلگەن دوختۇرلار ئۇنىڭغا يۇلتۇز سارىيىدا ئولتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىشىدۇ. ئۇ يەرگە ئېلىپ بېرىلغان مۇراتنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى كۈندىن كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىدۇ.

ئوسمانلى تەختىگە ئولتۇرۇشنىڭ قىلىچ ئويۇنىتىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋىي مۇراسىمىمۇ پادىشاھنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقى يۈزىسىدىن "سۇلتانىنىڭ دۇمبىسىگە چىقان چىقىپ قالدى، بۇ سەۋەبتىن كېچىكتۈرۈلدى"دەپ ئارقىغا سۈرۈلىدۇ.

1876- يىلى 1- ئاۋغۇست كۈنى دوكتۇر ئاكىف پاشا بىلەن دوكتۇر كاپولېئوننىڭ يازغان دوكلاتلىرىدا، سۇلتان بەشىنچى مۇراتنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئېھتىمالىنىڭ تۆۋەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ، ۋىيېننا ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورلىرىدىن لېيدېسدورف تەكلىپ قىلىنىپ،

سۇلتاننىڭ كېسلى تەكشۈرتىلىدۇ. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ، سۇلتاننىڭ ئۈچ ئاي بويىچە ياتىقىدا نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇشى تەكلىپ قىلىنىدۇ. خەلق ئىچىدە بولسا ، پادىشاھنىڭ سۆزلەپ قالغانلىقى ھەققىدە گەپ ـسۆزلەر تارقىلىشقا باشلايدۇ. نېرۋا كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان ، جۆيلۈيدىغان ۋە تاماق يىمەيدىغان بەشىنچى مۇراتنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلالمايدىغانلىقى ئۆزگىرىش ئېلىپ بارغان كومىتېتنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، مىتهات پاشا ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن تەخت ۋارىسى ئابدۇلھەمىد بىلەن ئالاقە ئورنىتىدۇ. شەيخۇلئىسلامنىڭ پەتىۋا بېرىشى بىلەن 1876- يىلى 31- ئاۋغۇستتا بەشىنچى مۇرات تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، ئورنىغا ئىككىنچى ئابدۇلھەمىت تەختكە چىقىرىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر ھەپتە ، رەسمىي شەكىلدە ئۈچ ئاي ھاكىمىيەت سۈرگەن بەشىنچى مۇرات، ئوسمانلى تارىخىنىڭ ئەڭ قىسقا تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھى بولۇپ قالىدۇ. تەختتىن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن 28 يىل بويىچە چىراغان سارىيىدا نازارەت ئاستىدا تۇتۇلغان بەشىنچى مۇرات ئەقلىي سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، شىكەر كېسىلىگە مۇبتىلا بولۇپ، 1904- يىلى 29- ئاۋغۇست كۈنى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ قىرىق يەتتىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Yılmaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986·

İ· İL Uzunçarşılı, "V· Murat" t A, c·8·

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999·

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-48

## بىرىنچى مەشرۇتىيەت ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «بىرىنچى مەشرۇتىيەت» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«بىرىنچى مەشرۇتىيەت»

"مەشرۇتىيەت"ئەرەبچىدىكى "شەرت"سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بىر سۆز بولۇپ، 19- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن ئېتىبارەن ئوسمانلى سىياسىي ھاياتىدا «ئاساسىي قانۇن ۋە مەجلىس (پارلامېنت) لىك سەلتەنەت» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىشكە باشلايدۇ. ئوسمانلى تارىخىدا "قانۇنى ئەساسىي"دەپ ئاتالغان تۇنجى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغان 1876- يىلى 23- دېكابىردىن باشلاپ، 1878- يىلى 13- فېۋرالدىكى "مەجلىسى مەبۇسا (پارلامېنت ئەزاسى مەجلىسى)"نىڭ ۋاقىتلىق ھالدا توختىتىپ قويۇلۇشىغىچە بولغان جەريان "بىرىنچى مەشرۇتىيەت"دەپ ئاتىلىدۇ. مەشرۇتىيەت ئۇقۇمى كېيىنكى مەزگىللەردە "ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈم"دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

مەشرۇتىيەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتى، بىر پارلامېنت ۋە بىر ئاساسىي قانۇننىڭ سۇلتاننىڭ سالاھىيەتلىرىگە چەكلىمە قويۇشىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەشرۇتىيەت، چەكلىمسىزلىك ۋە ئىستىبدادقا قارشى بىر خىل ئۇقۇمغا ئىشارەت قىلاتتى. بۇ خىل تۈزۈملەرنىڭ ئالدىدا ئاساسىي قانۇنلىرى بار بولغان پادىشاھلىق، خانلىقلار بىر خىل مەشرۇتىيەتكە ئىگە بولاتتى. ئوسمانلى دۆلىتىدە تۇنجى ئاساسىي قانۇن 1876- يىلى 23- دېكابىر كۈنى قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ ۋاقىت

ئوسمانلى دۆلىتىدە ئاساسىي قانۇن ۋە مەجلىس (پارلامېنت) لەر دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقىت ئەمەس ئىدى؛ ئىسلام جۇغراپىيەسىدىكى تۇنجى ئاساسىي قانۇن 1861 - يىلى ئېلان قىلىنىپ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان تۇنىس قانۇنى ئىدى. ئەينى شەكىلدە مىسىردا خىدىۋ ئىسمائىل پاشا 1866 - يىلى بىر مەجلىس تەشكىل قىلىنغانىدى. ئوسمانلى دۆلىتىدە بولسا، سېرپىلارغا بېرىلگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقى بىلەن بىرلىكتە، "سكۇپشتىنا"نامى ئاستىدا بىر مەجلىس قۇرۇلغانىدى. يەنە 1831 - يىلى ئەفلاك - بۇغدان (رۇمېنىيە -مولداۋىيە) ئۈچۈن بىر ئاساسىي قانۇن نىزامنامىسى چىقىرىلغانىدى. 1861 - يىلىغا كەلگەندە، جەبەلى لىۋان (لىۋان تېغى) نىزامنامىسى بىلەن بىرلىكتە لىۋاندا بىر قوشما ئىدارى مەجلىس قۇرۇلغان ۋە 1866 - يىلى گىرىت ئارىلىدا ئومۇمىيۈزلۈك بىر مەجلىسنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى پىلانلانغانىدى.

ئوسمانلى دۆلىتى ئۆز ئىچىدىكى رۇم ئورتودوكس، ئەرمەنى گرېگورىيېن ۋە يەھۇدىي مىللىتى ئۈچۈن چىقارغان نىزامنامىلەر ئارقىلىق 1862 - 1865 - يىللىرى ئارىسىدا بۇ دىنىي جامائەتلەر ئۈچۈنمۇ رۇھانىي مەجلىسلەر بىلەن بىرگە جىسمانىي مەجلىسلەرنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋە راھىبلار بىلەن خەلق ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپىدىغان ئومۇمىي مەجلىسلەرنىڭ قورۇلۇشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. بۇ نىزامنامىلەر گرېكچە "قانونى سموئى"، ئەرمەنچە "ساخماناتروئۇتيۇن"دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ھەر ئىككىسلا ئاساسىي قانۇن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. گەرچە تۇنجى ئوسمانلى ئاساسىي قانۇنى فىرانسۇز ۋە بېلگىيە ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئوسمانلى ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇقتىلاردىن چىقىپ تۇرغىنىدەك، ئاساسىي قانۇن ۋە مەجلىس ئۇقۇملىرىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئەمەسلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا 1864 - ۋە 1871 - يىللىرىدىكى ۋىلايەت قانۇنلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلەردە ئىدارە مەجلىسلىرى قۇرۇلىدۇ ۋە مالىيە مەسىلىلىرى سەۋىيەسىدە بولسىمۇ، مەجلىس شەكىللەندۈرۈلىدۇ. بۇ جەريان، قانۇنى ئەساسىينى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇق

قىلغان پەرمانىدىمۇ ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، تەنزىمات بىلەن باشلانغان يېڭىلىنىش مۇساپىسىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچى دەپ قارىلىدۇ.

...............................................................................

قانۇنى ئەساسىينىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا باشلامچىلىق قىلغان ۋەقەلەر 1876- يىلى 10- ماي كۈنى مەيدانغا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسى ئىدى. بۇ ۋەقەلەر بىلەن باشلانغان جەرياندا سۇلتان ئابدۇلئەزىز تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، بىر ئىنقىلاب كومىتېتى ھاكىمىيەت بېشىغا كېلىدۇ. بۇ كومىتېت ئىچىدىكى ياش ئوسمانلىلار ھەرىكىتىنىڭ ئىدىيىلىرىنى سىياسىي ساھە بىلەن بىرلەشتۈرگەن كىشى مىتھات پاشا بولۇپ، ئۇ، مەشرۇتىيەتنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى كۈچلۈك شەكىلدە تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئاساسىي قانۇنغا قارشى پىكىردىكىلەرمۇ مەزكۇر كومىتېت ئىچىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئاساسىي قانۇنغا قارشى تۇرىدىغانلارنى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىشقا بولىدۇ: بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ئاساسىي قانۇن ۋە پارلامېنتنىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىككىنچى گۇرۇپپا، دۆلەتنىڭ راۋاج تېپىشىنىڭ خانلىق تۈزۈمنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلاردىن تەشكىل تاپىدۇ.

مىتھات پاشا، ئاساسىي قانۇنغا تايىنىدىغان بىر مەشرۇتىيەت تەرەپدارى بولغان بەشىنچى مۇراتنى ھاكىمىيەت بېشىغا كەلتۈرىدۇ. لېكىن سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ناچارلىشىشى يۈزىسىدىن بەشىنچى مۇرات پەقەت ئۈچ ئايلا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرالايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاساسىي قانۇننى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد تەختكە چىقىرىلىدۇ. بۇ ئەسنادا، بوسنىيە ـھەرسەك، سېربىيە، قاراباغ ۋە بۇلغارىيەدىكى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش خاراكتېرلىك ئىسيانلارنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىستانبۇلدا بىر يىغىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتى بولۇپمۇ رۇسىيەنىڭ مۇداخىلە قىلىشىنىڭ ئالدىنى

ئېلىش ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 1876 - يىلى 23 - دېكابىر كۈنى قۇرۇلتاي خىزمەتلىرىنى باشلاش بىلەن بىرگە، قانۇنى ئەساسىينى ئېلان قىلغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

قانۇنى ئەساسىينى تەييارلاپ چىققان ۋە سۇلتانغا قوبۇل قىلدۇرغان كىشى ئاساسەن دېگۈدەك مىتهات پاشادۇر. مىتهات پاشا، تەنزىمات دەۋرى يېتىشتۈرگەن ئەڭ كۈچلۈك ئۆلكە ۋالىيسى دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ. تۇنا، باغداد، ئايدىن، ئەدىرنە، نىش ۋە سەلانىكقا ئوخشاش ۋىلايەتلەردە باش ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، مەزكۇر ۋىلايەتلەرنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، ئارقىدىن سۈرئەت بىلەن قورۇلۇش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىياتلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ياش ئوسمانلىلارمۇ چىقارغان «ھۆررىيەت» ۋە «مۇخبىر» ناملىق گېزىتلىرىدا مىتهات پاشاغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ. مىتهات پاشا ھەققىدە چەت ئەللەردىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىجابىي ماقالىلەر يېزىلىدۇ. مىتهات پاشا، ئەنگلىيە بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ ۋە بۇ دۆلەتنىڭ ھەر دائىم ئۇنى قوللاپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مىتهات پاشا ئۆلكە ۋالىيلىقىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتتە نامايان قىلالمايدۇ. قانۇنى ئەساسىي ئېلان قىلىنغاندىمۇ غەربنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ھەتتا بۇ ھەرىكەتكە ئورۇنسىز بىر ئىش دەپ باھا بېرىلىدۇ.

قانۇنى ئەساسىي 12 تېما ئاستىدا جەمئىي 119 ماددىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق پىرىنسىپلار نۇقتىسىدىن بۇ ئاساسىي قانۇن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، 1920 ۋە 1924 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇنلارغا ئۈلگە بولغان، بىر قىسىم تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە، 1960 - يىلىغىچە ئىجرا قىلىنغان .

.........................................................................

1876 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن «تاجلىق دېموكراتىيە» دەپ ئاتالغان بىرىنچى مەشرۇتىيەت ئىجرا قىلىنىشقا باشلىنىدۇ. بۇ مەقسەتتە مەجلىس (پارلامېنت) قۇرۇلدۇ. تۇنجى مەجلىس 1877 - يىلى 19 - مارت كۈنى ئېچىلدۇ. مەجلىسنىڭ تەسىس قىلىنىشىدا ئەنگلىيە پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ ئاساس قىلىنغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. «مەجلىسى ئۇمۇمىي» دەپ ئاتالغان ئۇمۇمىي مەجلىس، ئىككى تۈۋەن مەجلىستىن تەشكىل تاپىدۇ. بىرىنچىسى «مەجلىسى ئايان» دەپ ئاتىلىدىغان ئىمپېراتورلۇق مەجلىسى ئىدى. بۇ مەجلىسنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى پادىشاھ تەرىپىدىن ئۆمۈر بويى پارلامېنت ئەزاسى قىلىپ تەيىنلىنىدىغان بولۇپ، جەمئىي 26 ئەزادىن تەشكىل تاپاتتى. يەنە بىر مەجلىس بولسا، «مەجلىسى مەبۇسان» دەپ ئاتىلىدىغان پارلامېنت ئەزاسى مەجلىسى ئىدى. بۇ مەجلىسنىڭ ئەزالىرى، سايلام ئارقىلىق ئىمپېراتورلۇقنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان نامزاتلارنىڭ سايلىنالىغانلىرىدىن تەشكىل تاپاتتى. جەمئىي 115 پارلامېنت ئەزاسىدىن تەشكىل تاپىدىغان بۇ مەجلىسنىڭ تۇنجى ئەزالىرىنىڭ 69 ى مۇسۇلمان، 49 ى بولسا، غەيرى مۇسۇلمانلاردىن ئىدى. بۇ نەتىجە، ئوسمانلى دۆلىتى تەۋەلىكىدە ياشايدىغان بارلىق پۇقرالارنى دىن، تىل ۋە ئىرقلارغا كۆرە ئايرىماستىن، پەقەت بىرلا مىللەت دەپ قارىغان ئاساسىي قانۇننىڭ ئوسمانچىلىق ئىدىيىسىگە تايانغانلىقىنى مەنبە قىلاتتى. شۇ قېتىملىق سايلام نەتىجىسىدە، لىۋىيە، يەمەن، بوسنىيەگە ئوخشاش يىراق جايلاردىنمۇ پارلامېنت ئەزاسى سايلىنىپ، ئىستانبۇلغا كېلىشىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇنجى قېتىم ئىستانبۇلنى كۆرگەن كىشىلەر ئىدى. بەزىلىرىنىڭ تۈركچىسى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئەھۋالنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ پارلامېنت ئېچىلىدىن گىرىت، تېسېلىيا ۋە ئېپىرنىڭ گىرېتسىيەگە بىرىلىشىنى، شەرقىي ئانادولۇدىمۇ بىر ئەرمەنى خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى ھالدا قوللىشىنى تەلەپ قىلىدىغان غەيرى مۇسۇلمان پارلامېنت ئەزالىرىمۇ چىقىدۇ. يەنە بىر قىسىم

پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ پارلامېنت تۈزۈمىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكلىرى ۋە ھۆكۈمەتتىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ ۋەزىپە ئۆتەشنى تەلەپ قىلىدىغان ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلىدۇ.

تۇنجى مەجلىسنىڭ يەنە بىر خاتالىقى بولسا، مىتھات پاشا باشلامچىلىق قىلغان بىر گۇرۇپپىنىڭ رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشى ئىدى. بۇ ئىش ھىجرىيە 1293- يىلى يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن «93 ھەربى» دەپ ئاتالغان 1877- 1878- يىللىرى يۈز بەرگەن ئوسمانلى -رۇس ئۇرۇشىدۇر. بۇ ئۇرۇش ئوسمانلى دۆلىتى ئۈچۈن بىر ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بالقان رايونلىرى ۋە كاۋكازلاردىن كەلگەن مىليونلارچە ئۇرۇش قۇربانى كۆچمەن ئىستانبۇلغا توپلىنىدۇ. دۆلەت زورىيىۋاتقان ئىقتىسادىي ۋە بىخەتەرلىك مەسىلىلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ھەل قىلالمايدۇ. مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنالماسلىقى مەجلىستىكى چەت دۆلەتلەرنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارلامېنت ئەزالىرىغا چېتىپ چۈشىنىلىپ، 1878- يىلى 13- فېۋرالدا مەجلىس نامەلۇم ۋاقىتقىچە تاقىۋېتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن 14 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بىرىنچى مەشرۇتىيەت ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ كېيىنچە ئېلان قىلغان يىلنامىلىرىدە 30 يىل بويىچە قانۇنى ئەساسىيغا ئورۇن بېرىلىدۇ. بىرىنچى مەشرۇتىيەت ناھايىتى قىسقا ۋاقىت داۋام قىلغان بولسىمۇ، تۈرك دېموكراتىيە تارىخىنىڭ باشلانغۇچى سۈپىتىدە تۇنجى پارلامېنتى ۋە تۇنجى ئاساسىي قانۇنى بىلەن تارىختىكى ئورنىنى ئالىدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ قىرىق سەككىزىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنۇدۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Yılmaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986·

Şükrü Hanioğlu, "Meşrutiyet" TDVİA, c· 29·

Akif Aydın, "Kanun-i esasi" TDVİA, c. 24.

## ئوسمانلى سۇلتانلىرى-49

ئىككىنچى ئابدۇلھەمىدنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد (1876 - 1909)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

### «ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد (1876 - 1909)»

ئوسمانلى تارىخىدىكى 36 ئوسمانلى پادىشاھى ئارىسىدىكى ئەڭ كۆپ بەس-مۇنازىرە تېمىسى بولغان ۋە پەرقلىق دۇنيا قاراشلىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ھەققىدە ئەسەرلەر يېزىلغان ئوسمانلى سۇلتانى ئىككىنچى ئابدۇلھەمىدتۇر. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە ئۇ، قولى قان بىلەن بويالغان بىر سۇلتان بولسا، ناھايىتى كۆپ تەتقىقاتچىلار، بۇ سۆيەتلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ قاندىن نەپرەتلىنىدىغان، ئۆلۈم جازالىرىنىمۇ مۇددەتسىز قاماق جازالىرىغا ئۆزگەرتكەن، ئۆزىگە سۇيىقەست قىلىشقا ئورۇنۇلارنىمۇ كەچۈرۈم قىلغان، ھەتتا ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مۇكاپاتلىيالىغان ئۇلۇغ خاراكتېرگە ئىگە بىر سۇلتان ئىكەنلىكىنى يېزىشىدۇ.

ئىككىنچى ئابدۇلھەمىدنىڭ 1876-يىلى بىرىنچى مەشرۇتىيەت بىلەن تەختكە ئولتۇرۇپ، 1908-يىلى ئىككىنچى مەشرۇتىيەت بىلەن تەختتىن چۈشكەنلىكىنى ئەركىن-ئازادە ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن.

بۇ ئىككى مەشرۇتىيەت ئارىسىدىكى 30 يىلغا يېقىن جەريان ئىچىدە بولسا، ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنى ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلدى. بىرىنچى مەشرۇتىيەتنى ۋە تۇنجى غەرب ئۇسۇلىدىكى ئوسمانلى ئاساسىي قانۇنى بولغان قانۇنى ئەساسىينى ئېلان قىلدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد، 1876 - يىلى ياش ئوسمانلىلار جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي قانىتىنى تەشكىل قىلىدىغان مىتھات پاشا ۋە ئەتراپىدىكىلەر تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلدى.

ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد تەختكە ئولتۇرغاندا 34 يېشىنى تولدۇرغان بىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە دائىر يېتەرلىك دەرىجىدە مەلۇمات يوق. ھەتتا ئابدۇلمەجىدنىڭ كۆپ ساندىكى ئوغۇللىرىنىڭ بىرى بولۇشىغا قارىماي، سەلتەنەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغان نامزاتلار قاتارىدىمۇ تىلغا ئېلىنمايتتى. ئاتىسىنىڭ دېگەنىدەك كۆڭۈل بۆلۈشىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ۋە ئانىسى ئۇ ئون بىر ياشقا كىرگەنىدە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە مۇبتىلا بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئابدۇلھەمىد، بۇ خىل شارائىتلار ئاستىدا باشقىلار بىلەن دېگەندەك ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان، دەرىجىدىن تاشقىرى گۇمانخور ۋە قورقۇنچاقراق بىر خىل خاراكتېر بىلەن يېتىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى كېيىنكى مەزگىللەردىكى باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىمۇ ئۆزىنى نامايان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، بىر ئۆگەي ئانىنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرۇلغان ئابدۇلھەمىد، ئانىغا بولغان سۆيگۈسىنى بۇ ئۇسۇل بىلەن تولۇقلاشقا تىرىشتى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ تونۇلغان ئۇستازلىرىدىن تەلىم-تەربىيە ۋە دەرس ئالدى. بۇ دەرسلەرنىڭ ئارىسىدا "لىسانى ئوسمانى" دەپ ئاتىلىدىغان تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى، ئەرەبچە، پارىسچە، تۈرك ۋە فىرانسۇز ئوقۇتقۇچىلاردىن فىرانسۇزچە، ئىتالىيەلىك ئوقۇتقۇچىلاردىن مۇزىكا ۋە پىيانىنو دەرسلىرىنى ئالدى. تاغىسى ئابدۇلئەزىزنىڭ مىسىر ۋە ياۋروپا ساياھەتلىرىگە ئىككىنچى ئابدۇلھەمىدمۇ قاتنىشىدۇ.

تەلىم-تەربىيە ئالغان ۋە ياۋروپانى كۆرگەن بىرى بولۇشىغا قارىماي، ئاتىسى ئابدۇلمەجىدنىڭ ئەكسىچە، غەربچە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلماي، تاغىسى ئابدۇلئەزىزنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكىگە ئوخشاش

ئاددى ـ ساددا تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللايدۇ، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ. 1876- يىلى تەختكە ئولتۇرغاندا، شۇ چاغقىچە ئىجرا قىلىنىپ كېلىۋاتقان سارايىنىڭ قائىدە ـ يۇسۇنلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئەسكەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ گازارمىلىرىدا تاماق يېيىش، سارايدىكى چۆرىلەرنىڭ سانىنى قىسقارتىش، ئۇ چاغقىچە داۋاملىشىپ كەلگەن رەسمىي مۇراسىملاردا ئورۇن ئېلىپ كەلگەن سارايىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىغا ئورۇن بەرمەسلىك دېگەندەك سىياسەتلىرى بىلەن دىققەتنى تارتىدۇ ۋە خەلق ئۈمىدىنى باغلىغان بىر سۇلتان بولىدۇ. ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد، 1876- يىلى بىرىنچى مەشرۇتىيەتنى قوبۇل قىلىش، تۇنجى ئوسمانلى ئاساسىي قانۇنى بولغان “قانۇنى ئەساسىي”نى ئېلان قىلىش، ئوسمانلى تارىخىدىكى تۇنجى پارلامېنت بولغان “مەجلىسى ئومۇمىي”(ئومۇمىي مەجلىس) نى ئېچىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ ۋە دېموكرات بىر سۇلتان بولىدىغانلىقى تويغۇسىنى بېرىدۇ.

.....................................................................

لېكىن، 1876- يىلى قېرىندىشى بەشىنچى مۇراتنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى ۋە تاغىسى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋەقەسىدە مىتھات پاشا باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ رول ئوينىغانلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، ئىككىنچى ئابدۇلھەمىدتە ئۆزىنىڭمۇ ئەينى شەكىلدە ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ياكى تەختتىن چۈشۈرۈلىدىغانلىقى ئەندىشىسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 1908- يىلىدىكى ئىككىنچى مەشرۇتىيەتنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا قەدەر داۋاملىشىدىغان 30 يىللىق جەرياندا ئابدۇلھەمىدنىڭ دۆلەتنى كۈچلۈك ئىستىخبارات تورىغا تايانغان ھالدا ئىدارە قىلغانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.  ئۇ پەقەت دۆلەت ئىچىدىكى ئەھۋاللارنىلا ئەمەس، چەت دۆلەتلەردىكى ھادىسىلەرنىمۇ يېقىندىن كۆزىتىدۇ. دۆلەتنىڭ مەركىزىنى يۇلتۇز سارىيىغا يۆتكەپ، ئۇ يەردە گويا يېڭى بىر ھۆكۈمەت قۇرغاندەكلا مۇھىت پەيدا قىلىدۇ. ساراي ئىچىدىكى تەرجىمە ئىشلىرى ئىشخانىلىرىدا ياۋروپانىڭ مۇئەييەن شەھەرلىرىدە چىقىدىغان مەشھۇر

گېزىتلەرنىڭ ئوسمانلى دۆلىتى ۋە سارىيى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملىرىنى ئايرىتىپ، تەرجىمە قىلدۇرىدۇ.

ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد دەۋرىدە، 1877- 1878- يىللىرىدىكى ئوسمانلى -رۇس ئۇرۇشى نەتىجىسىدە ئوسمانلى دۆلىتى سېربىيە، رۇمېنىيە ۋە قارادائ (قاراتاغ) قاتارلىق رايونلارنىڭ مۇستەقىللىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىش بىلەن بىرگە، بۇلغارىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ. ناھايىتى كۆپ مىقداردىكى ئۇرۇش تۆلەم پۇلىنى تۆلىيەلمىگەندىن كېيىن، قارس، ئارداھان ۋە باتۇم قاتارلىق شەھەرلەر رۇسىيەگە بېرىلىدۇ. 1878- يىلى قىبرىس ئارىلىنىڭ ئىدارە قىلىش ئىشلىرى ئەنگلىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. بوسنىيە -گېرتسېگوۋىنا بولسا، ئاۋستىرىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ يېڭى قەرز ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، 1881- يىلى چەت ئەللىكلەرنىڭ دۆلەت كىرىملىرىنى كونتروللۇقى ئاستىغا ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىدىغان «دۇيۇنى ئومۇمىيە» يەنى ئومۇمىي قەرزلەر ناملىق ئىدارىنىڭ قۇرۇلۇشى تەستىقلىنىدۇ.

ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد، شۇ كۈندىن باشلاپ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇرۇش ئارقىلىق ئەمەس، دىپلوماتىك ئۇسۇللارغا تايانغان ھالدا ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ مەقسەتتە، خەلىپە ئۇنۋانىنى ئىشلىتىپ، ئىسلام بىرلىكىنى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېقىنقى زامانغا قەدەر ئافرىقىنىڭ چەت جايلىرىدا سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ نامىغا ئاتاپ خۇتبىلەر ئوقۇلىدۇ. غەربلىكلەر تەرىپىدىن «پانئىسلامىزىم» دەپ ئاتالغان بۇ سىياسەت دۆلەتنىڭ رەسمىي ئىدىئولوگىيىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇ بولسا، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ 1839- يىلىدىكى تەنزىمات پەرمانى، 1856- يىلىدىكى ئىسلاھات پەرمانى ۋە 1876- يىلىدىكى قانۇنىي ئەساسىي بىلەن دۆلەتكە ھۆكۈمران قىلىشنى ئارزۇ قىلغان غەرب پىكرىنىڭ بىر چەتكە قايرىپ قويۇلۇشى دېگەنلىك بولاتتى. تەنزىمات پىكرى بويىچە تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىققان يېڭى ئەۋلادلار ئىچىدە ئابدۇلھەمىدكە قارشى كۈچلۈك ئۆكتىچىلىك تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. بۇ مەقسەتتە

«ئىتتىھاد ۋە تەرەققىي (بىرلىك ۋە تەرەققىيات)» ناملىق بىر ئۈكتىچى جەمئىيەت قۇرۇلىدۇ. ئابدۇلھەمىدنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەلتەنەت يىللىرى جەريانىدا بۇ جەمئىيەت خەلقنىڭ خېلىلا كۈچلۈك دەرىجىدە قوللىشىغا ئېرىشىشكە باشلايدۇ. ئومۇمەن ماكېدونىيەدىكى ئۈچىنچى ئارمىيە سېپىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ياش ئوفېتسىرلاردىن تەشكىل تاپقان بۇ جەمئىيەت، تۆۋەن مائاشلىق ئوفېتسىرلار مائاشلىرىنى ئالالمىغاندىن كېيىن، مەشرۇتىيەت نامى ئاستىدا ئىسيان كۆتۈرىدۇ ۋە 1908- يىلى ئابدۇلھەمىدكە مەشرۇتىيەتنى ئېلان قىلدۇرىدۇ. بۇ ۋەقەنى بىر تارىخچى، «سۇلتان ھەمىد، ئوفېتسىر مائاشلىرىنى ۋاقتىدا بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تەختتىن چۈشتى» دەپ ئىزاھلايدۇ. ئابدۇلھەمىد، 1909- يىلى ئاپرېل ئېيىدا تەختتىن چۈشۈرۈلىدۇ.

........................................................................................

ئىككىنچى ئابدۇلھەمىدنىڭ سەلتەنىتى بويىچە تاشقى سىياسەتنى ئەڭ ياخشى ئىدارە قىلغانلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇ، مۇۋازىنەتنى ساقلاپ قېلىش سىياستى ئارقىلىق ئۇزۇن يىللار بويىچە ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. 1899 - 1907- يىللىرى ئارىسىدا ئىستانبۇلدا ئەنگلىيەنىڭ باش ئەلچىسى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن سىر نىكولاس ئوكونىور، ياۋروپانىڭ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قالغان ئەڭ چوڭ ئامىلنىڭ سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ دىپلوماتىيىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. فرانسىيەنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بومپارد بولسا، سۇلتان ئابدۇلھەمىدنى ياۋروپانىڭ ئەڭ رېئالىست دىپلوماتى دەپ تەرىپلەيدۇ.

سۇلتان ئابدۇلھەمىد ئىچكى سىياسەتتە بولسا، ھەممىدىن بەك مائارىپ ساھەسىدە ئۆتۈملۈك قەدەملەرنى باسىدۇ. 1876- يىلىدىكى تۇنجى ئاساسىي قانۇننىڭ روھىغا ئاساسەن، پۈتۈن ئىمپېراتورلۇق تەۋەلىكىدە باشلانغۇچ مائارىپنى مەجبۇرىي ھالغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ دەۋرىدە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى ئالتىدىن

9347 گە چىقىرىلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانى 227 دىن 619 غا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانى 5 تىن 109 غا چىقىرىلىدۇ. قانۇن، باشقۇرۇش، پۇقرالار ئۇچۇن ئىنژېنېرلىق پاكولتېتلىرى، گۈزەل سەنئەت، ئورمانچىلىق ۋە زىرائەت پاكولتېتلىرىدىن باشقا، 33 ئايرىم ئوقۇتقۇچىلار مەكتىپى ئېچىلىپ، مائارىپنىڭ ئومۇملىششى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. يۈزلەرچە ئوفېتسىر، دوختۇر ۋە باشقا كەسىپتىكى كىشىلەر، فىرانسىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. نەتىجىدە ھەم شەرق ھەم غەرب كۈلتۈرىنى قوبۇل قىلغان يېڭى بىر ئەۋلاد يېتىشتۈرۈپ چىقىلىدۇ. ھازىرقى كۈندىكى ئارخېئولوگىيە مۇزېيى، بەيازىت كۇتۇبخانىسى، يۇلتۇز ئارخىپ ۋە كۇتۇبخانىسمۇ ئۇنىڭ دەۋرىدە روياپقا چىقىرىلغان قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلاردۇر.

ئىستانبۇل، سەلانىك، ئىزمىر، بېيرۇتقا ئوخشاش مۇھىم پورت شەھەرلەردە توك بىلەن ماڭىدىغان تىرامۋايلار، تېلېفون ۋە ئاپتوموبىللار كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئىستانبۇل -باغداد تۆمۈر يولى قورۇلۇشى گېرمانلارغا ھۆددىگە بېرىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق پۈتكۈزىلىدۇ. تۆمۈر يولى ھىجازغىچە يەتكۈزۈلىدۇ. تاماكا ۋە قەھۋە خومارى بار بولغان ئابدۇلھەمىد كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالمايدىغان ناھايىتى كۈچلۈك تۇتىۋېلىش قابىلىيىتى بىلەن گېرمانىيە ئىمپېراتورى ئىككىنچى ۋىلھېلم، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى سابىق پىرېزىدېنتى گېنىرال گرانت، ئىران شاھى ناسىرۇددىنغا ئوخشاش مەشھۇر دۆلەت ئەربابلىرىنى ئىستانبۇلدا كۈتىۋالىدۇ. گېرمانىيە ئىمپېراتورى ۋىلھېلمنىڭ زىيارىتىدىن قالغان گېرمان چەشمىسى زامانىمىزغا قەدەر مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ياغاچچىلىقتا يېتىشكەن بىر سەنئەتكار ھېسابلىنىدىغان ئابدۇلھەمىد، ماكياۋېللىنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. تىياتىرنى ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد، يۇلتۇزدىكى ساراي تىياتىرىدا ئوپېرا ۋە باشقا سەنئەت تۈرلىرىنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. 1909- يىلدىن 1912- يىلغىچە سەلانىكتە، 1918- يىلى 10- فېۋرال كۈنىگىچە بەيلەر بەيى (بەگلەر بېگى) سارىيىدا ياشىغان سۇلتان ئابدۇلھەمىد ئارقىدا،

شىشلىدىكى ئەتفال (باللار) دوختۇرخانىسى، دارۇل ئەجەزە (ياشانغانلار پاراۋانلىق ئورنى)، يېڭى پوچتىخانا، ھەمىدىيە سۇلىرى مۇئەسسەسەسى ۋە ھەمىدىيە نامى ئاستىدىكى ناھايىتى كۆپ مەكتەپ، بۇلاق، جامە، لاگېر ۋە يېزىلارنى قالدۇرۇپ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ قىرىق توققۇزىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

Yılmaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986·

Cevdet Küçük, "II· Abdülhamit" TDVtA, ol·

Osmanlı, c· 12·

Necdet Sakaoğlu, Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999·

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى-50

## ئىككىنچى مەشرۇتىيەت ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئىككىنچى مەشرۇتىيەت (1908- 1918)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئىككىنچى مەشرۇتىيەت (1908- 1918)»

1908- يىلى 23- ئىيۇل كۈنى ئىككىنچى مەشرۇتىيەتنى ئېلان قىلىدىغان چاغقا كەلگەندە، ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد سەلتەنىتىنىڭ 32- يىلىغا قەدەم باسقانىدى. ئۇ، تەختتە ئولتۇرغان 32 يىلىنىڭ 30 يىلىنى

ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمدارلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. پەقەت دەسلەپكى ئىككى يىلدا بىرىنچى مەشرۇتىيەت ئېلان قىلىنىدۇ، 1876 - يىلى قانۇنى ئەساسىي دەپ ئاتىلىدىغان تۇنجى تۈرك ئاساسىي قانۇنى ئىجرا قىلىنىشقا باشلايدۇ ۋە تۈرك تارىخىدا تۇنجى قېتىم خەلق تەرىپىدىن سايلانغان بىر مەجلىس تەشكىل قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۈرك دېموكراتىيە تارىخىمۇ باشلانغان بولىدۇ. لېكىن ئابدۇلھەمىد ، تۇنجى ئوسمانلى مەجلىسى (پارلامېنتى) نى تەشكىل قىلغان پارلامېنت ئەزالىرى ئارىسىدىكى غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ نىسبىتىنى دىققەتكە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مەجلىسنى ۋەتەنىنىڭ پارچىلىنىشى ئۈچۈن سۈيىئىستىمال قىلىنىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. 1877 - 1878 - يىللىرىدىكى ئوسمانلى -رۇس ئۇرۇشى مەجلىسنى تاقىۋېتىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇ، شۇ كۈندىن كېيىنكى 30 يىل بويىچە دۆلەتنى گويا بىر روما ئىمپېراتورىدەكلا ئىدارە قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ 30 يىللىق سەلتەنەت دەۋرى ئومۇمەن تىنچلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان، باياشاتلىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇ 30 يىل، مۇستەبىتلىك ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر بولىدۇ.

بۇنچىلىك ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان ئەڭ ياخشى سەلتەنەتلەرمۇ پىسخىك جەھەتتىن نارازىلىق ۋە زېرىكىش تۇيغۇسى يارىتىدۇ. مەسىلەن، ئوسمانلى تارىخىنىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرى دەپ قوبۇل قىلىنىدىغان قانۇنى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدىمۇ ئۇنىڭ 46 يىللىق سەلتەنىتىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ھەم ئوسمانلى خانىدانلىقىنىڭ ئىچىدە ھەم خەلقنىڭ بىر قىسىم قاتلاملىرى ئىچىدە قىينىچىلىقلار تۇغۇلۇشقا باشلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد دەۋرى قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ دەۋرىگە ئوخشىمايتتى ۋە دۆلەتنىڭ 19 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرگە ئۆتۈش جەريانى تەقەززا قىلغان يېڭىلىقلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كۈچى ئاجىزلاشماقتا، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ دۇنيا سىياسىتىدىكى پېيى ۋە قۇدرىتى بارغانچە ئازايماقتا ئىدى.

ۋەزىيەتتىن نارازى كىشىلەر، دۆلەتنى پەقەت يېڭى ئاساسىي قانۇن ۋە تەشكىل قىلىنىدىغان بىر پارلامېنت ئارقىلىقلا قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى ۋە بۇنى «تاجلىق دېموكراتىيە پىكرى» دەپ ئاتىشاتتى.

ھەم سۇلتان ھەم مەشرۇتىيەت تەرەپدارلىرى يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى ، ئارمىيەنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلۇشىغا قارشى ئەمەس ئىدى ، ھەر ئىككى گۇرۇپپا ۋەزىر ياكى سۇلتانىنىڭ ئېغىزىدىن چىققىدىغان بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا كىشىلەرنىڭ سوتلانماستىنلا دارغا ئېسىلىشىغا قارشى ئىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ھەممە تەنزىماتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلاردا ھەم پىكىر ئىدى. لېكىن سۇلتان ئاساسىي قانۇننى رەسمىيەت جەھەتتىن بىكار قىلىپ ، ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنۋاتقان بولسىمۇ ، زىيالىيلارنىڭ مەجلىس (پارلامېنت) ئېچىش پىكىرىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇراتتى. خەلقنىڭ مەجلىس ئارزۇسى بولمىغان ئۇ دەۋردە ، ياش زىيالىيلار مەجلىسلىك تۈزۈمدىكى بىر ئىمپېراتورلۇقنىڭ شەكىللىنىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرى سايلام ئارقىلىق ياش ۋاقتىدىلا مەجلىسكە كىرىش ۋە بۇ سايىدا سۈرئەت بىلەن ئۆسۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان زىيالىيلار بولسا ، ھەر خىل مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان پارلامېنت ئەزالىرى ئارقىلىق چەت دۆلەتلەرنىڭ قولىلىشىغا ئېرىشىپ ، دۆلەتنى پارچىلاش پىكرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، ھاكىمىيەتنى ياشلار بىلەن بىرلىكتە ئىدارە قىلىشنى خالىمايتتى ، توغرىسى ئورۇنلىرىنى ئېخىمۇ ئۈزۈن مەزگىل ساقلاپ قېلىشنى پىلانلىماقتا ئىدى.

........................................................................

سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ دۆلەتنى پەقەت مەشرۇتىيەتنىڭ پىرىنسىپلىرىغىلا ئەمەس ، پات ـ پات تەنزىماتنىڭ ئاساسلىرىغىمۇ زىت ھالدا ئىدارە قىلىشى ئۇنىڭغا قارشى پەيدا بولۇشقا باشلىغان ئۆكتىچىلەرنى ئېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ، ئىمپېراتورلۇقنى پەقەت قەدىمكى روما تۈزۈمى ئارقىلىقلا قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدۇ ، دەپ قارايتتى. ھالبۇكى ئۇ دەۋردە ، 1905 - يىلى رۇسىيەدە چار ۋە شاھنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى تارايتقان پارلامېنتلار ئېچىلغانىدى. مانا بۇ خىل پىسخىك تۈيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئوسمانلى دۆلىتى زىيالىيلىرى ئارىسىدا ، مەيلى ئىسلامچى مەيلى ئوسمانلىچى مەيلى تۈركچى بولسۇن ۋەياكى سانلىرى ئازراق بولسىمۇ ئاشقۇن ۋە سولچىل ئىدىيىدىكى زىيالىيلار بولسۇن ، دۆلەتنى پەقەت مەشرۇتىيەت بىلەنلا قۇتقۇزۇپ

قالغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىدە ھەمپىكىر ئىدى. بۇ پىكىر بىرلىكى ئابدۇلھەمىدكە قارشى ناھايىتى زور ئۆكتىچىلەر ئېقىمىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ئىشارىتى ئىدى. ئابدۇلھەمىد، ئۆكتىچىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق ۋە خەلىپىلىك ناملىرىنىمۇ سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ. قانۇنى ئۇسۇللار ئارقىلىق مەشرۇتىيەتنى ئېلان قىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئۆكتىچىلەر، مەخپىي شەكىلدە تەشكىللىنىپ، بۇ ئىشنى كۈچكە تايىنىپ ھەل قىلىش مەسىلىسى بويىچە بىرلىك ھاسىل قىلىدۇ.

ئۆكتىچىلەرنى ئاساسەن دېگۈدەك ئىتتىھاد ۋە تەرەققىي (بىرلىك ۋە تەرەققىيات) جەمئىيىتى تەشكىللەيدۇ. 1890 - يىلى ئارمىيە ۋە ھەربىي تېببىي پەنلەر ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا قۇرۇلغان بۇ تەشكىلات، كۈرىشىنى ئابدۇلھەمىد ھاكىمىيىتىگە قارشى مەركەزلەشتۈرىدۇ. 1897 - يىلى نازارەت قىلىنىشقا باشلىغان بۇ جەمئىيەتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى جازاغا تارتىلىدۇ، بىر قىسىم ئەزالىرى چەت ئەللەرگە، بولۇپمۇ پارىژغا كېتىپ، كۈرەشلىرىنى شۇ يەرلەردە داۋاملاشتۇرىدۇ. لېكىن سۇلتان ئابدۇلھەمىد، ئەتراپىدىكى ئىتتىھادچىلارغا ھوقۇق ـمەنسەپ ۋە مائاش بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئەھمەد رىزا بەگكە ئوخشاش ئىتتىھادچىلار سۇلتان بىلەن تىنچلىق ئورنىتىشنى رەت قىلىپ، مۇجادىلىلىرىنى «مەشۋەرەت (مەسلىھەت، كېڭەش)» ناملىق گېزىتنى چىقىرىش ئارقىلىق داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆپ ساندا ئەرەب، فىرانسۇز، ئىنگلىز، ئەرمەن ۋە ئالبان تىللىرىدا ئىتتىھاد ۋە تەرەققىي جەمئىيىتى تەرەپدارى گېزىتلەر نەشر قىلىنىشقا باشلايدۇ. 1899 - يىلى ئابدۇلھەمىدنىڭ ھەمشىرىسى سەنىھا سۇلتاننىڭ يولدىشى مەھمەت جالالۇددىن پاشانىڭ ئوغلى شاھزادە ساباھۇددىنى ئېلىپ چەت ئەلگە چىقىشى، شۇ چاغدا 25 ياشتا بولغان شاھزادە ساباھۇددىنىنىڭ ئىنگلىزلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، يەرلىك ئورگانلارنىڭ كۈچلەندۈرۈلۈشى پىكرىنى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئىدىيىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى ناھايىتى كۆپ ساندىكى غەيرى مۇسۇلمان ئوسمانلى

پۇقراسىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە بۇ ئۆكتىچىلەرنى قوللىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

..................................................................................................

لېكىن ئىككىنچى مەشرۇتىيەتنى ئېلان قىلغانلار، ماكېدونىيەدىكى ئۈچىنچى ئارمىيەگە مەنسۇپ ياش ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسىرلاردىن تەشكىل تاپاتتى. بۇ ئوفىتسىرلار، قۇرئان، بايراق ۋە قورالنىڭ ئۈستىگە قەسەم قىلىپ، كۆزلىرى تېڭىلغان ھالدا جەمئىيەتكە كىرەلەيتتى. بۇيرۇقلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئارمىيە قوماندانلىرىدىن ئەمەس، كومىتېت ھەيئىتىدىن ئالاتتى. بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغانلار ئۆلتۈرۈلەتتى. ئۈچىنچى باتالىيوننىڭ تامامەن دېگۈدەك بارلىق ئەسكەر ۋە ئوفىتسىرلىرى جەمئىيەتكە ئەزا بولغانىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسىرلارنىڭ جەمئىيەتكە ئەزا بولۇشى ئارزۇ قىلىنمايتتى. چۈنكى ھاكىمىيەتنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسىرلار ئەمەس، ئۆزلىرى قولغا ئېلىشنى خالايتتى. ئىتتىھاد ۋە تەرەققىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ئەزالىرى سەلانىكتىكى بىر پوچتىخانىدا مەمۇر بولۇپ ئىشلەيدىغان تالات ئەپەندى، مىڭبېشى ئەنۋەر بەگ، تەجرىبىلىك يۈزبېشى نىياز ئەپەندىلەر بولۇپ، بۇلار كۆزلىرى ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان، پائالىيەتلەرگە پۈتۈن كۈچى بىلەن بېرىلىدىغان كىشىلەر ئىدى. بۇلار، يۇقىرى دەرىجىلىك باتالىيون خىزمەتچىلىرىنى سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئۈچىنچى باتالىيوننىڭ كونتروللۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالدى.

نىيازى ۋە ئەنۋەر  بەگلەرنىڭ ماكېدونىيەدىكى قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە تاغقا چىقىۋېلىپ، سۇلتان مەشرۇتىيەتنى ئېلان قىلمىغان تەقدىردە ئىسيان كۆتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقلىرىنى جاكارلاشلىرىدىن كېيىن، سۇلتان ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئانادولۇدىن ھەربىي قىسىملارنى يولغا سالىدۇ. لېكىن بۇ قىسىملارنىڭمۇ ئىتتىھادچىلارغا قوشۇلۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئىسيان ئومۇمىيۈزلۈك خەلق ھەرىكىتىگە

ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچىنچى باتالىيوننىڭ خېلى كۆپ قىسمى بۇ ھەرىكەت سېپىدىن ئورۇن ئالدۇ ۋە ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد 1908- يىلى 23- ئىيۇل كۈنى ئاساسىي قانۇننى قايتىدىن كۈچكە ئىگە قىلغانلىقىنى جاكارلاش ئارقىلىق ئىككىنچى مەشرۇتىيەتنى ئېلان قىلىدۇ. شۇ يىلى نويابىر ئېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن سايلاملار نەتىجىسىدە ئوسمانلى مەبۇسان مەجلىسى تەشكىل قىلىنىدۇ ۋە پارلامېنتلىق تۈزۈم قايتىدىن يولغا قويۇلغان بولىدۇ. لېكىن ئىتتىھاد ۋە تەرەققىي 1909- يىلى 31- مارتتا ئىستانبۇلدا كۆتۈرۈلگەن بىر قېتىملىق قوزغىلاڭنى سەۋەب قىلىپ دۆلەتنىڭ بارلىق ئورگانلىرىغا ھۆكۈمران بولىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن ئەنۋەر، جەمال ۋە تالات قاتارلىق ئۈچ كىشى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلىنىدۇ. ئىمپېراتورلۇق تەۋەلىكىدىكى ئابدۇلھەمىدكە قارشى پەرقلىق مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىشى پىكرىنى تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئىتتىھادچىلار ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن، مەزكۇر مىللەت ۋە ئېقىملارنىڭ ئاپتونومىيە ۋە مۇستەقىللىق ئىستەكلىرىگە قارشى تۈركچىلىك سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشقا باشلايدۇ.

دېموكراتىيەنى يولغا قويۇش ئۈچۈن مەشرۇتىيەتنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغان ئىتتىھاد ۋە تەرەققىي، ئىمپېراتورلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر پارتىيە دېكتاتورىيىسىگە ئايلىنىدۇ. ئوسمانلى دۆلىتىنى، قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈش ۋەدىسى بىلەن، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانلار بىلەن بىر سەپتە ئۇرۇش قىلدۇرىدۇ. ئۆز دەۋرىنىڭ شەرت-شارائىتلىرىغا مۇۋاپىق بولمىغان ئىدېئالىست سىياسەتلەر بىلەن ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئانادولۇ ۋە بالقان رايونلىرىدا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىزدەشكە باشلايدۇ. بۇ مەقسەتتە ئەنۋەر قوماندانلىقى ئاستىدىكى 150 مىڭ كىشىلىك ئوسمانلى قوشۇنىنىڭ 90 مىڭ ئەسكىرى بىر پاي ئوق ئاتماستىن سارىقامىشتىكى «ئاللاھۇ ئەكبەر» تاغلىرىدا توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئىمپېراتورلۇق بولسا، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئەسناسىدا پارچىلىنىدۇ ۋە ئانادولۇ ئىشغال قىلىنىشقا باشلايدۇ. ئىككى مىليون سەككىز يۈز ئەللىك مىڭ ئەسكەر بىلەن كىرىلگەن ئۇرۇشتىن بەش يۈز ئاتمىش مىڭ ئەسكەر بىلەن چىقىلىدۇ. ئەنۋەر، جەمال ۋە تالات قاتارلىقلار

ئىككىنچى مەشرۇتىيەت ئارقىلىق دۆلەتكە ئېلىپ كەلمەكچى بولغان دېموكراتىيە پىكرىنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنى پارچىلىۋەتكەندىن كېيىن 1918 - يىلى گېرمان پاراخوتلىرىغا ئولتۇرغان ھالدا ئىشغالىيەت ئاستىدىكى دۆلەتلىرىدىن ئايرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككىنچى مەشرۇتىيەت دەۋرى ئاخىرلىشىدۇ ۋە ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن تەجرىبىسىزلىك «جۇمھۇرىيەت» نى قۇرغانلار ئۈچۈن تەجرىبە بولۇپ قالىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىككىنچى مەشرۇتىيەت جۇمھۇرىيەتنىڭ تەجرىبىخانىسىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ ۋە ئانادولۇ تۈركچىلىكىنى مەركەز قىلغان جۇمھۇرىيەتنىڭ قورۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولىدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئەللىكىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Yılmaz Öztuna, Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986·

Şükrü Hanioğlu, "Meşrutiyet" TDVİA, e29·

Şükrü Hanioğlu, "İttihat ve Terakki Cemiyeti" TDVİA, c· 23·


## ئوسمانلى سۇلتانلىرى- 51

بەشىنچى مەھمەت رەشات ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى: «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «بەشىنچى مەھمەت رەشات (1909 - 1918)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«بەشىنچى مەھمەت رەشات (1909 - 1918)»

ئوسمانلى پادىشاھلىرىنىڭ ئوتتۇز بەشىنچىسى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئارقىدىن سانىغاندا ئىككىنچىسى بولغان سۇلتان رەشات 1844 - يىلى 2 - نويابىر كۈنى ئىستانبۇلدىكى چىراغان سارىيىدا دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ، سۇلتان ئابدۇلمەجىدنىڭ بەشىنچى مۇرات ۋە ئىككى ئابدۇلھەمىدتىن كېيىن پادىشاھ بولغان ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، بالىلىق مەزگىللىرىنى ئاتىسى ۋە تاغىسى ئابدۇلئەزىزنىڭ سەلتەنىتى دەۋرىدە ئەركىن-ئازادىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. بۇ يىللاردا ئەرەب، پارىس تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ ۋە غەرب مۇزىكىلىرى بويىچە دەرس ئالىدۇ. لېكىن ئاكىسى ئىككىنچى ئابدۇلھەمىدنىڭ 33 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان سەلتەنىتى بويىچە سارايدا نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرىلىدۇ. يېقىن-يۇرۇقلىرىدىن باشقا كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشى ۋە ئالاقە ئورنىتىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. 30 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان نازارەت ئاستىدىكى ۋەھىملىك ھاياتى ئۇنىڭ خاراكتېرىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. سۇلتان بولغان چېغىدا باش كاتىپى بولغان مەشھۇر ئەدىب خالىت زىيا (ئۇشاقلىگىل) ئۇنىڭ ناھايىتى ئىقتىسادچان ئىكەنلىكىنى، يەردە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، سارايىنىڭ چىقىم ۋە مائاشلىرىنى ئىنچىكە ھېسابلىدىغاندىن كېيىن تارقىتىپ بەرگەنلىكىنى، بۇنداق چىڭ بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ 30 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان تەخت ۋارىسلىق مەزگىلىدە باشتىن كەچۈرگەن مەھرۇمىيەتتىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

1909 - يىلى، ئىككىنچى مەشرۇتىيەتكە قارشى ئىستانبۇلدا كۆتۈرۈلگەن 31 - مارت ئىسيانى ئاخىرلىشىپ، ئاكىسى ئابدۇلھەمىد پادىشاھلىقتىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ سەلانىكقا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، 1909 - يىلى 27 - ئاپرېلدا تەختكە ئولتۇرىدۇ. 31 - مارت ئىسيانىنى باستۇرغان ئىتتىھاد ۋە تەرەققىي تەرەپدارى ئارمىيە، سەلانىكتىن كېلىپ ئىستانبۇلنىڭ كونتروللۇقىنى قولغا كىرگۈزىدۇ. ئىتتىھادچىلار بۇ

ۋەقەگە ئىستانبۇلنىڭ "ئىككىنچى قېتىم پەتھى قىلىنىشى"دەپ باھا بېرىدۇ. بۇ ھادىسىدىن كېيىن ھەققىي ئىسمى رەشات بولسىمۇ، ئىتتىھاد ۋە تەرەققى جەمئىيىتى تەرەپدارلىرى يېڭى سۇلتانىنى ئىستانبۇلنىڭ پاتىھىنىڭ ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ «مەھمەت» دەپ ئاتايدۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن، پادىشاھ بەشىنچى سۇلتان مەھمەت رەشات خان دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ.

بەشىنچى مەھمەت 1909 - يىلى تەختكە ئولتۇرغان چېغىدا 65 ياشتا ئىدى. نە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، نە كېيىن بۇ ياشتا ئوسمانلىلىنىڭ سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇرغان بىرى كۆرۈلمىگەنىدى، يەنى بەشىنچى مۇرات تەختكە ئولتۇرغان ئەڭ ياشانغان پادىشاھ ئىدى. بەشىنچى مەھمەتنىڭ ئاكىسى ئىككىنچى ئابدۇلھەمىدنىڭكىدەك دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىسى يوق بولۇپ، دۆلەت ئەنئەنىلىرىگە بولغان پىكىرلىرى ئۇقتىسىدىنمۇ ئۇنىڭدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاساسىي قانۇنلۇق ۋە پارلامېنتلىق تۈزۈمگە تايىنىدىغان بىر دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىبىسىگە سىمۋوللۇق قىلىدىغان رەھبىرى بولۇشنى تامامەن قوبۇل قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل تەرەپلىرىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىتتىھاد ۋە تەرەققىي پارتىيەسىمۇ ئۇنىڭ سۇلتان بولۇشىدا مەسىلە بار دەپ قارىمايتتى. دەرۋەقە سۇلتان مەھمەت رەشات پاشا ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق مەزگىلىدە ئىتتىھاد ۋە تەرەققىينىڭ پائالىيەتلىرىگە قارشىلىق كۆرسەتمەيتتى، ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن ھەر تۈرلۈك قانۇنلارنى تەستىقلاۋېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، تارىخچىلار، ئوسمانلى تارىخىدىكى ھەققىي مەنىدىكى ھۆكۈمدارلىق ئىككىنچى ئابدۇلھەمىدنىڭ سەلتەنىتى بىلەن ئاخىرلاشقان دېگەنلەرنى قەيت قىلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئىتتىھادچىلار سۇلتانىنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك ھوقۇقى سالاھىيىتى ۋە خەلىپىلىك سۈپىتىدىن پايدىلىنىشنىمۇ بىلگەنىدى. مەسىلەن، ئالبانىيەدە مەيدانغا كەلگەن بىر قېتىملىق ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، سۇلتان 1911 - يىلى رۇمېلىگە ساياھەتكە چىقىدۇ. بۇ مەقسەتتە 6 - ئىيۇن كۈنى باربارۇس ناملىق بىر ھەربىي پاراخوت بىلەن ئىستانبۇلدىن قوزغىلىپ، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سەلانىك پورتىغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يەردىن ھەمرالىقىدىكى دۆلەت ئەربابلىرى

بىلەن بىرلىكتە ئىرەنەگە ئۇلتۇرۇپ ئۈسكۈپكە كىرىدۇ. 16 - ئىيۇن كۈنى كوسوۋادا سۇلتان بىرىنچى مۇرات شېھىت بولۇپ كەتكەن يەردە يۈز مىڭ ئالبانىيەلىك بىلەن بىرلىكتە جۈمە نامىزىنى ئوقۇيدۇ. يول بويلىرىدا يۈز مىڭلارچە ئالبانىيەلىك پادىشاھنى كۆرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئارمىيە قورال كۈچى بىلەن باستۇرالمىغان ئىسيان، ئوسمانلى پادىشاھىنىڭ ئالتە يۈز يىللىق ھۆرمەت - ئېتىبارى بىلەن پەسكۈيغا چۈشىدۇ.

....................................................................

لېكىن سۇلتان بەشىنچى مەھمەتنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئۆزىنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئىرادىسى قەتئىي ئىدى. بۇ يېڭى چۈشەنچىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەن ئىتتىھاد ۋە تەرەققىي پارتىيەسىنىڭ تەجرىبىسىزلىكى بىلەن بىرلىششى نەتىجىسىدە ئوسمانلى دۆلىتى سۇلتان مەھمەت رەشات پاشا دەۋرىدە ناھايىتى كۆپ مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. بۇ قاتاردا لىۋىيەدىكى ترابلۇس غەرب، بالقان ئۇرۇشلىرى ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. 1911 - يىلى ئىتالىيەلىكلەر شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئوسمانلى زېمىنى بولغان ۋە ھازىرقى لىۋىيەنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ترابلۇس غەرب ئۆلكىسىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. بۇ ئىشغالىيەتكە قارشى، ئۇ چاغلاردا يۈز بېشى ۋە مىڭ بېشى ئۇنۋانلىرىغا ئىگە بولغان مۇستاپا كەمال (ئاتاتۈرك)، ئەنۋەر ئەپەندى (پاشا) ۋە فەتھى بەگ (ئوقيار) غا ئوخشاش ئوسمانلى ئوفېتسىرلىرى لىۋىيەگە بېرىپ، يەرلىك خەلقنى تەشكىللەيدۇ ۋە ئىتالىيەلىكلەرنىڭ دېڭىز ساھىلىدىن شەھەرگە قاراپ ئىلگىرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. لېكىن 1912 - يىلى بالقان ئۇرۇشى يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئوفېتسىرلار ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىستانبۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. تۈرك تارىخىنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋەقەلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان بالقان ئۇرۇشىمۇ بەشىنچى مەھمەت دەۋرىدە يۈز بېرىدۇ.

ئوسمانلىلاردىن يېڭىلا مۇستەقىل بولغان بۇلغارىيە، سېربىيە - قاراتاغ ۋە گىرېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر

ئوسمانلىغا قارشى بىرلىكسەپ تۈزۈپ، ئۇرۇش باشلايدۇ. پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئوسمانلى دۆلىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇرۇشنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بۇ مەقسەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ چوڭ دۆلەتلىرى، ئۇرۇش جەريانىدا قولغا كىرگۈزۈلگەن زېمىنلارنىڭ دائىرىسى قانچىلىك بولسا بولسۇن، ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشىدۇ. لېكىن ئۇرۇش ھەرگىزمۇ كۈتۈلگىنىدەك ئاخىرلاشمايدۇ. بۇ يەردە، ئوسمانلى ئارمىيىسى ئىچىدىكى ئىتتىھادچى ئىدىيە بېغىشلىغان پارتىزانلىق روھى نەتىجىسىدە ئوسمانلى ئوفىتسىرلىرىنىڭ بىر ـ بىرلىرىگە ياردەم قىلمىغانلىقى ۋە قوماندان ـ ئەسكەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇلغارلار 1912 - يىلى ئوسمانلىنىڭ ئىككىنچى پايتەختى ھېسابلىنىدىغان تارىخىي ئەدىرنە شەھىرىنى، قىرىقلارئىلىنى ئىشغال قىلىدۇ ۋە ئىستانبۇلنىڭ 15 كىلو مېتىر يىراقلىقىغا جايلاشقان چاتالچانى قولغا كىرگۈزىۋالىدۇ. سېرىپلار ئىشكودرا، ماناستىر، ئۈسكۈپكە ئوخشاش بالقان رايونىدىكى تۈرك كۆلتۈرىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان شەھەرلەرنى قولغا كىرگۈزىۋالىدۇ. گىرېكلار بىر پاي ئوق ئاتماستىن سەلانىك شەھىرى بىلەن بىرلىكتە يانىيا ۋە سەرەزگە ئوخشاش تۈرك شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. 1352 - يىلىدىن بۇيان تەخمىنەن 550 يىلغا يېقىن جەريانىدا بالقانلارغا مەدەنىيەت بېغىشلىغان ئوسمانلى كۆلتۈرى تامامەن يوقىتىلىشقا دۇچ كېلىدۇ. بىر مىليوندىن ئارتۇق تۈركچە سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان خەلق ئانادولۇغا كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. بالقان ئۇرۇشلىرىدا ھۆكۈمەتنى كۆرىنەرلىك دەرىجىدە ئۈنۈملۈك ھەرىكەت قىلالمىدى دېگەن پىكىرگە كېلىپ قالغان ئەنۋەر ۋە جەمال بەگ (پاشا) كە ئوخشاش ئوفېتسىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر گۇرۇپپا كىشى ئىستانبۇل ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى بولغان بابى ئەلىگە بېسىپ كىرىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنۋەر، جەمال ۋە تالات قاتارلىق ئۈچ كىشى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمدارلىرىغا ئايلىنىدۇ. ئەنۋەر پاشالىققا ئۆستۈرۈلۈپ، ئارقىدىن مۇداپىئە

مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىدۇ، جەمالمۇ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولىدۇ. 1913 - يىلى ئىككىنچى بالقان ئۇرۇشى ئەسناسىدا ئەدىرنە بۇلغارلارنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىنىدۇ.

.............................................................................................

ئەنۋەر، جەمال ۋە تالات باشقۇرۇشىدىكى ئىتتىهاد ۋە تەرەققىي دائىرىلىرى سۇلتان بەشىنچى مەھمەتنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي تۇرۇپلا، مىدىللى ۋە ياۋۇز ناملىق ئىككى گېرمان بىرونىۋېك قىسىملىرىغا رۇسىيە پورتلىرىنى بومباردىمان قىلدۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوسمانلى دۆلىتى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى قاينىمىغا ئىتتىرىلىدۇ. ئىتتىهاد ۋە تەرەققىي بۇلار بىلەن بىرلىكتە پادىشاھنىڭ نامىدىن «رەشادىيە ئالتۇنلىرى» نى بېسىپ بازارغا سالىدۇ. يېڭى پاراخوت ۋە بىرونىۋېكلار بىلەن ئانادولۇدا قۇرۇلغان بەزى مەھەللە، يېزا ۋە ئاھالىلەر رايونلىرىغا «رەشادىيە» دەپ نام بېرىپ، كۆرۈنۈشتە سۇلتاننى ئۇلۇغلايدۇ-يۇ، ئۇنىڭدىن بىخەۋەر ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى قىلىشتىنمۇ چېكىنمەيدۇ. سۇلتان بەشىنچى مەھمەت رەشات، دۆلەت ئىشلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئەيىبلىگەنلەرگە «مەشرۇتىيەت تۈزۈمىدە مەن ھەممە ئىشقا ئارىلىشىدىغان بولسام، ئۇ ھالدا قېرىندىشىم (ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد) نىڭ نېمە گۇناھى بار ئىدى؟» دەپ جاۋاب بېرىش ئارقىلىق مەشرۇتىيەتنى "پادىشاھنىڭ ھېچبىر ئىشقا ئارىلاشماسلىقى"دەپ چۈشىنىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. ئىتتىهادچىلارنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن بايانات چىقىرىپ ئۇرۇش ئېلانىنى ماقۇللايدۇ. 1915 - 1916 - يىللىرى مەجلىستە قىلغان سۆزلىرىدە چاناققەلئە ۋە ئىراق ئالدىنقى سەپلىرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن غەلىبىلەرگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ. لېكىن 1917 - يىلىدىكى مەجلىسنىڭ ئېچىلىش نۇتقىدا غەلىبە ۋە ئۇتۇقلار ھەققىدە ئېغىز ئاچمايدۇ. مەجلىسمۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى «ھەربىئي ئۇمۇمى» دەپ ئاتاشنىڭ ئورنىغا «ئىستىقلال ھەربى (ئۇرۇشى)» دەپ ئاتاشقا باشلايدۇ. سۇلتان بەشىنچى مەھمەت رەشات، ئۇنى ئىتتىهادچىلارغا بويۇن ئەگدى دەپ تەنقىدلىگەنلەرگە سەلتەنەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر

بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەكسىچە بولغاندا ئىتتىھادچىلارنىڭ جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بەشىنچى مەھمەت سىياسي تەلىم - تەربىيەدىن مەھرۇم ۋە تەجرىبىسى يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا يېتەرلىك رول ئوينىيالمايدۇ. ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىشتىراك قىلىنغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دۆلەتنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىنىڭ بىرى بولغان چاناققەلئە ئۇرۇشلىرىدا مىللىي بىرلىك ۋە مىللىي مۇجادەلە روھى جانلىنىدۇ. سۇلتان بەشىنچى مەھمەت رەشات دەۋرىدە دېموكراتىيە پىكرى ئىجرا قىلىنىشقا باشلايدۇ، كۆپ پارتىيەلىك سايلاملار ئۆتكۈزۈلىدۇ. 1918 - يىلى 3 - ئىيۇن كۈنى ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، ۋاپاتىدىن 5 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇرۇلىدىغان تۈرك مىللىي دۆلىتىنىڭ ئاساسلىرى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ.

يۇقىرىدا «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىزنىڭ ئەللىك بىرىنچى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Yılmaz Öztuna,Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986·

Şükrü Hanioğlu,"Meşrutiyet TDVİA, c·29

Şükrü Hanioglu,"İttihat ve Terakki Cemiyeti, IDVIA, c·23·

Cevdet Küçük,"Mehmet V" IDVIA, c·28·

Osmanlı, c·12

Necdet Sakaoğlu,‘Bu Mülkün Sultanlar, istanbul 1999·

# ئوسمانلى سۇلتانلىرى- 52

ئالتىنچى مەھمەت ۋەھدەتتىن (1918 - 1922) ۋە ئۇنىڭ قىسقىچە ھاياتى...

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى:«ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك بۆلۈمىدە «ئالتىنچى مەھمەت ۋەھدەتتىن (1918 - 1922)» ماۋزۇلۇق مەخسۇس تېمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز...

«ئالتىنچى مەھمەت ۋەھدەتتىن (1918 - 1922)»

ئالتىنچى مەھمەت سۇپىتى بىلەن تەختكە ئولتۇرغان ۋەھدەتتىن، 1861 - يىلى 4- يانۋاردا ئىستانبۇلدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، سۇلتان ئابدۇلمەجىدنىڭ سەككىز ئوغلىنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدى. سۇلتان ئابدۇلمەجىدنىڭ سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇرغان بەشىنچى مۇرات، ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد ۋە بەشىنچى مەھمەتتىن كېيىن ئوسمانلىنىڭ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغان تۆتىنچى ئوغلىدۇر. ۋەھدەتتىن ئالتە ئايلىق بولغاندا ئاتىسى ئابدۇلمەجىدتىن، تۆت ياشقا كىرگەندە ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. يېتىم ھالەتتە چوڭ بولىۋاتقان ۋەھدەتتىنگە سارايدا مەخسۇس دەرسلەر بېرىلىدۇ. ئۇ ئۆزىمۇ فاتىھ مەدرەسەسىدىن بىر قىسىم دەرسلەرنى ئېلىپ، ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇلاردىن باشقا غەرب مۇزىكىسى بويىچە دەرس ئالىدۇ، پىيانىنو چېلىشنى ئۆگىنىدۇ. تۈرك مۇزىكىسىدە ماھىر مۇزىكانت بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭغا ئائىت 63 ئەسەردىن 41 نىنىڭ نوتىلىرى زامانىمىزدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، مۇزىكىلىرىنىڭ تېكىستلىرىنىڭمۇ كۆپ قىسمى ئۆزىگە ئائىتتۇر. ئۇ يەنە يېتىشكەن خەتتات ئىدى. ئاكىسى ئابدۇلھەمىدنىڭ ئوتتۇز ئۈچ يىل داۋام قىلغان سەلتەنىتى بويىچە باشقا بىر تۇغقانلىرىنىڭ ئەكسىچە ئابدۇلھەمىد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئابدۇلھەمىدنىڭ بىر تۇغقانلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بەك ۋەھدەتتىننى ياخشى

كۆرىدىغانلىقى ۋە ئىستانبۇل چەنگەلكۆيدىكى بىر سارايىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغانلىقى تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇمدۇر. 1916 - يىلى ئوسمانلى تەختىنىڭ ۋارىسى دەپ ئېلان قىلىنغان ۋەھدەتتىن، شۇ يىلى بەشىنچى مەھمەتكە ۋاكالىتەن ئاۋسترىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپېراتورىنىڭ جىنازا مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلىش ئۈچۈن ئاۋسترىيەگە باردى. 1917 - يىلى گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن گېرمانىيەدە زىيارەتتە بولدى. بۇ زىيارەت جەريانىدا گېنېرال ئۇنۋانىدىكى مۇستاپا كامال پاشامۇ بىر ئوسمانلى ئوفىتسىرى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

1918 - يىلى 3 - ئىيۇل كۈنى سۇلتان بەشىنچى مەھمەت رەشات ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوتتۇز ئالتىنچى ئوسمانلى پادىشاھى سۈپىتىدە تەختكە ئولتۇردى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئوسمانلى پادىشاھى بولۇپ قالىدىغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ تەختكە ئولتۇرغان مەزگىللەردە ئوسمانلى دۆلىتى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قالغانىدى. پەلەستىن ۋە سۇرىيە ئالدىنقى سەپلىرىدىكى ئۇرۇشلار مەغلۇبىيەت بىلەن تۈگەللەنگەن، ئانادولۇ خەۋپ ئاستىغا كىرىپ قالغانىدى. پادىشاھنىڭ ماقۇللىشى نەتىجىسىدە 1918 - يىلى 30 - ئۆكتەبىر كۈنى موندروس ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمنى ئىمزالاش ئارقىلىق ئوسمانلى دۆلىتى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن چېكىنىپ چىقدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ۋەھدەتتىن، ئوسمانلى دۆلىتىنى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىن ئەھۋالدىن پەقەت ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىقلا قۇتقۇزۇپ چىققىلى بولىدۇ دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ ۋە ئەنگلىيە دوستلۇقى، فىرانسىيە يېقىنلىقىنى چىقىش قىلىدىغان سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشقا باشلايدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە قاتارلىق ئەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غالىب دۆلەتلىرى تەشكىل قىلغان «ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر» دېڭىز ئارمىيەسى موندروس كېلىشىمى ئىمزالىنىپ ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1918 - يىلى 13 - نويابىر كۈنى ئىستانبۇلغا كېلىپ، قورالللىرىنىڭ ئۈچىنى سارايغا قارىتىدۇ.

.................................................................

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بېسىم ئىشلىتىشى نەتىجىسىدە ۋەھدەتتىن، ئوسمانلى دۆلىتىنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى سېپىگە ئىتتىرگەن ئىتتىهاد ۋە تەرەققىي پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىنى جازالىماقچى بولىدۇ. بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلمىغان مەجلىسى مەبئۇسان (ئوسمانلى پارلامېنتى) 1918- يىلى 21- دېكابىر كۈنى ئىناۋەتسىز قىلىنىپ، 1919- يىلى 13- يانۋار كۈنى ئۇنىڭ ئىستەكلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان بىر ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلدۇرىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن دېگەندەك مەمنۇن بولۇپ كەتمىگەن پادىشاھ، 1919- يىلى 4- مارتتا كىيىئوغۇل فەرىت پاشاغا يېڭى بىر ھۆكۈمەت تەشكىل قىلدۇرىدۇ. چەت دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا ئەرمەنى مەسىلىسىگە چېتىلغان ھالدا بوغازلىيان ھاكىمى كامال بەگ بەيازىت مەيدانىدا دارغا ئېسىلىدۇ. تۈرك خەلقى ۋەھدەتتىن بىلەن ئوخشاش پىكىردە ئەمەسلىكىنى كامال بەگنىڭ جەستى ئۈستىگە تۈرك بايرىقىنى يېپىش ۋە ئۇنىۋېرستېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا مىللىي شېھىت ئۇنۋانىنى بېرىشى ئارقىلىق نامايان قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئىستانبۇلدا تۇرىۋاتقان مۇستاپا كامال پاشا بولسا، ئاۋستىرىيە زىيارىتى جەريانىدا تونۇشقان سۇلتان ۋەھدەتتىندىن پۈتكۈل ئانادولۇ زېمىنىنىڭ ھەر قاتلامدىكى خادىملىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈش سالاھىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توققۇزىنچى باتالىيون تەپتىشلىكى ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، 1919- يىلى 16- ماي كۈنى ئىستانبۇلدىن سامسۇنغا قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

مۇستاپا كامال پاشا ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھاۋزا ۋە ئاماسيا ئۇقتۇرۇشلىرىنى چىقىرىش، ئەرزۇرۇم ۋە سىۋاس قۇرۇلتايلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق مىللىي مۇجادىلىنى دۆلەت مىقياسىدا تەشكىللەش ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. مۇستاپا كامال، ئىستانبۇلدىكى كۆپلىگەن يازغۇچى ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ دەل ئەكسىچە قۇتۇلۇشنىڭ يولى نە پادىشاھلىق تۈزۈم، نە خەلىپىلىك، نە ئىنگلىز ياكى ئامېرىكا تەرەپدارى سىياسىي سىستېمىدا دەپ قارىمايدۇ. ئۇنىڭ تۈرك ۋەتىنىنى پەقەت ۋە پەقەت تۈرك مىللىتىنىڭلا قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى بىئارام قىلىدۇ. بېسىملار كىيىئوغۇل فەرىت

ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستاپا كامالنىڭ سالاھىيەتلىرىنى ئېلىپ تاشلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئاخىرقى ئوسمانلى مەبۇسان مەجلىسى 1920 - يىلى 6 - فېۋرالدا «مىيساقى مىللىي» دەپ ئاتىلىدىغان «مىللىي قەسەم» نى قۇۋۋايى - مىللىيە ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن ئىنگلىزلار بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، 1920 - يىلى 16 - مارتتا ئىستانبۇلنى رەسمىي ئىشغال قىلىدۇ. مىللەتچى رەھبەرلەرنى تۇتقۇن قىلىپ مالتاغا سۈرگۈن قىلىدۇ. ئۇقتۇرۇشلارنى تارقىتىپ، پادىشاھنىڭ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىنىشى كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلارنىڭ جازالىنىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئاخىرقى ئوسمانلى مەبۇسان مەجلىسى (پارلامېنتى) دىن قاچقان پارلامېنت ئەزالىرى ئەنقەرەگە بېرىپ، 1922 - يىلى 23 - ئاپرېل كۈنى «تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى» نى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن ھەقىقىي سالاھىيەت ۋە ھەربىي كۈچ ئەنقەرە ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. بۇ مەجلىس، مۇستاپا كامال پاشانى يېڭى مەجلىسنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاپ، شەرقتە ئەرمەنىلەر، جەنۇبتا فىرانسۇزلار ۋە غەربتە گىرېكلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلارنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ كۈرەش داۋاملىشىۋاتقان مەزگىللەردە ئىنگلىز ئايروپىلانلىرىنىڭ قۇۋۋايى مىللىييەگە قارشى يېزىلغان تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى ئانادولۇ زېمىنلىرىغا تاشلىشىغا ئوخشىغان ئىشلار، ئەنقەرە ھۆكۈمىتى بىلەن پادىشاھ ۋەھدەتتىن ئارىسىدىكى خۇسۇمەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرىۋېتىدۇ.

..........................................................................

سۇلتان ۋەھدەتتىن دەۋرىدە كىيئوغۇل فەرىت پاشا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئانادولۇدىكى تۈركلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، تۈركلەرگە ياشاش ھەققىي بەرمىگەن سەۋرە شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى، تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى تەرىپىدىن ناھايىتى ئېغىر شەكىلدە تەنقىد قىلىنىدۇ. 1920 - يىلى 25 - سېنتەبىردە ئۆتكۈزۈلگەن مەخپىي يىغىندا، پادىشاھنىڭ قانۇنلۇق ئىزباسار ھېسابلانمايدىغانلىقى ۋە خىيانەت قىلىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، سۇلتان ۋەھدەتتىن كىيئوغۇل فەرىت تەرىپىدىن

ئىمزالانغان بۇ كېلىشىمنى تەستىقلىمايدۇ. تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ، ئازادلىق ئۇرۇشىدا ئىنۆنۈگە ئوخشاش ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، پادىشاھ ئىنگلىز ئالىي كومىسسارى رۇمبولدقا مۇستاپا كامال پاشانى بىر ئاسىي دەپ قارايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىر ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. تۈرك ئەسكەرلىرى 1922- يىلى 9- سېنتەبىر كۈنى ئىزمىرنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈپ، مۇدانىيا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمنى ئىمزالىغان بولسىمۇ، پادىشاھنىڭ ئەنقەرە ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى ۋە لوزان قۇرۇلتىيىغا قاتنىششىنى قارار قىلىشى يۈزىسىدىن ئەنقەرە ھۆكۈمىتى 1922- يىلى 1- نويابىردا سەلتەنەتنى بىكار قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 623 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئوسمانلى خاندانلىقى ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

سۇلتانلىق سۈپىتى ئېلىپ تاشلانغان بولۇشىغا قارىماي، تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى مەھمەت ۋەھدەتتىنىنىڭ خەلىپە ئىكەنلىكى ۋە خەلىپىلىك سۈپىتىنىڭ ئوسمانلى خاندانىغا تەۋە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېلان قىلىدۇ. لېكىن ۋەھدەتتىن سەلتەنەتسىز خەلىپىلىك بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ قارارغا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ ۋە مەجلىسنىڭ سەلتەنەتنى بىكار قىلىش قارارى چىقىپ، ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئىنگلىزلارغا ئىلتىماس قىلىپ، ئىستانبۇلدىن يىراقلىششنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 1922- يىلى 17- نويابىر كۈنى مالايا ناملىق بىر ئەنگلىيە پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ ئىستانبۇلدىن ئايرىلىدۇ. پاراخوت ۋەھدەتتىننى مالتا ئارىلىغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى 1922- يىلى 19- نويابىر كۈنى ۋەھدەتتىنگە بېرىلگەن خەلىپىلىك سۈپىتىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ تاشلاپ، جىيەنى ئابدۇلمەجىدنى خەلىپە دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ۋەھدەتتىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۆزىنىڭ سۇلتان ۋە خەلىپە ئىكەنلىكى پىكرىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئەسناسىدا ئوسمانلىغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ، ئۆزىنى ئەرەبىستان پادىشاھى دەپ ئېلان قىلغان شەرىف ھۇسەيىنىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 1923- يىلى 5- يانۋار كۈنى مالتادىن ئايرىلىپ مەككىگە

باردۇ. مەككىدە ئەنقەرە ھۆكۈمىتىگە قارشى بەرگەن باياناتلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمىغاندىن كېيىن، شۋېتسىيەگە كەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئەسنادا شۋېتسىيەدە لوزان قۇرۇلتىيى داۋاملىشۋاتقان بولغاچقا، ئىتالىيەنىڭ سان رېمو شەھىرىگە بېرىشى مۇۋاپىق دەپ قارىلىدۇ. 1923- يىلى 2- ماي كۈنى سان رېموغا بېرىپ ئورۇنلىشىدۇ. 1924- يىلى 3- مارتتا تۈركىيەدە قالغان باشقا ئوسمانلى ئوغۇللىرىنىڭ كۆپ قىسمى سان رېموغا بېرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۇ يەر گوياكى كىچىك بىر ئىستانبۇلغا ئايلىنىدۇ. لېكىن چەكلىك مىقداردىكى مال - مۈلكى ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش خىراجەتلىرىگە يەتمەيدۇ.

1926- يىلى 16- مايدا سان رېمودا ۋاپات بولىدۇ ۋە جىنازىسىنىڭ دەپنە قىلىنىشى ئۈچۈن مۇسۇلمان زېمىنى ئىزدىلىدۇ. ئاخىرىدا دەمەشقتىكى سەلىمىيە جامەسى ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارىلىپ، 1926- يىلى 3- ئىيۇلدا شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ. مەھمەت ۋەھدەتتىننىڭ يېقىنلىرى، ئۇنىڭ ئىشلارغا ئىجابىي قارايدىغان، سەۋرچان بىر خىل خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى، ساراي خىزمەتچىلىرىگە سىلىق - سىپايە ۋە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى، رەسمىي مۇراسىملاردا بولسا، سوغۇق ۋە جىددىي تۈسىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ. غەيۋەت - شىكايەتنى ياخشى كۆرمەيدىغان، دىنىي قائىدە - يوسۇنلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋەھدەتتىننىڭ تەسەۋۋۇرغا باي، قارارسىز، شۇنداقلا تەرسا خاراكتېرلىك بىرى ئىكەنلىكى ۋە ئۆزى ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

شۇنداق قىلىپ، 2011- يىلىنىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدىن باشلاپ ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنۇشقا باشلىغان «ئوسمانلى سۇلتانلىرى» ناملىق پىروگراممىمىزنىڭ ئەللىك ئىككىنچى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى بۆلۈمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنغان بولدۇق! يېڭى يىلدا يېڭى - يېڭى پىروگراممىلار ئارقىلىق ئۇچراشقۇچە ئامان بولۇڭلار...

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

Yılmaz Oztuna,Osmanlı Devleti Tarihi, İstanbul 1986·

Cevdet Küçük,"Mehmed VI" TDVİA, c· 28· TDVİA, c· 28·

Necdet Sakaoğlu,Bu Mülkün Sultanları, İstanbul 1999·